
Salkin.cn
彩丽肯

# ئەما بالا



(بۇ پەقەت ئاشۇ رەسىمگە ئاساسەن ئويدۇرۇپ چىقلغان ھىكايىلا خالاس!راستقا ئېلىۋالماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!)

نادىۋان بوۋاينى يېزىدا ھەممەكىشى تونۇيدۇ.مانا بۇسۈرەتتىكى كىشى دەل شۇ مەھەللىدىكى ھەممە ياقتۇرىدىغان ،نامرات بولسىمۇ نەۋرىسى ئىككىسى بىر ئامالالارنى قىلىپ ،مەھەللىنىڭ بۇلۇڭىدىكى شەھەردىكى بىنا ئۆيلەرنىڭ ھاجەتخانىسىدىن ئۈچ چىققۇدەكلا ئۆينى ئۆي قىلىۋالغان،ۋىجدانلىق ،ئىشچان بوۋاي.ئۇزاق يىللىق ئەمگەك نەتىجىسىدە قاداقلاشقان ،ئېرىلىرى قاتتىقلىشىپ،يېرىلىپ توغراقنىڭ پوستىغىلا ئوخشاپ قالغان قوللار،مۈكچىيىپ،ئورۇقلاپ ئارانلا تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ يەنە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بوۋاينىڭ بېشىدىن ئۇرغۇن ئىسسىق سوغۇقلارنىڭ ئۆتكىنىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى.ئۇ بوۋاي ئادەتتە مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇنىنى يېرىپ بېرىش ،ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىنى قىپ بېرىش بىلەن ،نەۋرىسى بولسا سىرتلاردا ئۇششاق چۆششەك نەرسىلەرنى سېتىپ ،مايلامچىلىق قىلىپ دىگەندەك ئىككىسى كۈننى ئارانلا ئۆتكۈزەتتى.ئارانلا ئۆتكۈزگىنى بىلەن ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ خۇشال كىشىلەر ئىدى...نەۋرىسى نوردۇنجان بوۋىسىنىڭ ئۈنىمىغىنىغا ئۇنىماي بىر ئامالالارنى قىلىپ كۈندە دىگۈدەك 4-5يۈەننى تېپىپ يېنىپ كېلەتتى. بىر تۇغما ئەما بالىنىڭ بۇنداق قىلىمقى ئاسانمۇ؟؟؟تېخ نەچچە قېتىم ،چوڭ دادا!قاراڭ بۈگۈن جىق پۇل تاپتىم!خىراجەت قىلايلى دەپ بوۋىسىغا پۇلنى بەرگەندە بوۋاي چاندۇرماي كۆز يېشى قىلغاندى.چۈنكى بىچارە نوردۇنجاننىڭ بەرگىنى گېزىتنىڭ،دەپتەرنىڭ ئەسكى ۋارىقى ئىدى...تۇۋا!مۇشۇنداق بىر بالىنىمۇ ئالداشقا كۆڭلى كۆتۈرىدۇ ھە بەزى خەقنىڭ؟!نى نى ھەممە ئەزاسى ساق بالىنى سىرتقا 100يۈەن بېرىپ 110يۈەن قىلىپ ئەكېلە دەپ چىقىرىۋەتسەك سائەت ئىچىدە 100يۈەننىمۇ ئۈكلەپ يېنىپ كېلىدۇ!بۇ ئەمەلىيەتقۇ؟؟؟؟؟؟!!!

نادىۋان بوۋايغا مەھەللىدىكىلەرمۇ كۆيۈنەتتى. كۈندە دېگۈدەك قوشنىسى روزى ئاخۇن ئۇلارنى چوقۇملا ئۆيگە چاقىراتتى.ئايالى سارىخان ھەدىمۇ ۋايىسماي،ئۆزدادىسىنى،ئۆز بالىسىنى كۈتكەندەك ئۇلارنى كۈتەتتى.لېكىن نادىۋان بوۋاينىڭ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىكارغا تاماق يەۋېرىشكىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايتتى.نادىۋان بوۋاي سارىخان ھەدىنىڭ ،روزى ئاخۇن ئاكىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ھەممە ئېغىر ئىشلىرىنى قىلىمەن دەپ ئۆزىنى ئۇراتتى،روزى ئاخۇن ئاكىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى...ئەگەر ئۇلار بوۋاينى قىلغىلى

ئوتتۇرانچىسى تەڭ ئىدى...ئۇلار ئوقۇشتىن قايتقان ھامان نوردۇنجاننىڭ يېنىغا ئۈچقاندەك چاپاتتى.ۋە بازاردىن تېپىپ بىللە ئېلىپ كېلەتتى.ھەتتا بىر قېتىم نوردۇنجان ساق بىر كۈن ئولتۇرۇپ پۇل تاپالماي يېنىپ كېلىشكە ئۇنىمىغاندا بالىلارنىڭ چوڭى قەستەن خېرىدارنى دوراپ ئاياق مايلاتقان بولۇپ 3-4سوم بەرگەندى......

ئەسلى بۇ بوۋاي ئەينى ۋاقىتتا تەمىنلەش كوپىراتىپىنىڭ غوللۇق ئادىمى بولۇپ بۇلارنىڭ ئائىلىسى يېزىدىكى ئەڭ باياشات ئائىلى ھېسابلىناتتى.بىراق تەمىنلەش كوپىراتىپى ۋەيران بولغاندىن كېيىن بۇ ئائىلە تۇيۇقسىزلا خارابلىشىپ،بوۋاينىڭ ئايالى رابىيە موماينمۇ تۇيۇقسىزلا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى.ئوغلى بولسا چوڭ يەپ چوڭ ئىچىپ ،ئويناپ كۈلۈپ قالغان بولۇپ ئالغان ئايالى بۇ ئىشتىن كېيىن نوردۇنجاننى ئېرىگە تاشلاپ ،باشقا بىر ئەر بىلەن ئېچكىرگە قاچتى.بۇنىڭغا چىدىمىغان ئوغۇل ھاراق ئىچىپ ،بىر كېچىدە تۇيۇقسىزلا ماشىنىغا سوقۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكەندى.مانا شۇنىڭدىن تارتىپ يېزىنىڭ زومىگەرى بولغان يېزا باشلىقى،يەنە بىرنەچچە سېكرىتار ئۇلارنىڭ ئەسلى ئۆيىنى تارتىۋېلىپ سىرتتا قويغاندى.مانا كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قايىشى بولۇپ، ئۆز كۈنىنىمۇ ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئۆتكۈزىۋاتقان روزى ئاخۇن ئاكىلار ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كىچىكلا ئامبارنى بىكارلاپ بۇلارغا ئۆي قىپ بەردى...

گەپنى قىسقارتايلى.

ئەينى ۋاقىتتا ئارام بەرمىگەن يېزا باشلىقى ھېلىمۇ ھەم قېرىشىپلا تۇراتتى.ھەتتا ئۇنىڭ پۇشتىدىن بولغان ،دادىسىنىڭ ئوسال،ھارام مىجەزىنى دورىغان بالىلىرى نوردۇنجانغا ئارام بەرمەيتتى...

ــ ماڭە قارىغۇ،ئويناپ كېلىمىز!ــ دېدى بىر كۈنى نوردۇنجان مەھەللىدە تۇرسا ئۇششۇملار.

ــ كۆزۈم كۆرمەيدۇ...ــگېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

ــ بىلگەچكە دېدۇققۇ قارىغۇ دەپ...ھا ھا ھا...ماڭە بىز بار،بىللە يېنىپ كېلىمىز،يېزىنىڭ بېغىغا بارىمىز،جىق ئالما،نەشپۈتلەر بار...يەيمىز!

نوردۇنجان ئالما ،نەشپۈتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ ماڭدى...ئەلۋەتتە كىچىك ۋاخلىرىدا ئۆيدىن ئۇزۇلمىگەن مېۋىلەر ھازىر نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىز؟ئۇلار ئۇنى كەمسىتىپ،قارىغۇ دېيىشىپ ،قوپال چاقچاقلارنى قىلىپ ،مەھەللە يېنىدىكى ئەسكى يېزا ھاجەتخانىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنى لىق پوق سۈيدۈككە تولغان ئورەككە ئىتتىرىۋەتتى.

ــ ۋايجا.......ــ غىققىدە قىپ چۆكتى ۋە يۆتىلىپ،ھۆ قىلىپ،تېلىقىپ ئارانلا بېشىنى چىقىرىپ يەنە شۇ مەينەتچىلىك ئىچىدىن چىققان پاك قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى سۈرتۈپ قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى.نىمە ئەلەم بۇ بالىغا؟!

ــ دا ...د..د...دا...دا دا........................ــ بالا تېلىقىپ يىغلايتتى ــ ن..ن.....نا ......نادىۋان ب...بوۋا!!!!!!!!!!.....ھۆ..ھۆ..ھۆ....

نوردۇنجاننىڭ تۈيۈقسىزلا نەچچە سائەت يوقاپ كەتكىنىنى سەزگەن نادىۋان بوۋاي،روزى ئاخۇن ئاكا ۋە چوڭ ئوغلى ئۈچەيلەن ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى...مەھەللىدىن ئەمدى چىقىشىغا ھۆكرىگەن يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ شۇ تەرەپكە يۈگەردى...ئۆز نەۋرىسىنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن بىچارە بوۋايمۇ جانسىز ھۆكرەپ يىغلاپ ئۆزىنى تاشلاپلاۋەتتى...روزى ئاخۇن ئاكا دەررۇ بوۋاينى توسۇپ ئۇ نوردۇنجاننى تارتىۋالمىغان بولسا نادىۋان بوۋاي ئۆزىنى ئەۋرەز كۆلچىكىگە ئاتقان بولار ئىدى...روزى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئوغلى گەرچە تېشىغا چىقىرىپ يىغلىمىسىمۇ،ئاللىقاچان يۈز كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ ئېقىۋاتاتتى......روزى ئاخۇن ئاكا چاپىنىنى سېلىپلا بالىنىڭ يۈز كۆزلىرىنى سۈرتتى،ۋە ئۆستەڭ تەرەپكە بېرىپ بالىنىڭ يۈز كۆزلىرىنى پاكىز تۇتۇپ قويدى...بالا يىغلاۋاتاتتى،قىش كىرىۋاتقان مەزگىللەر ئىدى.بالا بىر تەرەپتىن تىترەيتتى.نادىۋان بوۋايمۇ خىرقىراپ يىغلايتتى.

ــ قېرىغاندا نىمە ئەلەم ماڭا...تاتلىق بالامنى...بېرىپ ئۆلتۈرۈپ...ھۇ ھۇ....ھايۋاندىن...ب..بەتتەركەن...

ــ بولدى نادىۋان دادا،ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ...اللا جاجىسىنى بېرىدۇ...ــ تەسەللىي بەرگەچ ئۇنىسىز كۆز يېشى قىلغاچ ماڭاتتى روزى ئاخۇن ئاكىمۇ.

ئۇلار ئۆيگە كەلدى...نوردۇنجاننىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەنساربخان ھەدىمۇ بىرسى مۇزدەك بىر چېلەك سۇنى بېشىدىن قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى.ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ سالدى.

ــ نوردۇنجان!!ۋاي بالام....نىمە بولدى....قايسى ھايۋاننىڭ قىلىقى بۇ؟؟ــ نوردۇنجان تېخىمۇ يىغىسىنى توختىتالمايلا قالدى...ئۇلارنوردۇنجاننىڭ كىيىمنى ئالماشتۇردى.ھەممەيلەن ئۇھسىنىپ ئولتۇراتتى.ئۇلار يېزا باشلىقىدىن ھەققەتەن يىرگەنگەنىدى.بىراق نىمە ئامال،ئۇلار ملك ئاچچىقلانسىمۇ، يېزا باشلىقىنى ھېچنىمە قىلالمايدۇ دە...

ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇشقا باشلىدى.نوردۇنجاننى ئۇلار بازارغا چىقارمىغىلى ئۇزاق بولغانىدى.

ــ بىز سېنىڭ ئۆز داداڭ،ئۆز ئاناڭ...بىز بار بالام،ساڭا ئۆزۈم خەت يېزىشنى ئۆگىتىمەن!بىز تۇرساق سەن پۇل ئۆزۈڭ پۇل تېپىپ نېمىمۇ قىلارسەن؟؟؟بالام،ئەمدى چىقما بازارغا...مەن ساڭا جىق ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگىتىپ قويىمەن...ــ روزى ئاخۇن ئاكا نوردۇنجانغا ئۆز بالىسىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنەتتى.بىكار بولسىلا ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى ئۆگىتەتتى،ھىكايە سۆزلەپ بېرەتتى...

روزى ئاخۇن ئاكا سەل ئاغرىپ بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا نوردۇنجان ئىشىك ئالدىدا ،ئولتۇرۇپ بالىلارچە سوئاللارنى سورىغاچ،يەرگە تاياق بىلەن سىجاپ ئويناپتتى.

ــ روزى دادا،قاچانلىقتا قار ياغىدۇ؟

ــ اللا خالىسا ياغىدىغان ۋاقتىمۇ بوپ قالدى بالام...

ــ قار قانداق نەرسە؟بۇرۇن دىققەت قىلماي قالدىممۇ ھېچ بىلەلمىدىم ــ ئۆزىچە سوراۋېرىشتىن ئەيمىنىپمۇ قالدى .

ــ تۇتساڭ سوغۇق بالام،قار ياغقاندا مەن سىلەرنى قېلىن كەيدۇرۇپ ئايلاندۇرۇپ كېلەي بالام...ــروزى ئاخۇن

ئاكا كۆتەكتىن بىرىگە مىنىۋېلىپ،پۇتاقلىرىنى تۈزلىگەچ جاۋاب بەردى.
ــ نەگە بارىمىز؟
ــ ئايلىنىپ كېلىمىز...ئۆستەڭ تەرەپكە...ئۆستەڭدە دەسسىسەڭ كۆتەرگىدەك مۇز تۈتىدۇ...تېيىلىپ
ئويناپسىلەر...ئاندىن جىق يەرنى ئايلاندۇرىمەن بالام..ــ نادىۋان بوۋاي بۇلار تەرەپكە قاراپ بىلىنەر بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويانتى.بوۋاي كىچىك پارچە ياغاچلارنى يۇنۇپ ياغاچ قوشۇق ياساۋاتاتتى.«بازارغا ئەكىرسە بىرەر كويدىن ئەپ قالسىمۇ پۇل بالام.تاشلىۋەتكەندىن...»دەيتتى ئۇ بەزىدە...
ــ مەن يا كۆرەلمىسەم..
ــ بىز بار ئەمەسمۇ بالام،سېنى يېتىلەپ ماڭىمىز.يېنىڭدىن ئايرىلمايمىز...
ــ يېزا باشلىقىنىڭ باللىرى ماڭا شۇنداق دىگەنتى ھېلىقى چاغدا!..ــ ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ بىر قىسىملا بوپ قالدى...
ــ بالام،مەن سېنىڭ دادالڭ ...اللا خالىسا ئۇلارغىمۇ يانىدۇ!
ــ ئىشىكرەك قار ياغسا بوپتىكەن...

بالا-قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس،پۈت قولنى ساڭگىلىتىپ دىگەندەك،روزى ئاخۇن ئاكا دەرەخ كېسىۋاتقاندا تۇيۇقسىز دەرەخنىڭ ئاستىدا قالدى...ئۇنىڭ بېلى سۇنغانىدى،دوختۇرلارمۇ ئەمدى ئامال يوق،بۇنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ دەپ بۇ لارنى قايتۇرىۋەتتى...
بىر ئائىلىنىڭ تۈرۈكى ئۆرۈلدى.ئەمدى روزى ئاخۇن ئاكا ئورنىدىن تۇرالمايتتى...
ــ دادا،بولدى كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما،ئۇكام ئىككىمىزمۇ ئوقۇماي بولدى.سېنى باقىمىز بۇندىن كېيىن...
ــ مەن بىلەن كارىڭلار بولماي،ماڭا ياخشىلا ئوقۇپ بېرىڭلار...مەن قەرز ئېلىپ بولسىمۇ ئوقۇتىمەن باللىرىم سىلەرنى...
ــ روزى ھاجىم بالام..ھېلىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاز جاپايىمىزنى تارتىملا...مانا..كىشىنىڭ كىشىدە قالمايدۇ بالام...سىلىگە ئارام ئالغان تۈزۈك ھازىر...باللارمۇ خاتىرجەم ئوقۇشنى ئوقۇسۇن...گەرچە قېرىپ قالغان بولساممۇ خېلى ئىشلارنى قىلغۇچىلىك مادارىم بار...اللا خالىسا،مۇشۇ باللارنىڭ ھالىدىن كېيىنكى ئۆمرۈمدە خەۋەر ئالسام...سىلىنى ھەم ئازاپ تارتقۇزمىسام دەيمەن...سىلى قىينىلىپ يۈرمىسىلە...
ــ ياق،نادىۋان دادا،سىلى بۇنداق قىلمەن دىمەي ئارام ئالسىلا...مەن قىلالىشىمچە ئىش تېپىپ قىلىپ...
ــ ياق!بالام،مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىسلىرى مەن رەنجىيمەن ...راسلا....

ــ ................
نادىۋان بوۋاي ھرقانداق ئىشتىن يانماي قىلىشقا باشلىدى...مەھەللە ئارا ئىش ئىزدەپ،نان يېقىشتىن تارتىپ،سۇ ئەكېلىش،باشقا ئېغىر يېنىك ئىشلار...دىگەندەك...
نوردۇنجان بولسا بوۋىسىغا تۇيدۇرماي سىرتقا چىقىپ يەنە بۇرۇنقى ئاياغ مايلامچىلىقنى باشلىۋالغانىدى...ھازىر ئۇ پۇل بىلەن قەغەزنى خېلىلا پەرقلەندۇرگۈدەك بوپ قالغان بولۇپ ،باشقىلار بەرگەن پۇللارنى تەپسىلىي سىلاپ ئالاتتى...ئۇ كۆڭلىدە ئويلايتتى:«كۈندە 10 كوي تاپسام ،10 كۈندە 100كوي بولىدىكەن...30كۈندە 300كوي بولىدۇ،بۇ پۇل روزى دادامنى داۋالاشقا يېتەمدىغاندۇ؟؟؟مېنىڭچە چوقۇم يېتىدۇ...اللا خالىسا بو ۋام مەندىن جىق پۇل تاپىدۇ...ئۇ پۇللار بىزدىن ئېشىپ يەنە ساقلىنىپمۇ قالىدۇ...بىزمۇ باي بولالايدىكەنمىز...ھى ھى... بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ ھە...ئاۋال مەن تاپقان پۇلغا روزى دادامنى داۋالايلى...»

نىمە دىگەن ساددا خىيال ھە...ئۇ تۈنجى كۈنى 12.5يۈەن تاپتى...ئۇ ئۆلۈك قولىدا پۇلنى سىقىمداپ،سول قولىدا ئورۇندۇقنى قولتۇقلاپ ئۆي تەرەپكە ئۇچقاندەك چاپتى...دەل شۇ چاغدا قەيەردىن كەلدىكىن،يېزا باشلىقىنىڭ باللىرى دىگەن شۇملار ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن ئۇن-تىنسىزلا نوردۇنجاننىڭ قولىدىكى پۇلنى تۇيدۇرمايلا سۇغۇرىۋالدى...ئەمە بالا ھېچنىمنى سەزمەيلا قالدى ۋە 10-20مېتىر ئۇزاپ بولغاندا تۇيۇقسىزلا ئەندىكىپ كەتتى ۋە يىغلاپ سالدى...

ــ پ..............پۇل!!!!مەن تاپقان پۇل...قېنى؟؟؟!!!ــ ئۇ نىڭ كاللىسى گاراڭلا بوپ قالغاندى...نىمە ئىشلىقنى بىلەلمەيلا قالدى ۋە يىغلاپ ئۆزى بىلگەن تەرەپكە يۈگەردى...

نادىۋان بوۋاي ئۆيگە كېلىپ نوردۇنجاننىڭ يوقلۇقىنى كۆردى.

ــ بىز تېخى نوردۇنجاننى سىلى بىلەنمىكىن دەپتۇق...تېز باللىرىم چىقىپ ئىزدەڭلار...

ــ نادىۋان بوۋا...بولدى سىز چىقماڭ بىز بىردەمدىلا تېپىپ كېلىمىز...

ــ ماقۇل بالام،اللا ئۆمرۈڭلارنى بەرسۇن...

ئۇلار تەرەپ تەرەپكە يۈگرەشتى...توختىماي«نوردۇنجان!»دەپ توۋلىشاتتى.ئۇلار ئىلگىرى پات-پات بىللە ئوينايدىغان توپا دۆڭلۈككە باردى.جىمجىتلىق توپا دۆڭلۈكنى سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزىۋەتكەندى.ئۆستەڭ بويىغا باردى...شۇنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچنىمە يوق...ئۇلار بازار تەرەپكە يۈگەردى.يىراقتىن غۇۋا چىراق يورۇقىدا نۇرغۇن كىشلەرنى كۆردى.بىر يۈك ماشىنىسى كىشلەر توپى ئارىسىدا بىرخىل ئەنسىز گۈرۈلدەيتتى.

**************************************************************************************************************

******************

ــ بالام،روزى ھاجىم...مەن بىر چىقىپ كىرەيمىكىن...كۆڭلۈم بىر قىسىم بولىۋاتىدۇ...

ــ ئەمسە دادا ،ئەنسىرەتمەي تېزلا يېنىپ كىرسىلە ھە....نوردۇنجاندىن ئەنسىرىمىسىلە......باللار چوقۇم تېپىپ كىرىدۇ...

ــ ماقۇل بالام ھايالشمايلا يېنىپ كىرىمەن،ياخشى ئارام ئالسىلا...

**************************************************************************************************************

******************

يىراقتىن «نوردۇنجان!بالام!»تىترەك ئاۋاز كىشلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ ،تىقما تىقما بولۇشۇپ تۇرغان دېھقانلار ئاستا ئىككى يانغا يول ئاچتى...بوۋاينىڭ يۈگرەپ پالاقشىپ يالاڭ ئاياغ كېلىۋاتقان سىماسى غۇۋا يېقىنلاپ كەلدى ۋە يىقىلىپ سۆرىلىپ دىگۈدەك توپقا يېقىنلىشىپ بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ نوردۇنجان بىلەن بىللە قانغا مىلىنىپ ھۆكرەپ يىغلىدى....ئەتراپتىكلەرمۇ يىغلىشىپ بوۋاينى يۆلىدى...جانسىز،ئورۇق گەۋدە تىترەپ ،كىشلەرنىڭ قولىدا يۇلقۇنۇپ بالىغا ئېتىلاتتى يۇ دېھقانلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى...

ــ نادىۋانكا سەۋىر قىلسىلا...

ــ سەۋىر قىلسىلا بوۋا...

ــ ھ...ھۇ...نوردۇنجان!!!!

ــ بولدى ،سەۋىر قىلسىلا ئاكا...

ــ بوۋاڭدىن بۆرۈن كەتتىڭمۇ ب..بالام....ساڭا كەلگەن ئۆلۈم ماڭا كەلسىچۇ بالام!

ــ ..............................................

ــ ماڭا كەلمىگەن ئۆلۈم ساڭا كەلدىمۇ بالام!!!!!!!

نوردۇنجاننىڭ بېشى چاق ئاستىدا ...قولتۇقلىۋالغان ئورۇندۇق سۇنۇپ بېقىنغا سۇنۇقى سانچىلغان ھالەتتە يۈك ماشىنىسى ئالدىدا .......

شۇندىن بېرى نادىۋان بوۋاي گاھ مەھەللىدە،گاھ بازاردا،گاھ توپىلىق دۆڭدە سىرلىق ھالدا كۆرۈنۈپ ،يوقاپ تۇراتتى...

كىيىملىرى ئەسلى رەڭگىنى تونۇغۇسىز بوپ كەتكەن بولۇپ، بەزىدە ئاجايىپ ئېچىنىشلىق يىغلاپ كېتەتتى....

ــ دادا...ڭ.............ئادەم.......بارمۇ!!!

يېزا باشلىقىنىڭ چوڭ بالىسى كەنت ئىچىدىكى ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەندى....كىچىك بالىسى توختىماي ئاكىسىنىڭ كەينىدىن يۈگەرگەچ ئادەم چاقىراتتى:

ــ ئاكام سۇغا چۈشۈپ كەتتى!!!قۇتقۇزۇڭلار!

بىر نەچچە دېھقان يۈگۈرۈپ كەلدى ،ئۇنىڭغىچە «پولتۇڭ»قىلغان ئاۋازىلەن نادىۋان بوۋاينىڭ گەۋدىسىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆردى....بوۋاي سۇ ئىچىدە تىركىشەتتى.بالا تەرەپكە ئېتىلاتتى...بوۋاي ئاخىرى بالىغا يېقىنلىشالىدى...ۋە بالىغا ئېتىلىپ كاپلا قىپ بالىنى تۇتىۋالدى ۋە بار كۈچى بىلەن بالىنى قىرغاقتىكىلەر گە ئاتتى....قىرغاقتىكىلەر چەبدەسلىك بىلەن بالىنى تۇتىۋالدى...بوۋاي بولسا ،سۇنى لىق سۈمۈرگەن پاختىلىق جۇۋىسى ۋە كىچىك بولسىمۇ شىددەتلىك ئېقىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىدى...

ئارىدىن بىرەر يىللار ئۆتكەن بولسا كېرەك.كىشلەر يېزا باشلىقىنى تۈيۈقسىز بازارلاردا،ئۆستەڭ بويىدا ،توپا دۆڭلۈكتە،ئېتىزلاردا....مەھەللىلەردە بوۋاينىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدە ئۇچرىتىدىغان بوپ قالدى......ئۇ ئېچىنىشلىق چىرقىرايتتى...يىغلايتتى...بەزىدە كۈلۈپ توختىيالمايتتى....


ــ ھاھاھا!!!!!!!!!!!!!!!!!!!

ــ ھ..ھۇھۇھۇ!!!!!!!نوردۇنجان!!!!!!!!!!!!

ــ نادىۋانكا!!!مەن سىلى تەرەپكە ماڭدىم!ھېلى كۆرشەيلى ھە!

ــ ھى ھى...نادىۋانكام يوقاپ كەتتى....مەن بىلەن كۆرەشكۈسى يوقكەندە...

ئۇ سىرلىق ھالدا نەچچە كۈنلەپ يوقاپمۇ كېتەتتى...بۇ چاغدا مەھەللىدە،ئۆستەڭ بويىدا،توپا دۆڭلۈكتە يەنىلا بۇرۇنقى جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى........




## ئېرىمنىڭ ھوجرىسىدىكى ئىڭرىغان ئاۋاز

sleepingbeauty

<ئۇيقۇدىكى نازىنىن>



بىز ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان چاغدا مۇھەببەتلىشىپ خىزمەتكە چىقىپلا ئىللىق ئائىلىمىزنى قۇرۇۋالغان ئىدۇق، ھەر ئىككىمىزنىڭ خىزمەت ئورنىمىز ۋە باشقا شارائىتلىرىمىزمۇ ياخشى، نىيىتىمىزنى بىر قىلىپ ئورتاق تىرىشىش نەتىجىسىدە ئەھۋالىمىز تېزلا ياخشىلىنىپ راۋۇرۇس ئۆيدىن بىرنى سېتىۋالدۇق، ئىككى يىلدىن بېرى بويۇمدا قالماي سەل ئەنسىرىگەننى ھېساپقا ئالمىغاندا تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتىۋاتاتتى.

ئېرىمنىڭ ئاپىسىنى تويىمىزدا بىرلا قېتىم كۆرگەنچە قايتا كۆرۈپ باقمىدىم، ئېرىمنىڭ دەپ بېرىشىچە ئۇ 3 ياش چېغىدىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، قېناپام قايتا ياتلىق بولماي پۈتۈن مېھرى-مۇھەببىتىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، يېزىدا پۈتۈن دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ئۆزى زىممىسىگە ئېلىپ، ھەم دادا ھەم ئانا بولۇپ ئېرىمنى تولىمۇ تەسلىكتە ئوقۇتقان ئىكەن، شۇڭلاشقىمۇ بۇ ئانىغا تولىمۇ قايىل ئىدىم. ئۇنى يېنىمىزدا تۇرغۇزۇپ باقىدىغان خىيالىم بار ئىدى، ئىلگىرىكى ئۆيىمىز بىر ئېغىزلىق بەكلا كىچىك بولغاچقا ئەكىلىۋېلىشقا قولايلىق بولمىغان، مانا ئەمدى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ بىرىنچى گېپىم يەنە شۇ بولدى:

__ ئانامنى قاچان ئەكىلىۋالىمىز؟

ئېرىم مەندىن تولىمۇ مىننەتدار بولغان ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئانام كەلگىچە ئارلىقتا ئەندىشىلىرىنى ئېيتىپمۇ ئۆتتى:

__ ئانام يېزا تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغان، بەزى ئىشلىرى كۆزىڭىزگە سىغماي قېلىشى مۇمكىن، ئەيىپكە بۇيرىمايسىز-ھە.

__ نىمىلەرنى دەيدىغانسىز، ئانامنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ، ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ھەممىلا ئىشى كۆزىڭىزگە سىغىدىغان بولۇپ قالىدۇ، كۆزۈمگە سىغمىسا كۆرمىگەنگە سالارمەن...

ھەي، بۇ ئالدىراپ دەيدىغان گەپ ئەمەسكەن_.ھەممىلا كۆڭۈلسىزلىك قېنانامنىڭ كېلىشى بىلەن باشلاندى........

قېنانامغا بىرىنچى بولۇپ سودا قىلىشىم يارىمىغلى تۇردى.....ۋاي-ۋۇي، مۇشۇ بىر ئاياغ 300 يۈەنمۇ؟

_نىمە دەپ يۈرىدىغانسىز، 550 يۈەنگىمۇ سومكا سېتىۋالغان بارمۇ؟ قۇرۇپ كەتسۇن داڭدار ماركىسى.....

_نىمە؟خەقنىڭ توغۇلغان كۈنىگە مۇشۇ گۈلنى 100 يۈەنگە ئېلىپ بارامسىز؟ ئەتىلا قۇرۇپ كەتمەمدۇ، مۇشۇ ياشلارنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدىغۇ زادى..... .

_ئەستا نىمە دىگۈلۈك ئەمدى، چوڭلارنىڭ مىجەزى شۇ، رەنجىپ نەگە باراي...

كېيىنچە نەرسە-كېرەك سېتىۋالسام يالغۇز چىقىدىغان، ئالغان نەرسىلىرىمنىمۇ دىمەيدىغان بولۇپلا قۇتۇلدۇم، قېناناممۇ سەزدى بولغاي، ئۇزە تارتىپ قويۇپ گەپ قىلمايلا قويىدىغان بولدى.

مىنىڭ بىلەن سىمىنا ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان خىزمەتدىشىمنىڭ يىقىندىن بېرى سالامەتلىكى ياخشى بولالماي قېلىپ مىنىڭدىن بىرەر مەزگىل كېچىلىك سىمىنا ئالمىشىپ ئىشلىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ تۇرىۋالدى، مەنمۇ يارىدىمىم بولۇپ قالسۇن دەپ قوشۇلۇپتىمەن،..............

ئىلگىرى ھەپتىدە 3 كۈن كېچىلىك سىمىنا ئىشلەيدىغان ئادەم ئەمدى ھەر كۈنى كېچىلىك سىمىنا ئىشلەپ سەھەر سائەت 4 بىلەن دىجۇرنى ئالمىشىپ ئۆيگە كىلىمەن-دە، بىر ئۇخلىغان پېتى سائەت 10 لار بىلەن ئويغىنىمەن. بۇرۇن كېچىلىك سىمىنا ئىشلىگەن چاغلىرىمدا ئېرىم ئۆزىگە ناشتىلىق تەييارلىغاچ ماڭىمۇ تەييارلاپ ئۈستەلگە قويۇپ كېتەتتى، قېنانامنىڭ بۇنى كۆرۈپلا جۇدۇنى تۇتتى:

-خوتۇن بولغۇچى كۈن چۈشكىچە ئۇخلاپ ياتسۇنئۇ، ئەر كىشى قويۇپ تاماق ئەتسۇن؟ نەنىڭ قائىدىسى-بۇ، ئۇمۇ-سۇمنى كەلتۈرمەي چىقە ئاشخانىدىن.....

قېنانام چالۋاقىغان پېتى ئاشخانىغا كىرىپ ئېرىمنى قوغلاپ چىقتى-دە مەن كېچىلىك سىمىنا ئىشلىگەن كۈنلىرىم ناشتىلىقنى ئۆزىلا تەييارلايدىغان بولىۋالدى، قېنانامنىڭ ئاغزى ئىتتىك بولغان بىلەن كۆڭلى تۈز، شۇڭا ئېرىم ئىككىمىز ئۇنىڭ قايناشلىرىغا كۆلۈپلا قويىاتتۇق، ئەلۋەتتە ئادەتتىكى كۈنلەردە ناشتىقنى يەنىلا ئۆزەم تەييارلايتىم....

ئەمدى بولغاندا ماڭا كۈندىلا كېچىسى ئىشلەش توغرا كىلىپ قېلىپ ناشتىلىق تەييارلاش قېنانامنىڭلا ئۈستىگە چۈشۈپ قېلىۋىدى، ئۇششاق گەپمۇ كۆپىيىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىپ قالدىم. مۇشۇنداق قىلىپ 2 ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، بۈگۈن دەم ئېلىش بولۇپ قاپتۇ، 2-3 كۈن بولۇپ قالدى، بېشىم قېيىپ، يېنىم يەر تارتىپلا تۇرىدۇ، كۆڭلۈم پەقەت غىزا تارتمايدۇ، 3 كۈندىن بىرى ناشتىلىقمۇ ئېلىمىدىن ئۆتمەيدۇ، ئەسلىدىنلا مىنى ھورۇنلۇقتا نارازى بولۇپ يۈرگەن قېنانامنىڭ جۇدۇنى 40 گەز ئۆرلىدى-دە قايناپلا قالدى:

ئەمدى مەن ئەتكەن تاماقمۇ ئاغزىڭىزغا تېتىمايدىغان بولۇپ قاپتىمۇ....

قېنانامنىڭ ناشتىلىقنى يەۋېلىپلا ئازراق مۇگدىۋالدىغان مىجەزى بار، ئېرىم تېلۋىزور كۆرۈۋاتاتتى، ئۆيدە بىكار تۇرغىچە ئاشخانىنى تازىلىۋىتەي دەپ ئاشخانىغا كىردىم، قېنانامنى قاچا يۇيۇش پاراشوكىنى ئىشلىتىشكە زادىلا كۆنىدۇرەلمىگەن ئىدۇق، چىنە-قاچىلار كۆزۈمگە مايلىشىپ قالغاندەك كۆرۈندى، ئىشكاپتىن تارتىپ چىقىرىپ قاچا يۇيۇش پاراشوكى بىلەن يۇيۇشقا باشلىدىم......ئاشخانىنىڭ ئىشكى ئېچىلغاندەك قىلدى، قارىسام قېنانام تۇرۇپتۇ...............

_3 كۈندىن بىرى نىمە بولىدىكىن دەپتىمەن، ئەسلى مەن ئەتكەن تاماقنى مەينەت كۆرۈپ يىمەيدىكەن-ئەمەسمۇ، ئۇچۇق دىسە بولمامدۇ، مەن تاماق ئەتمىسەملا بولمىدىمۇ....ھۇ...ھۇ.....ھۇ

قېنانام ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدى، بىچارە ئېرىم بۇ ئىشنى قانداق چۈشىنىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن ماڭا غەزەپ بىلەن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاپىسنى يۆلەپ مىھمانخانىغا ئەكىرىپ كەتتى...مەن نىمە قىلارىمنى، نىمە دىيىشىمنىمۇ بىلمەي پەرتۇقۇمنى چىڭ مىجىقلىغىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم.....

ئېرىم قېنانامنى سىرتقا ئەپچىقىپ كەتتى، نەلەرگە بېرىپ كەلدىكىن بىلمىدىم، ئۇلار قايتىپ كەلگۈچە ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئەتىگەندە قارىسام ئېرىم كىيىملىرىنىمۇ يەشمەي سافادىلا ئۇخلاپ قاپتۇ، بۈگۈن ئەجەپ ئىشقا بارماپتىغۇ....

بېشىم قېيىپلا تۇرىدۇ، ئاشخانىغا كىرسەم قېنانام قاپاقلىرىدىن قار ياغدۇرۇپ ناشتىلىققا تۇتۇش قىلغىلى تۇرۇپتۇ

_ ناشتىلىقنى ئۆزۈم تەييارلايمەن، يىسىڭىزيەڭ، يىمىسىڭىز ئەنە قازان، ئۆزىڭىز تەييارلاپ يەرسىز.....

_ياق ئانا، خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، مەن.....

قېنانام بېشىنى كۆتىرىپ قاراپمۇ قويماي مىنى سوقۇپ ئۆتۈپ تازىلىق ئۆيىگە چىقىپ كەتتى، مىنىڭمۇ خۇيۇم تۇتتى-دە،« نىمانچە قىلىدىكىنە؟» دىگەنلارنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتىم.

ناشتىلىق تەييار بوپتۇ، ھەممىمىزنىڭ كەيپىمىز شۇنداق ناچار، قېنانامنىڭ يەنە جۇدۇنى تۇتتى:

مەن سىلەرگە زەھەر تەييارلىمىدىم، يىسەڭلەر يەڭلار، يىمىگىلار بولمىسا ئىشىڭلارغا مېڭىۋېرىڭلار....

يولدىشىم ماڭا قاراپ قويدى، چىشىمنى چىشلەپ ھېچنېمە دېمىدىم، تاماقتىن ئەمدىلا بىر قوشۇقنى ئاغزىمغا سالغىنىمنى بىلمەن، خۇدا ساقلىغىن.....ئۆزەمنى شۇنچە تۇتۇۋېلىشقا تۇتۇپ بولالمىدىم..... دەرھال تازىلىق ئۆيىگە يۈگۈردۈم....

توختىماي قەي قىلاتتىم، يا بىر نەرسە يانمايدۇ.....كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش قويۇلاتتى، ئېرىمنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا يېنىمغا كىلىپ ئەھۋال سورىشىغا قانچىلىك ئىنتىزار ئىدىم-ھە. خۇداغا شۈكرى ئېرىم تازىلىق ئۆيىگە كىردى، بېشىم قېيىپ تۇرىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا قاراپ قولۇمنى ئۇزاتتىم.......

«چاڭ»......ئوڭمۇ-چۇشمۇ بىلمىدىم، كۆز ئالدىمدا يۇلتۇز كۆرىنىۋاتاتتى، ئاللىقانداق بىر يەرلەردىن چىنە-قاچىلارنىڭ سۇنغان ئاۋازى، قىيناناملىڭ يىغىسى، ئېرىمنىڭ ئاپىسىغا چۈشەندۈرۈشلىرى، يەنە....يەنە.....ئاستا-ئاستا ھېچنېمە ئاڭلانمايلا قويدى.......

ئالاھەزەل 5مىنوتلاردىن كېيىن ئېسىمگە كەلدىم، ئۆيدە ھېچكىم يوق، ھەر نېمە بولسامۇ ئىشقا بارمىسام بولمايتى، تەمتىرەپ يۈرۈپ كىيىملىرىمنى يۆتكەپ ئاستا ئىشكتىن چىقتىم....

خىزمەتداشلىرىم تۇرقۇمغا قاراپ چۆچۈپ كىتىشتى-دە، ئېرى-بىرىسىنى سورىمايلا مىنى دوختۇرغا يولغا سالدى.

_خوش خەۋەر، سىزنىڭ بويىڭىزدا باركەن، لىكىن بەدىنىڭىز بەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، ئۆزىڭىزنى ئوبدان كۈتۈڭ......

نىمە! بويۇمدا بارمىكەن؟ خۇداغا رەھمەت، ئىككىلىمىزنىڭ بالىلىق بولۇش ئىستىكىمىز بار ئىدى، مۇشۇ باھانىدا ئارىمىزدىكى ئۇقۇشماسلىقمۇ ھەل بولۇپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس.... 

ئېچىمگە تەسۋىرلىگۈسىز بىر خوشاللىق كىرىۋالدى، بەدىنىمگىمۇ جان كىرگەندەك بولۇپ قالدى، دوختۇرخانىدىن چىققۇۋاتسام ئاجايىپ ئىش، ئېرىممۇ دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا، يولنىڭ قارشىسىدا تۇرۇپتۇ، ئەجەبا ئۇ مىنى ئىزدەپ كەلگەن بولسا-ھە! ھەممىلا يېرىمدىن تۈكۈلۈۋاتقان بىر خوشاللىق بىلەن ئۇنى چاقىردىم، ئۇ ھەيكەلدەكلا تۇراتتى، ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدە ھېچقانداق ئىپادە يوق، يۈگرەپ دىگۈدەك ئالدىغا كېلىشىمگىلا يېنىغا كىلىپ قالغان كىرا ماشىنىسىغا چۈشۈپ كېتىپ قالدى.

پۇتلىرىم يەنە ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدى، شۇنداقتىمۇ يەنە ئۆزەمگە تەسەللى بىرىپ، ئۇ چوقۇم مىنى كۆرمەي قالدى دەپ ئويلىدىم-دە ئۇنىڭ يانفۇنىغا تېلفۇن قىلدىم، ئەجەپ ئىش، ئۇ ئادەتتە تېلفونىنى ئىتىۋالمايتىغۇ، ئۆيىنىڭ تېلفونىنىمۇ بىرسى ئالمىدى، چوقۇم ئىدارىگە بىرىشى مۇمكىن، 10مىنوتلاردىن كېيىن ئىدارىسىگە تېلفۇن بەردىم....

«نىمە؟ ئۇ يوقمۇ؟ قاچانراق قايتىپ كىلەر؟ نىمە؟ ئاپىسىمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، قاچان؟ بۈگۈن ئەتىگەنمۇ؟ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپتىمۇ؟ قايسى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ؟ قۇتقۇزۇش ئۆنۈم بەرمەي قازا قىپتۇ؟

ئەتىگەندە قىيناناممەن قاتتىق رەنجىگەن پېتى ئۆيىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىپ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي ئىشكنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا ئۆتىدىغان يولغا كىرىپ قاپتىكەن، تورمۇز قىسىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ماشىنا ئۇنى 10مېتىر نېرىغا ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ، كەينىدىنلا تاپ بىسىپ چىققان ئېرىم ئۇنى شۇ يەردىلا ماشىنىغا سېلىپ دوختۇرغا ئاپارغان بولسىمۇ قۇتقۇزۇش ئۆنۈم بەرمەي قازا قىپتۇ.....

قاچانلاردا يىقىلىپ چۈشتۈم بىلمىدىم، كۆزۈمنى ئاچسام دوختۇردا ياتىمەن، ئېغىر دەرىجىدە قان ئازلىق، نېرۋا ئاجىزلىق، يۈرەككە قان يېتىشمەسلىك دىگەندەك دىئاگنوزلارنى قويۇۋېتىپتۇ، بىر مەھەل يېتىشىم كېرەك ئىكەن....

ئېرىمنىڭ ئاپىسىنىڭ مېيتىنى يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇشقا كەتكەنلىكىنى خىزمەتداشلىرىمدىن ئاڭلىدىم، دوختۇرخانىدىن 20كۈنلەردە چىقتىم، ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق تولىمۇ قىينالدىم. ئۇنىڭ قول تېلفونى شۇ كەمگىچە ئېچىلمىدى، ئېھتىمال باشقا نومۇرنى ئىشلىتىۋاتسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم. مۇشۇ كۈنگىچە تېلفۇن قىلىپمۇ قويمىدى، ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمىنى مەندىن كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟...

ئاڭلىسام ئۇ قايتىپ كەپتۇ، لىكىن ئۆيىگە دەسسەپمۇ قويمىدى، مەنمۇ قىيداپ ئىزدىمەيلا قويدۇم، لىكىن ئىلگىرىكى ئاشۇ كۈنلىرىمىزنى ئويلىسام ئىختىيارسىز يىغا تۇتاتتى. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئاپتوبۇس بېكىتىدە تۇرسام ئۇ كىچىكلا بىر قىزنى ئەگەشتۈرۈپ ياندىكى تورتخانىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، جان ئاچچىقىمدا كەينىدىن ئېتىلىپلا كىردىم ۋە ئۇلار ئولتۇرغان ئۈستەلنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ قىز ئالپازىمدىن سەل چۆچىدى بولغاي سومكىسىنى ئېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، ئېرىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ قىزنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندىن كېيىن خۇددى يېنىدا مەن يوقتەك ئۇ قىزدىن نىمە يىگىڭىز بار؟ دەپ سورىماسىمۇ! ئاۋازىمنىڭ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن لىۋىمنى شۇنچىلىك چىشلىدىمكى تىرىسىدە قان چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن، قانداق ئېتىلىپ كىرگەن بولسام يەنە شۇنداق ئېتىلىپ چىقىپ كەتتىم. ياشلىرىم توختىماي قۇيۇلاتتى، تېخى قۇساقتا ئەمدىلا ئىككى ئايلىقتىن ئاشقان بالامغا خىيالەن سۆزلەيتىم: قوزام، سەن دادىسىز مۇھىتتا تۇغۇلساڭ بولمايدۇ، شۇڭا ھازىرچە ئاجراشمايمەن، ئۇ ئۆزى تەلەپ قىلسا باشقا گەپ. سەن تۇغۇلغاندىن كېيىن سىنى ئۆزەم يالغۇز بېقىپ چوڭ قىلىمەن، ئۇنىڭ ساڭا دادا بولۇش سالاھىيتى يوق...

شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككىمىز ئۆز يولىمىزدا مېڭىۋەردۇق، ئۇ نەرسىلىرىنى ئالغىلى ئادەتتە مەن يوق چاغلاردا ئۆيگە كىلەتتى، بىر كۈنى كۈتمىگەندە مىنىڭ بارىمدا كېلىپ قالدى، خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۇنى كۆرۈپلا يەنە كۆڭلۈم ئاينىپ تازىلىق ئۆيىگە يۈگۈردۈم.....

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئۇ ئىشىككە يۆلىنىپ قاراپ تۇرۇپتۇ، قوسقىمىمۇ بىلىنەرلىك چىقىپ قالغان ئىدى....

_بويىڭىزدا بارلىقىنى بىلمەپتىمەن، كەچۈرۈڭ.....

قاراپمۇ قويمىدىم، گەپ-سۆز قىلماي ھوجرامغا كىرىپ كەتتىم......

شۇندىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى قايتىپ كېلىدىغان، كىلىپلا ياندىكى ھوجرىغا كىرىۋالىدىغان بولدى، مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىلچە مۇھەببەت قالمىغان بولۇپ بالامنىڭ تۇغۇلۇشىنىلا ساقلاۋاتاتتىم. ئاخشاملىرى ئۇنىڭ ھوجرىسىدىن ئېڭرىغان، ئىنجىقلىغان غەلىتە ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قالاتتىم، نىملا قىلساڭ قىلمامسەن، ئەمدى بىزنىڭ بىرگە ئۆتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس............

كېينچە ئۇنىڭ ھوجرىسىدىن كېچىلەپ خەت ئۇرغان ئاۋاز ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ئەمدى توردا مۇھەببەتلىشىدىغان بوپتۇ-دە دەپ ئويلايتىم، ئېڭرىغان ئاۋازلارمۇ ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق ئەلۋەتتە....

بىر كۈنى كېچىسى تويۇقسىز قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، تېخى ۋاقتىم ئەمەستىغۇ، قانداق قىلارمەن؟ تېنىم ئاجىز بولغاچقا بۇ بالىغا بىرەر ئىش بولۇپ قالارمۇ؟..... ئاغزىمغا تاش......بۇ ھالىم بىلەن 3-قەۋەتتىن چۈشەلىگۈدەك ماغدۇرۇم يوق، ۋايجان، ئامال يوق.....بويىنى قاتتىقلىقنى قويۇپ ئۇنى چاقىردىم.....ھازىر بالا ئەلگ مۇھىم.....

ئۇ خۇددى مۇشۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك_راست دەۋاتىمەن، خۇددى مۇشۇ كۈننى كۈتۈپ كىيىملىرىنىمۇ يەشمەي ئۇخلاۋاتقىلى خېلى بولغاندەك تۇراتتى_كېلىپلا مىنى دەس كۆتىرىپ پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ ماشىنغا سالدى.....

باش سۆيى يېرىلىپتۇ، دەرھال قۇتقۇزايلى....ئېرىم مىنى دوختۇرلار ئىتتىرىپ كەلگەن كېسەل ھارۋىسىغا سالدى، شۇنچە ۋاقتىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدۈم، مۇھەببەت بىلەن ئەمەس، پەقەت مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ كۈلدۈم، ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ كۈلكە يۈگۈردى، لىكىن ....لىكىن....ئۇ خۇددى كىنولاردىكى كۆرۈنۈشلەرگە ئوخشاش گۈپپلا قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى.....دوختۇرلار مىنى ھارۋىدا ئىتتىرىپ ئېلىپ كىتىۋاتاتتى، يەردە ياتقان ئۇنىڭ كۆزى مەندە، مىنىڭ كۆزۈم ئۇنىڭدا.....

.....................

.................................

! .........................................

قەدىرلىك قوزام، سەن ئامان-ئىسەن تۇغۇلدۇڭ، لىكىن داداڭ سىنىڭ چىرايىڭنىمۇ كۆرەلمىدى.............

جىگەر راكى ئىكەن، سىز ئۇنىڭ ئايالىمۇ؟ بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ئەمەسقۇ؟ بۇ كېسەل كىشىنى بەك ئازاپلايدۇ، بىمارلار ھەتتا ئاغرىق دەستىدىن كېچە-كېچىلەپ ئېڭراپ ئۇخلىماي چىقىدۇ.................

نىمە؟!!مەن نىمە قىلدىم؟ مەن ئۇنى نىمە دەپ چۈشەندىم؟! بىز زادى قانداق ئائىلە؟ داداڭنىڭ ساڭا كومپيۇتېرىدا قالدۇرغان 689 بەتلىك (ئاخىرىنى تېخى يېزىپ تۈگەتمەپتىكەن) خېتىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن:«بالام، سەن بۇ خەتلەرنى كۆرگۈدەك، چۈشەنگۈدەك بولغاندا مەن بۇ ئالەمدە بولماسلىقىم ئېنىق، ئاپاڭ تولىمۇ ئىسىل ئايال، مىنىڭ ئورنۇمدا ئۇنىڭغا ياخشى قارا، مەن ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، مەن ئاپاڭغا يۈز كىلەلمەيمەن، ئادەم ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن بەزى خاتالىقلىرىغا بىر ئۆمۈر بەدەل تۆلەشكە توغرا كىلىدىكەن..........»


ياق!!! كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك قۇيۇلىۋاتاتتى، ئېرىمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ نالە قىلاتتىم، لىكىن 4 تامدىن قايتقان ئەكس سادالارلا ماڭا جاۋاپ بېرەتتى................

بۇنى بىر خەن خىزمەتدىشىم ئۇزاقى يىلى ئېيتىپ بەرگەن، ئۇمۇ بىرسىدىن ئاڭلىغان ئىمىش، مەنبەسى نامەلۇم، ئۇ ئاساسى ۋەقەلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى، بۇنى ھىكايە شەكلىدى يېزىشقا تازا سەۋىيەم يەتمەي قالغانلىقتىن نەچچىگە بۆلۈنىپ كەتتى، توغرا چۈشەنگەيسىلەر.

## ئەمدى ئاق چەكمەيمەن

گۈلزىبا

يوق



نىمىشقا بۇ ئىشلارنى ,قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشايدىغان ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ قەلەم تەۋرىتىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن...بەلكىم بىھۇدە ساددىلىق ۋە بىخۇدلۇقتىن كېلىپ چىققان پاجىئەرىمنىڭ باشقىلارغا ئىبرەت بولۇپ قېلىشىنى ،بەلكىم كۆز ياش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئەستىلىك قىلىپ قويۇشنى ۋە بەلكىم ئاشۇ قارا كۈنلەردىن قۇتۇلۇپ چىقىشىمغا ياردەم قولىنى سۇنغان پەرىشتە سۈپەت كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىشنى ئويلىغاندىمەن ... مەيلى نىمىلا بولمىسۇن ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم ...

ئالىي مەكتەپنىڭ 3_يىللىقىغا يېڭىلا قەدەم باسقان ۋاقتىم ...كۈنلىرىم دەرىس ۋە دەرىستىن سىرتقى خىزمىتىم بىلەن ئالدىراشلا ئۆتەتتى ، كىچىكىمدىن كىتاپ ئوقۇشقا ئامراق ئىدىم ، كىتاپلاردىكى قەھرىمانلارغا ، باش پىرسۇناژلارغا چوقۇناتتىم ،مەيلى ئۆگىنىش ياكى تۇرمۇشتا ئۆزۈمگە تەلەپنى قاتتىق قوياتتىم ، ئۆزۈمنى ئەتراپىمدىكىلەردىن غەيرەتلىك ، تىرىشچان سىزەتتىم ، شۇڭا ئوقۇۋاتقىنىمغا قارىماي خىزمەت قىلدىم .ئەمما ئويلىماپتىمەن ، ئاشۇ سەۋەپ بىلەن نەچچە ئايدا نەچچە يىللىق هايات كەچۈرمىشلىرىنى باشتىن كەچۈرىشىمنى... ...

ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىشى بولغان ئاشۇ كۈن ھېلىمۇ تۈنۈگۈنكىدەك يادىمدا !

دەرىستىن چۈشۈپ ياتاققا ماڭغاندىم ، بىزگە چەتئەل ئەدەبىياتىدىن دەرىس بېرىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى بولىدىغان ، چىرايلىق بىر قىز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ ، مەن ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا قىز ئالدىراشلا كېتىپ قالدى . مەن ئوقۇتقۇچۇم بىلەن كۆرۈشتۇم.

___باياقى مىنىڭ قىزىم ، ماڭا ئوخشامدىكەن؟.___دەپ سوراپ قالدى ئۇ .

___بەك چىرايلىقكەن ، شۇڭىنىسى ئوخشمايدىكەن ،___دىدىم مەنمۇ ھەييارلىق بىلەن ...

___سەن دىمەكچى مەن چىرايلىق ئەمەس...ھى ھى ھى ...مەن شىنجاڭلىقلارنىڭ مۇشۇنداق ئۆز سۆزلۈكلىكىنى ياخشى كۆرىمەن ، لىكىن مەن ياشىنىپ قالدىم ، ياشلىقىمدا ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق ئىدىم...

___ئالىي مەكتەپتە ئوقامدۇ ؟

___ياق ، ئۇنىڭ تىنى ئاجىز ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتمىدۇق ، لىكىن ئۆزى تىرىشچان ، ھازىر شىركەت ئاچتى ، تېخى يېقىندىلا ئىش باشلىدى ، جىددى خىزمەتچى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ ...ئۇ ئالدىراش ھازىر...

___نىمە شىركەت؟

_ئۆي-مۈلۈك شىركىتى...

___ئۇ قوبۇل قىلىدىغان خىزمەتچى نىمە ئىش قىلىدۇ ؟

___ئۇ يەردە 24 سائەت خىزمەت تۈزىمى بار ، كېچىلىك كۈندۈزلۈك دەپ ئىشلەيدۇ ، ئاساسلىقى ئەزالىق كارتىسى بېجىرىدۇ ، قالغىنىنى كومپيوتۇردا قىلىدىغان ئىش ...قانداق قىزىقىپ قېلىۋاتامسەن ؟

___ھەئە ،___گەپنىڭ ئۇچۇقىنى قىلىۋەردىم ...

___سىنى ئىشلىگىن دىمەيمەن ،بۇ ماۋسۇم دەرىسلىرىڭ بەك كۆپ ئەمما شىركەتكە بېرىپ يۈز-تۇرانە كۆرۈشۈپ باقساڭ ، ئۆزۈڭنى سىناپ باقساڭ بولىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ئوقۇتقۇچۇمدىن قىزىنىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى ئالدىم ۋە شۇ ھەپتىدىكى دەم ئېلىش كۈنىلا ئۇ شىركەتكە باردىم ، ئۇلارنىڭ ئۆي_مۈلۈك شىركىتى نامىدىكى ئۇ شىركەت يېڭىدىن سېلىنغان ئائىلىكلەر ئولتۇراق بىناسىغا جايلاشقان بولۇپ ئاساسلىقى پۈتۈن ئەسلىھەلىرى ، تاماق ئىتىش ئۆسكۈنلىرىدىن تارتىپ ھەممە نىمىسىگىچە تولۇق بولغان ئۆيلەرنى سىرتقا قارىتىپ قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەت ئىجارىگە بىرىشنى ئاساسلىق تىجارەت شەكلى قىلىدىكەن ... خىزمەتچىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئاساسلىق كومپيوتۇردا قىلىدىغان مەشغۇلات ئىكەن ،ئەزالىق كارتىسى بېجىرىشمۇ تەرتىۋىنى ئوقۇۋالسىلا بولىدىغان ئىش ئىكەن ، يۈز_تۇرانە ئىمتاھان دىگىنى بولسا ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مىنىڭ خەنزۇتىلى سەۋىيەمگە بولغان قىزىقىشى ئىكەن...شۇنداق قىلىپ ئۇ شىركەتتە ئىشلەپ قالدىم ، شىركەتتىكەرنىڭ ھەممىسى قىزبالا بولغاچقا ماڭا بىخەتەر تۇيۇلدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت كېچىسىلا ئىشلىسەم بولاتتى ، مۇنداق مۇۋاپىق ۋاقتى بار خىزمەتنى تېپىشنىڭ ئۆزى بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن بەسى مۈشكۈل ئىش ئىدى . دەسلەپكى كۈنلىرى ئۆيدىكىلەرگىمۇ ، ئوغۇل دوستۇمغىمۇ بۇ ئىشنى ئېيتمىدىم ، چۈنكى ئازراق ۋاقىت قاراپ بېقىش ، بولمىغۇدەك بولسا ئۆزۈمنى تارتىش ئويۇممۇ يوق ئەمەس ئىدى ، ئەمما بىر ھەپتە ئىشلەش جەريانىدا شۇنى ھىس قىلدىمكى خىزمەتداشلىرىممۇ ئوبدان ، شارائىتىمۇ ياخشى ئىكەن ، كېچىسى

ئىشلىگەندە ئانچە كۆپ ئىش يوقكەن .( پەقەت بىر كۈنى 30_قەۋەتتىكى بىر ئۆينى سۈپۈرۈپ كىتىپ ھەممە ئاۋارىچىلىق بىرگە بولدى ، ئۇنداق ئىشلارمۇ يوقنىڭ ھىسابىدا )...ئىككى ئادەم ئىشلەيدىغان بولغاچقا نۆۋەتلىشىپ ئۇخلىسىمۇ بۇلىدىكەن ...كىچىسى ئىشلەيدىغىنىمىز مەن ۋە شەرقى شىماللىق فېي فېي ئىسىملىك بىر قىز ئىدى ، ئۇنىڭ كۈندۈزى قىلىدىغان باشقا ئىشى بولمىغاچقا ئاساسەن ئۇخلايتتى ، شۇڭا كېچىلىرى ئۇنىمىغىمغا ئۇنىماي مىنى ئىشخانىدىكى ياتقىغا كىرگۈزىۋىتەتتى .

بىر ھەپتە بولغاندا بۇ ئىشلارنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتتىم ، ئۆيدىكىلەر قوشۇلمىدى ، لىكىن ئانچە_مۇنچە يالغاننى قوشۇپ يۈرۈپ ، چىنىقىمەن دىگەن سۆزۈمدە چىڭ تۇرىۋىلىپ دىگەندەك ئۆيدىكىلەرنى ئاران ماقۇل كەلتۈردۈم .ئوغۇل دوستۇم بولسا ئۇنىمايلا قويدى

__نىمىشقا ؟ ئىشلىمىسەڭ زادى بولمامدىكەن ؟...پۇلۇڭ يەتمەيۋاتسا مەن سىپ بىرەي ، ئۇزۇم خەجلىمىسەممۇ ساڭا ئەۋەتىپ بىرەلەيمەن...ئەمما ئۇنداق مىھمانخانىلارغا ئوخشايدىغان يەردە ئىشلەيمەن دىسەڭ مەن قوشۇلمايمەن...يا ماڭا تۇر يا خىزمىتىڭگە...

نىملا بولمىسۇن ، <تىلفۇنۇم 24سائەت ئۇچۇق بولۇش ، دەرىستىن سىرت ۋاقىتتا ھەر 15مىنۇتتا بىر ئۇچۇر يوللاش ، دەرىس قالدۇرماسلىق ۋە ئىمتاھان نەتىنجەمنىڭ ئالدىنقى مەۋسۇمدىن تۆۋەن بولماسلىق >شەرتى ئاستىدا ئۇنىمۇ ماقۇل قىلدىم ...ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ بىلەن كۆرىشىدىغان ۋاقتىم بۇرۇنقىدىن كۆپ ئىدى ، چۈنكى كەسپى كومپيۇتېر بولغانلىقى ئۇچۈن ئۇنىڭ كومپيۇتېرى بار ھەم تورغا ئۇلاقلىق ئىدى ، ئىشخانىنىڭ تورىمۇ كۆپىنچە ئىككىمىز ئۇچۈن خىزمەت قىلاتتى...ئۇنى رەنجىتىپ قويۇش ئۆيۈم ئەسلا يوق ، ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن ، بىلىمەن ، ئۇمۇ مىنى ياخشى كۆرىدۇ ، ماڭا ياخشى بولسۇن دەيدۇ ...ئەمما كىچىكىمدىن شۇنداق بىر مىجەزىم باركەن ...بىر ئىشنى قىلغۇم كەلسە شۇ ئىشقا كىرىشىپلا قالىدىغان...ھەر قانداق ئادەم تۇسسۇپمۇ تۇسۇپ بۇلالمايدىغان...قىلغۇم يوق ئىشنى ھەر قانچە زورلىسىمۇ قىلمايدىغان...

شۇنداق قىلىپ ئىشلەپ قالدىم...كۈنلىرىم ئىشخانا بىلەن مەكتەپ ئارىسىدىلا ئۆتەتتى...دەرىسلەردىمۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ، ئىشخانىدىمۇ ئۇزۇمنىڭ خىزمەت دائىرىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقاتتىم ...ئاتا-ئانامىمۇ ، ئەنزەرمۇ ئەمدى خېلىلا خاتىرجەم بۇلۇپ قالغانىدى...

ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىشى بولغان ئاشۇ كۈن ھېلىمۇ تۈنۈگۈنكىدەك يادىمدا !

ئۇ كۈنى ئەزەلدىن قەھرىتان قىشتىمۇ قار ياغقىنىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ نەس باسقان شەھەردە ئون ئىككىنچى ئاينىڭ قارىسى ئەمدىلا كىرگىنىگە قارىماي قار ياغقانىدى ، يەنە جاھىللىق قىلىپ سوغۇققا قارىماي ۋېلسىپىتىمنى مىنىپ مەكتەپكە بېرىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمەي ئاپتۇبۇسقا ئولتۇرۇپ ماڭدىم ، ئەتتىگەندىلا ئاچچىقى يامان، دىۋىدەك يوغان خەنزۇ ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ كەسپي دەرسى بار ئىدى ،ئاپتۇبۇس مەن بىلەن قېرىشقاندەك ئۆمىلەپ دىگۈدەك مەكتەپكە كەلدى ...بېكەتتىن سىنىپقا توختىماي يۈگۈرۈپ كىرگەنلىكىم ئۇچۈن ھاسىراپ نەپسىمۇ يىتىشمەي قالغانىدى ، ئاچچىقى يامان ئوقۇتقۇچۇم ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان قىلىقنى قىلىپ مىنى گەپمۇ قىلماي ئولتۇرغۇزۇۋەتتى...بەلكىم ، مىنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىمدىن ئۇمۇ خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك،،،ئەمدىلا ئولتۇرۇشۇمغا دوستۇم رەشىدە يەنە كونا سۆزىنى تەكرارلىدى:

_نىمە جاپا بۇ ساڭا ، ئىشلىمىسەڭ نىمە بۇلا ؟! قارىغىنا ئەپتىڭگە...

ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپلا قويدۇم خالاس...كەچتە دەرىستىن چۈشۈپ بۇرۇنقىدەكلا ئالدىراپ ئىشخانىغا ماڭدىم ... ...ئىدارە بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىرى <<قارا>>دىگەندەك قىلىپ قالدى ۋە بېشىمنى كۆتۈرۈپ مۇنداقلا قاراپ قويدۇم...قارىدىمىۇ يەنە ئىختىيارسىز قايتا قاراشقا مەجبۇر بولدۇم...تاللا بازىرى ئالدىدىكى پەشتاقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ،18~19ياشلاردىكى ، بىرلا قارىماقتا ئۇيغۇرلىقى چىقىپ تۇرىدىغان قىز...ھاۋانىڭ شۇنچە سوغۇق بۇلىشىغا قارىماي كىيۋالغان يىلىڭغىنە چاپان ، پۇتىدىكى كۈزلۈك ئاياق...يۈرىكىم شۇررىدە قىلدى...

___سىز ئۇيغۇرمۇ ؟،__قىزنىڭ ئالدىغا باردىم .

___ئېھ .

___ئوقۇمسىز ؟

___ياق ، ئىنىمنى ئىزدەپ چىققان ، ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى تاپالمىدىم .

___ئۆزىڭىز يالغۇز؟...ئاتا_ئانىڭىزچۇ ؟

___... ... ...

___يۈرۈڭ تاماق يەيلى .

قىز رايىشقىنە ئارقامدىن ئەگەشتى...كىم ئېيتىپ بىرەلەيدۇ ھاياتنىڭ ھەقىقىتى ۋە سىنىقىنى ؟كىم بىلىدۇ نىمە ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن قىز بۇ ؟ ئىدارىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئەمما پاكىز خۇيزۇ ئاشخانىسىغا كىردۇق .

___ ئاتام بىز كىچىك چاغدىلا ئۆلۈپ كىتىپتىكەن ،___دەپ سوئاللىرىمغا جاۋاپ بىرىشكە باشلىدى قىز .___ئۆگەي ئاتىنىڭ ئالدىغا ئۆكام سىغمىدى...ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى...ئۆكامنى ئىزلەپ مەن چىقتىم...ئۇنى مۇشۇ شەھەردە بازارچى باللارغا ئارىلىشىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم ، ئەمما ھازىرغىچە تاپالمىدىم . ئىككى كۈن بولدى ئاغزىمغا تاماق سالمىغىلى ، كېچىسى ۋوگزالدا ياتتىم ، كۈندۈزى ئۆكامنى ئىزلىدىم

___ ئاپىڭىز قانچە ئەنسىرەپ كەتكەندۇ...

___ئەنسىرمەيدۇ ! بىز ئۇنىڭغا ئارتۇق...،___قىزغا يەنە نىملەرنى دىمەكچى بولدۇمكىن ئەمما دىيەلمەي ، ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كىلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم...چۈنكى قىزنىڭ كۆزىدىن مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان سوغۇق ئۇچقۇننى كۆرىۋاتاتتىم... ... ...

تاماقنىغۇ يەپ بولدۇق ، ئەمدىكى مەسىلە قىزنى قانداق قىلىش . ئىشخانىغا كېچىسى مۇناسىۋەتسىز كىشلەرنى ، دوسلىرىمىزنى ئېلىپ كىرسەك بولمايتتى ، فېي فېيغۇ بۈلارنى جىگلىغا دەپ يۈرمەيدۇ ئەمما ... ...قىزنى ماشىنىغا سېلىپ مەكتەپكە يولغا سېلىش ئاندىن قىزلارغا تىلفۇن قىلىشنىمۇ ئويلىدۇم ، ئەمما بىر چاغلاردا بىرسىنى ياتاقتا بىر قانچە كۈن ياتقۇزغاندا چىققان كۆڭۈل ئاغرىقنى ئويلاپ يەنە يالتايدىم...نىملا ئويلىماي ئائىلە مېھرىدىن مەھرۇم بولغان بۇ قىزنى <يەنە ۋوگزالغا بېرىپ يېتىڭ >دەپ  يولغا سېلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى ...قىزنى ئېلىپ ئىشخانىغا چىقتىم....

<<مىنىڭ ساۋاقدىشىم ، ئەتە ئەتىگەندە پويىز ئىستانسىغا بىرىنى كۈتكىلى چىقماقچىتۇق . شۇڭا يېنىمدا يېتىپ تۇرسۇنمىكىن>> دىدىم فېي فېي ماقۇلغۇ بولدى ، پويىز ئىستانسى يېقىن بولغاچقا ئانچە گۇمانلىنىپمۇ كەتمىدى ، لىكىن خۇدۇكسىرىگەندەك قىزنىڭ ئەپتىگە قاراپ قويدى .

قىزنى ئادەتتە فېي فېي ئىككىمىز ياتىدىغان ياتاققا باشلىدىم ، ئانچە كۆپ پاراڭلىشىپمۇ كەتمىدۇق ... ... ... ئىشخانىدا ئولتۇرىمەن ، ئەنزەر بىلەن چ چ دا پاراڭلىشىۋاتىمەن ..لىكىن قىزنىڭ گىپىنى ئەنزەرگە

---

قىلمىدىم ...ئۇنى يەنە ئەنسىرىتىشنى ، مەن ئۇچۇن غەم يىگۈزۈشنى خالىمىغانىدىم .. خىيالىمدا يەنىلا شۇ قىز ... ...<چۇقۇم سەگەك بۇلىشىم كېرەك ، ئېھتىياتچان بولۇشۇم كېرەك ، ئەگەر بىخۇدلۇق قىلساق تارتمىدا نەچچە مىڭ سوم پۇل بار ، بىرلا قېتىم كۆرۈشكەن قىزنى ئىشخانىغا باشلىغىنىم ياخشى بولمىدى ...شۇڭا قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك...>ئۆزۈمنى خېلى چوڭ بۇلۇپ قالغاندەك ، بىخەتەرلىك ۋە ئۆزۈمنى قوغداش ئېڭىم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ھس قىلدىم...بىر كېچە ئۇخلىماسلىققىمۇ نىيەت قىلدىم ......ئەمما ئىشنىڭ . جەمىيەتنىڭ ، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ئۇنچىۋالا ئاددى ئەمەسلىكىنى ھەقىقى تونۇپ يەتكىنىمدە ئاللىقاچان كىچىككەنىكەنمەن... شۇنداق قىلىپ بىر كېچە ئۇخلىمىدىم ، ئەتە ئەتىگەندىلا تاڭ يورىشى بىلەن ئاسىيەنى(تونۇۋالغان ئۇ ئىسمىنى شۇنداق دەپ بەرگەنىدى) ئويغاتتىم ، خىزمەتدىشىمنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىقىم كېرەك ئىدى .

___ئاسىيە ، تۇرۇڭ ...مەكتەپكە بارىمىز...

ئاپتۇبۇسقا چىقتۇق ، بۇگۈن بىرىنچى ، ئىككىنچى سائەتتە دەرسىم يوق ئىدى .

ئەمدىلا ئەنزەردىن كەلگەن ئۇچۇرغا جاۋاپ قايتۇرۇپ تۇرۇشۇم ئۇ مەندىن سورىدى :

___ئوغۇل دوستىڭىزمۇ ؟

___ھەئە .

___ئوقامدا ؟

___ھە ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىدا ئوقۇيدۇ .

___سىزگە بەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن ھە ... بىكار تۇرماي تىلفۇن قىلىدىكەن ، ئۇچۇر يوللايدىكەن ...

كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدىم .

___ئاتا_ئانىڭىز ئىشلەۋاتقىنىڭىزنى بىلەمدۇ ؟

___ھەئە بىلىدۇ ، دەسلەپتە قوشۇلمىغان ، كىيىن ئاران تەستە ماقۇل كەلتۈردۇم ،ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپام ماڭا بەك ئىشىنىدۇ ____قىزغا شۇلارنى دەۋېتىپ ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ دادامغا:

___يەنە سىلىگە جاپا سالدىم دادىسى ، مۇشۇ پۇتۇمنىزە ...ئازراق ھاۋا بۇزۇلسىلا ئادەمگە ئارام بەرمىگەن...خۇدايىم بۇيرىسا ئاي قىزىمنىڭ ئوقۇشى پۈتەي دىدى ، شۇ ۋاقىتتا سىلىگىمۇ ئارام بۇلىدۇ ...ئۆزىمۇ ،

قۇلىمۇ ، مىجەز-خۇلقىمۇ ئايدەك چولڭ بولدى ئاي قىزىمنىڭ ...خۇدايىم بەختىنى بەرسۇن ئاشۇ ئاي قىزىمنىڭ...
،___دەپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋاتقان ئاپام كۆز ئالدىمغا كىلىپ كۆزلىرىمگە ياش كىلىپ كەتتى...قىزىمۇ بىر نەرسىلەرنى سەزگەندەك ئارتۇق گەپ قىلمىدى .

ياتاققا كىردۇق ، قىزلار تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىكەن ، چامدانلىرىمنى ئاختۇرۇپ قىزغا بىر چاپان ، ئىچى _ تېشىغا بىردىن ئىشتان ئېلىپ بەردىم ، ئايىغىم پۇتىغا خېلىلا چولڭ كىلىپ قالغانىدى قوشنا ياتاقتىكى سىڭتىقچى باللاردىن پىتەك ، پايپاقمۇ سىتىۋالدىم . يېشى كىچىك بولغان بىلەن خېلى ئۇستىخانلىقمۇ ياكى مەن بەك كىچىكمۇ ئىشقىلىپ كىيىملىرىم قىزغا بەك ئوبدان كەلدى ...قىزنى ئېلىپ مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىغا ئەپچىقتىم ، بىرگە تاماق يىدۇق ، ئەمما خىيالىمدا يەنىلا قىزنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن ، مەنچە بولسا نەسىھەتىمنى ئاڭلاپ يۇرتىغا ، ئاپىسىنىڭ يىنىغا كەتسە بەك ياخشى بۇلاتتى ...بەلكىم ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق باردۇ...نەدىمۇ ئانىنىڭ باغرى شۇنچە تاش بولغان بار ...ئۆز پەرزەنتىنى ئارتۇق كۇرىدىغان...

___سىز بەك ئاقكۆڭۈلكەنسىز-ھە!~~~

___ھە؟!

___دىمەكچى بولغىنىم ، مۇندىن كىيىن ماڭا داۋاملىق مۇشۇنداق ياردەم قىلالامسىز ؟! تاماق ، كىيىم ئېلىپ بىرەلەمسىز ؟ ئالىيجاناپلىقىڭىزنى يەنە داۋاملاشتۇرالامسىز ؟!

قىزنىڭ نىمە دىمەكچى بولغىنىنى ،چاخچاق قىلغان ياكى مىنى مەسخىرە قىلغانلىقىنى بىلەلمىدىم ،ئۇ گەپ قىلمىغىنىمنى كۆرۈپ ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

___مەن بۇگۈن قايتىپ كىتىمەن ، ...بېرىپ بىرەر ئۇيغۇر ئاشخانىسىدىن خىزمەت ئۇقۇشۇپ باقاي ، قاچا-قۇچا يۇيىدىغان ئىش بولسىمۇ مەيلى ...خاتىرجەم بۇلۇڭ ، كىيىملىرىڭىزنى قايتۇرۇپ بىرىمەن...ھە راست ، سىز مەن كىيگەن كىيىملەرنى كىيمەيسىز ھە قاچان ، سىزگە يېڭىدىن باشقىنى ئېلىپ بىرەي ھە !

نىمە دىيىشىمنى بىلمىدىم ، بىر تۇرۇپ ھازىر ئۇنىڭ كاللىسى تازا جايىدا ئەمەس ،ھازىر نىمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ تازا ئاڭقىرىپ كىتەلمىسە كېرەك دەپ ئويلىغان بولسام بىر تۇرۇپ كىچىك تۇرۇپ كۆرگەن كۈنلىرى ، ئېچىنىشلىق تەقدىرى قىزنىڭ مىڭىسىنى كاردىن چىقارغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم .

___ئامان بۇلۇڭ ، ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى چۇقۇم قايتۇرىمەن .

___ھاجىتى يوق ، قايتىپ كەتسىڭىز ياخشى...

___بولدى قىلىڭە !

گىپىمنىڭ ئاخىرنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم ، چۈنكى قىزنىڭ كۆزىدىن مەن ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ھېلىقى سوغۇق نۇرنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەتكەنىدىم ...

قىز كەتتى ...مىنىڭ كۈنلىرىم بولسا يەنىلا بۇرۇنقىدەك ...دەرىسلەرنى ياخشى ئۆگىنىپ ، ئىمتاھانغا ياخشى تەييارلىق قىلىش ، ئەنزەر بىلەن كەلگۈسىنىڭ گۈزەل كارتىنىلىرىنى سىزىش...كىتاپلىرىمدىكى قەھرىمانلار بىلەن غايىبانە سىردىشىش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى ...

ئالاھەزەل بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كىيىنكى بىر كۈنى ، ئىشخانىغا كەلسەم فېي فېي >دوستۇڭ ئىزلەپ كەپتىكەن ، تاماق ئەكەپتۇ<دىمەسمۇ ، ھەيران بۇلۇپ قارىسام ئۇستۇلۇمنىڭ ئۈستىدە تاماق قاچىسى تۇرۇپتۇ ، ئىتتىك بېرىپ ئاغزىنى ئاچتىم ، نىمە دەي ! تېخى ھورى كەتمىگەن پولو ! پولونى كۆرۈپ دىماقلىرىم ، بۇرنۇمنىڭ ئۇچى ئېچىشقاندەك بولدى ، دىمىسىمۇ خىزمەت تاپتىم دىگەندىن بىرى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىغا بېرىشقا ، دوسلىرىم بىلەن بىردەن_يېرىمدەم ئولتۇرۇپ مۇڭداشقاچ تاماق يىيىشكە ۋاقتىم چىقمايۋاتاتتى ، تېخى چۈشتىلا مەكتەپ ئاشخانىسىدا ئولتۇرۇپ دوستۇمغا >ئەجەپ پولو يىگۈم كەلدى...ۋاقتىم بولسىمغۇ...<دىگەنىدىم ...

تاماق قاچىسىنىڭ يىنىدا كىچىككىنە بىر باغاقچىمۇ باركەن ."ئايگۈل ھەدە ، سىزگە تاماق ئەكەلدىم ، ئىسىسىقىدا يەۋېلىڭ ، مەن مۇشۇ ئەتراپتا بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىدا ئىش تاپتىم ، كۆڭكۆچىلىك قىلمەن ، ئاسيە."

خوش بولدۇم ، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن تاماقنى يىيەلىگىنىم ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئاشۇ بىچارە قىزنىڭ سوغۇقتا ۋە ئاچلىقتا قالماسلىقىنى ئويلاپ .

ئەتىدىن باشلاپ كۈن ئارىلاپ ئۈستىلىم ئۈستىدە ھەر خىل تاماقلار ۋە باغاقچىلار پەيدا بۇلۇشقا باشلىدى :

"ئۆزىمىز يىيىش ئۈچۈن چۆچۈرە ئەتكەن سىزگە قىسنىپ قالدىم "

"سىزنى لەڭمەنگە ئامراق دەپ لەڭمەن ئەكەلدىم ، سوۋۇپ كالمىسۇن..."

... ...

شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى ، كەچتە ئىشخانىغا كىرىشىمگە تاماقنى قۇيۇپ سىرتقا ماڭغان ئاسىيەنى ئۇچرىتۇپ قالدىم ، كونا ھەم يېقىن تونۇشلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق .

___يائاللا قىزبالا ، بىر ياخشىلىققا ئۇنىنى قايتۇردىڭىزغۇ ...يا ئۆزىڭىزنى كۆرگىلى بولمىغان ، قانداق ياخشى تۇردىڭىزمۇ ؟

___ھەئە ياخشى ، ئۇلارمۇ بەك ياخشى كىشىلەركەن .ماڭا ئىچ ئاغرىتىشتى ، سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بەرسەم سىزنى بەك ياخشى قىزكەن دەيدۇ .

___تىلغا ئالغۇدەك ئىش ئەمەس ئەسلى ئۇلار ، كىشىنىڭ يۇرتىدا شۇ ئۇيغۇرنى كۆرسە ئادەم بىر تۇققىنىنى كۆرگەندەك بولىدىغان گەپكەن ، ئۇلارمۇ ياخشى ئادەملەركەن ، تونۇمايدىغان بىرىگە كۈندە تاماق ئەۋەتكەندىن كېيىن !ھە راست ، ئۇ ئاشخانىنىڭ ئورنى قايەردىكەن ؟ يېقىن ئوخشايدۇ ھە ؟

___ئېنىق ئادرىسنى بىلمەيمەن ، ۋاقتىڭىز چىققاندا مەن ئاپىراي .

ئاسىيە قايتتى ، ئۇنىڭ ئەكەلگەن تامىقنى ھوزۇرلىنىپ يېدىم ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن كۈندە كۆرىشىدىغان ، بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان ، ئۇنىڭ قېنىق دەملىگەن چايلىرىنى ھوزۇرلىنىپ ئىچىدىغان بولدۇم .

ئىمتاھان يېقىنلاشقانسىرى ئۆيىنى تولا سېغىنىدىغان ، ھەتىلنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم ، خىيالىمدا ھەتىلدە ئوبدان ئارام ئالماقچى ، ئۆيدىكىلەرگە ياخشى ياردەملەشمەكچى ، يەنە كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان دوسلىرىم بىلەن قانغۇچە مۇڭداشماقچى ئىدىم...

تازا ئالدىراش يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئاسىيە تۇرۇپلا ئىككى كۈن يوقاپ كەتتى ... ئۇزۇمچە ئىچىم سقىلىپلا تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ ئەكەلگەن تاماقلىرى كۆز ئالدىمدىلا ...قارا چايىنى ھەر قانچە كۆپ سېلىپ دەملىسەممۇ يەنىلا ئۇ ھەملىگەن چايغا ئوخشىمايدۇ ...ئۈچىنچى كۈنى ئىچىم سقىلىپ بولالمايلا قالدىم ...كەچتە ھارغىن ھالدا ئىشخانىغا كەلدىمدە ئۇنى كۆردۈم:

___توۋا قىز بالا ، كۆيگەن يامانمۇ كۈنگەنمۇ دەپ ، ئەجەپمۇ كۈندۈرۈپسىز مىنى ... ئەكەلگەن تاماقلىرىڭىز كۆز ئالدىمدىلا ...يا ئاشخانىڭىزنىڭ ئادرىسنى دەپ بەرمەپسىز ...يا بۇ ئەتراپتا ئۇيغۇر ئاشخانىسى بارلىقنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن...

___مىنى كۆرگىڭىز كەلدىمۇ يا تاماقلىرىمنىمۇ ؟

___راست گەپ قىلسام ئىككىلىسنى ، بولۇپمۇ تاماقلىرىڭىزنى ...بۈگۈن نىمە ئەكەلدىڭىز ...ۋۇي...لەڭمەن...توۋا ، بەك موللا تاپقاق جۇمۇ سىز...،___بىر تەرەپتىن گەپ قىلۋاتىمەن ، بىر تەرەپتىن تاماق يەۋاتىمەن ...تاماق يېيىش سۈرئىتىمنىڭ تىزلىشىپ كەتكىنىنى دەيمەن...

___ئايگۈل ھەدە ، بىر گەپ سورىسام بولامۇ ؟،___ئۇنىڭ ئەركىلەپ تۇرۇپ ئېيتقانلىرىغا بېشىمنى لىڭشىتىپلا جاۋاپ بەردىم .

___ نىمە دىسەم بولا...ئىـــم...سىز ئەنزەركام بىلەن قانداق يۈرۈپ قالغان ؟

___مەنمۇ نىمە دەي ئەمدى،،،،راستىنى دىسەم ئۇنىڭ بىلەن قانداق يۈرۈپ قالغانلىقمنى بىلمەيمەن ...بىز ئالتە يىللىق ساۋاقداش...تولۇق ئوتتۇرىدا خېلى يېقىن ئۆتكەن ...ئالىي مەكتەپكە كىلىپ ئۆيدىكىلەردىن قالسىلا ئەڭ سېغىنغان ئادىمىم شۇ بولدى ...ئۇمۇ كۆڭلۈمدىكىنى تۇيغاندەك تىلفۇن قىلىپ تۇردى...شۇنىڭ بىلەن <نەدە تۇردۇڭ ، نىمە ئىش قىلدىڭ >بىلەن بىزنىڭ مۇھابىبىتىمىز باشلانغان بولدى ...

تاغدىن -باغدىن پاراڭلىشىپ بىردەم ۋاقت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاسىيە كەتتى ، شۇنچە سورىسامىمۇ يا ئادرىسنى يا بىرەر تىلفۇن نۇمرىنى قالدۇرۇپ قويمىدى ، ئۇنىڭ ئەكەلگەن تامىقنى يەپ يىنىكلەپلە قالدىم ...ھازىر ئويلىسام ئاشۇ چاغلاردىمۇ ھېچنىمىنى سەزمەي يۈرگىنىمنى ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر دۆتلىكىنى ھىس قىلىمەن ...

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ...ئەنزەر بىلەن پارىڭىمىزنىڭ ئاساسلىق تىمىسى يەنىلا ھەتىلدىكى كۈنلەردە ...گەرچە كۆپ كۆرۈشەلمىسەكمۇ ساۋاقداشلار يىغىلىشى مۇناسىۋتى بىلەن بولىدىغان كۆڭۈللۈك يىغىلىشلار ، يولدا قايتىش داۋامىدىكى شېرىن پاراڭلار...چاخچاق ئارىلاش قىلىنغان كۆڭۈل ئىزھارلىرى ... ... ...خىيالىمدا بولسا ئۇرۇمچى ۋوگزالىدىكى ھاياجانلىق دەقىقلەر...ئەنە مىنى شۇنچە كىشلەر ئارىسىدىغان ئىزلەۋاتقان بىر جۈپ كۆز ...ئەنە مىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ دىگۈدەك ئالدىمغا كەلگەن ئەمما ھاياجانلانغانلىقدىن نىمە دىيىشنى بىلەلمەي قېلىپ گەپ قىلمايلا سومكامغا قوللىرىنى ئۇزاتقان ئەنزەر... ...قىسقىسى كۈنلىرىم ھەتىلنى كۈتۈش بىلەن بەنىت ئىدى...

ئاسىيە يەنە بىر قانچە كۈن يوقاپ كەتتى ... بارغانسىرى مىجەزىم چۈشلىشىپ كېتىپ باراتتى ،،،تولىمۇ ھارغىن ئىدىم ... ....ئۇيقۇم كېلىپلا كېلىپ تۇراتتى ، ئىمتاھان ۋاقتى ، ئۆگىنىش جىق ، شۇڭا دەپ ئويلىدىم ...ئاسىيە كەلمىگەنگە ئىككى كۈن بولغان كۈنى ، كەچتە ئالدىراپلا ئىشخانىغا كەلدىم ، نە تاماق نە باغاقچە يوق ... ... كۆز ئالدىمدا يەنىلا كۈندە ئۈستىلىمگە پەيدا بۇلۇپ قالىدىغان لەغمەن ، پولو ، چۆچۈرەلەر...ئاسىيە ئۆز قۇلى بىلەن دەملىگەن چاي...بېشىممۇ ئاغرىپ تۇرىدۇ ...ئۈستىخانلىرىممۇ چېقىپ ئاغرىۋاتىدۇ ...چىقمەن ، كىرىمەن ... قايناقسۇ ئىچىمەن...فېي فېي ئەپتىمگە قاراپ نىمە بولغانلىقىمنى سورىدى :

___نىمە بولدۇڭ گۈلى ، بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ ؟

___بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ ، چارچاپ قالغان ئوخشايمەن.

___ئەمىسە كىرىپ ئارام ئال ، سىنىڭ ۋەزىپەڭ ئۆگىنىش ، ئىشقا ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ كەتمە .

ئۇنىڭغا ئارتۇق تەكەللۇپمۇ قىلمىدىم ، ياتىقىمغا كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم ، كىچىك ۋاقىتلىرىمدا قىزىپ كېتىشتىن بۇرۇن مۇشۇنداق بۇلاتتىم ، قارىغاندا ئاغرىپ قالىدىغان بولسام كېرەك ...

___گۈلى بارمۇ ؟،___بۇزۇپىراق قىلىنغان تەلەپپۇزدىنلا ئۇنىڭ ئاسىيە ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشخانىغا چىقتىم .

___قېنى كىرىڭ ...ئۇھ ...ھەنىم بولسا كەلدىڭىز ،___قىزنىڭ قۇلىدا تاماق يوق ، پەقەت مىنىرال سۇلا بار ئىكەن ، ئۇنى كۆرۈپ لاسسىدە بۇلۇپ قالدىم .

___مىجەزىڭىز يوقمۇ نىمە ؟

___ھە...ياق ...ئازراق ...مىنى ئاشخاناڭلارغا باشلاپ بېرىڭچۇ ئاسىيە ...

___مۇشۇ كەچتىما ؟ ئىشلىمەمسىز ؟،___راستىنى دىسەم كاللامدا پەقەت شۇ تاماقلا بار ...ئەگەر ئۇ ماقۇللا دىگەن بولسا ئىشخانىنىمۇ ئۇنتۇپ يۈگۈرگەن بۇلاتتىم ...

___ئەمىسە چاي دەملەپ بېرىڭە ، سىزنىڭ چايلىرىڭىزنى ئىچكۈم كەلدى....___دەل شۇ ۋاقىتتا ئەنزەردىن تېلفۇن كېلىپ قالدى ، باياتىن بىرى يوللىغان ئۇچۇرلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاپ قايتۇرمىغانىدىم ، ئىشخانىغا بېرىپمۇ نىمىشقا تورغا چىقمايسەن دەيدىغىنىنىمۇ بىلەتتىم ...دىگەندەك بولدى :

___ مىجەزىم يوق شۇ ...ھېچنىمە ...مەن ئىشخانىدا ، ئىشەنمىسەڭ تېلفۇن قىل ئىشخانىنىڭكىگە ......نىمانداق قىلىسەن ،....بولدى قىلە !

ئۇنىڭ ئاخىرىدا نىمە دىگەنلىرىنىمۇ ئاڭلىيالماي قالدىم . راستىنى دىسەم مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئۇنى نەچچە قېتىم مۇشۇنداق سىلكىشلىۋەتتىم ، ھېلىمۇ ئۇ كۆتۈرۈۋېلىۋاتىدۇ ...

___مەڭ بۇنى ئىچىڭ ،___قىز قۇلىدىكى مىنىرال سۇنى ماڭا تەڭلىدى .

___ھۇرۇنلۇق قىلماي چاي دەملەڭە ...سۇ ئىچكۈم يوق...

ئاسىيە يەنىلا گەپ قىلماي ، خۇددى مەن ھېچنىمە دىمىگەندەك قاراپ ئولتۇردى .ئازراق خاپا بولدۇم ...راستىنلا ئاغرىپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشەندىم ...بەدەنلىرىمگە تىترەك ئولاشقىلى تۇردۇم ، قىزغا گەپ قىلمايلا ياتىقىمغا كىردىم ...بىردەم يېتىپ باقسام ھېچ ئويغىنالمىغاندەك ئەمەس...

___ئاۋال بۇنى ئىچ ، قالغان گەپنى ھېلى دىيىشىمىز !

ئۇنىڭ مىنى بىراقلا سەن دىيىشنى ئاڭلاپ مىڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتەي دىدى ، ئەمدى گەپ باشلاي دىۋىدىم ئۇنىڭ كۆزىدىكى ھېلىقى سوغۇق نۇرنى كۆرۈپ يەنە ئەندىكىپ كەتتى :

___ئاۋال بۇنى ئىچ ، نەچچە مىنۇتتىن كېيىن سىنىڭمۇ مىنى سىز ، سىڭلىم دىيىشكە رايىڭ قالمايدۇ ! ...

ھازىر ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ ئاشۇ گەپلەرنى قىلغاندا ، مەن پوتۇلكىغا قۇلۇمنى ئۇزاتقاندا نىمىلەرنى خىيال قىلغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن ، ئويلىغىنىم پەقەت قىزنىڭ قولىدىكى سۇ !

ئاستا -ئاستا ئەسلىمگە كەلدىم ، بەدەنلىرىمنىڭ ، ئۈستىخانلىرىمنىڭ ، باشلىرىمنىڭ ئاغرىقىمۇ بىردەمدە قويۇپ بەرگەن يېپيېنىكلا بۇلۇپ قالغانىدىم ...مىڭەم تەپەككۇرگە كەلگەندە بولسا قىزغا ، كۆزلىرىدىكى سوغۇق نۇرغا ۋە باياتىن بىرى بۇلۇۋاتقان ئىشلارغا يۈرۈككۈم ئېغىپ كەتتى ... ...

قىزنى تىللىدىم ، <نىمىشقا ،زادى نىمىشقا مۇنداق قىلىسەن>دەپ ياقىلىرىغا ئېسىلدىم ...يىغلىدىم ...ئۇنى ئىتتىرىپ يېقىتىۋەتتىم ...ئەمما ئۇ يەنىلا بىر خىل ...كۆزلىرىدە يەنىلا ھېلىقى كىشى قاراشتىن ئەيمىنىدىغان سوغۇق نۇر...

قانچىلىك يىغلاپ ئولتۇردۇم ، ئاسىيە___ئۇ ئالۋاستى نىمىلەرنى دەپ چىقىپ كەتتى ، فېي فېي نەچچە كىرىپ ماڭا

نىمە دىدى بىلمىدىم ، ھەراست ئۇ ئالۋاستى ماڭا <ئەمدى تاماق لازىم بولسا ھەر كۈنى يەتتىدە ئۆدۈل كوچىدىكى مەكتەپ يېنىدا ساقلايمەن ، ئىسىڭدە بولسۇن ، مىنۇت كىيىن قالمىسۇن > دىدى ...قۇرۇپ كەتسۇن مىنۇتلىرى...سائەتلەپ ساقلا ...سىنى يەنە كۆرەرگە كۆزۈم يوق !... ...كۆڭلۈمدە شۇنداق دەپ تۇرساممۇ يەنىلا شۇنداق قورقۇۋاتاتتىم...يۈرۈكۈمگە ئاجايىپ بىر خىل قورقۇنۇش كىرىۋالغان ، خۇددى ناھايىتى تىرناقلىرى ئۇزۇن بۇ قول ئاشۇ تىرناقلىرى بىلەن يۈرىكىمنى تاتىلاۋاتقاندەك ئىدى ...ئەنزەرگە تىلفۇن قىلىپ ئۇنىڭغا ھەممە ئىشلارنى ئېيتماقچى ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولدۇم...

___ ۋەي !

___... ... ...___گەپ قىلالمىدىم ، بۇغۇلۇپ_بۇغۇلۇپ يىغلاپ كەتتىم .

___ئايمۇ سەن ! نىمە بولدۇڭ ئاي ؟ گەپ قىلغىنە... ...يىغلىمىغىن ،،،خاپا بولما ، باياتىن ساڭا قوپال تىگىپ قويدۇم ....ساڭا ئىشەنمىگەنلىكىم ئەمەس...سەندىن زىيادە ئەنسىرەپ شۇ ...ئىشەنسەڭ سەن ئىشلىگەندىن بىرى بىرەر كۈنمۇ خاتىرجەم بولغىنىمنى بىلمەيمەن...شۇڭا...گەپ قىلغىنە ئاي...خاپا بولما...

___... ...

___يىغلىمىغىن ، سەن يىغلىساڭ مىنىڭ يۈرىكىم ئەجەپ بۇلۇپ كىتىدىكەن ،،، ،،،

___مەن...سا...ساڭا...بەك ئامراق... ...

___بىلمەن خۇتۇن !

___قېلىن ! كىم سىنىڭ خۇتۇنۇڭكەن ! قېلىن ، قېلىن ، يۈزى داپتىنمۇ قېلىن !

___ھى،،،ھى،،،ھى،،،تىلىلغىنە ھە ، تىلىلغىنى كۆيگىنى دەپ ...ئۇچۇق دەۋەرگىنە ھەممە گەپنى قىينالماي ...

___... ...

ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتىمەن...كۆزلىرىمدە ياش...ئۇنىڭغا چاندۇرماسلىق ، بىردەم چىداش ئۈچۈن لەۋلىرىمنى چىڭ چىشلىدىم ...

يەنىلا ئېيتالمىدىم ، باشتىلا ئۇنى ئەنسىرەپ كەتمىسۇن دەپ بىر قىزنى ئىشخانىغا ئاندىن ياتاققا ئاپارغانلىرىم ، كىيىن قىزنىڭ تاماقلىرىنى يەپ چايلىرىنى ئىچكەنلىرىمدىن تارتىپ ھەممىنى دىسەم بوپتىكەن ...ئۇ ۋاقىتتا

بۇنچىۋالا كۆپ دەرتنى ئۆزۈملا تارتىپ كەتمەس ئىدىم...

يەنە يىغلىدىم ...سائەتكە قارىسام بىردىن ئېشىپتۇ ، دىمەك يۈرتتا ئالىلقاچان ئون بىرلەردىن ئاشقان ...مۇنداق ۋاقىتلاردا ئۆيدىكىلەرنىڭ ئالىلقاچان ئۇخلاپ بولىدىغىنى ئېنىق ! مۇشۇنداق چاغلاردا ئاپامنى ، دائىم <ئايدەك چوڭ بولدى ئاي قىزىم ، بەختىنى بەرگەيسەن خۇدايىم>دەپ تىلەپلا يۈرۈيدىغان ئاپامنى شۇنچىلىك سېغىنغاندىم ...ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەيمەن ، چېنىقايچۇ ، مۇئەللىمىمنىڭ قىزى ئاچقان شىركەت ، قىزلارلا بار ،كومپيۇتۇردىلا قىلىدىغان ئىش...كەچتە بىر نەچچە سائەت ئولتۇرۇپ بەرگەنگە ئىككى ئايلىق تۇرمۇش پۇلۇم چىقىپ قالىدىكەن ...ئۇنىڭ ئۇستىگە خەنزۇتىلى سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈشكە بەك ئوبدان ياردىمى بولىدىكەن دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرىۋالغىنىمدا ئاپامنىڭ <شۇنداقتىمۇ ئەنسىرەيدىكەن قىزىم...>دەپ ياش تۆكىشى مىنىڭ ھازىرقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى كۆڭلى تۇيغانلىقى ئۈچۈنمىكىن_يا ! ھازىر بىر قېتىم بولسىمۇ ئاپامنىڭ بىر ئېغىز ئاۋازىنى بولسىمۇ ئاڭلىۋالسام كاشكى... ...

مۇشۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ تىلفۇنۇمدىن چىققان مۇزىكا ۋە ئېكراندا كۆرۈنگەن ئۆينىڭ نۇمۇرىغا قاراپ ھەيرانلىقىمدا تۇرۇپلا قالدىم ...خۇددى پايانسىز قۇملۇقتا كىتىۋاتقان كىشىگە كۆزلىرىگە تۇرۇپلا يېشىللىق كۆرۈنۈپ كەتكەندەك خاتا تۇيغۇمۇ ؟

___ۋەي !

___ئاي قىزىممۇ ، تىشلىقمۇ بالام

___سلەرچۇ ؟ ئۆيدە بىرەر ئىش بولدىما ؟ تېخى ئۇخلىماپسلەرغۇ ؟

___بىز تىشلىق بالام ، ھىچ ئىش يوق ، شۇ كۆزۈم ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنىپتىكەن ...چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز ...چۆچۈپ ئويغىنىپ...سىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم بالام ...مانا ئويلىغىنىمدەك بوپتۇ ...يىغلاپسىز ھە بالام ...ئېيتىڭە ، مىجەزىڭىز يوقمۇ ...ياكى بىرەر ئىش بولدىمۇ ؟

ئانىنىڭ كۆڭلىنىڭ شۇ قەدەر تۇيغۇن ۋە سەزگۈر بولىدىغىنىنى ئەنە شۇ دەقىقىدە ھىس قىلدىم ، ئۆزۈمنى ھەر قانچە تۇتىۋالاي دىسەممۇ بولمىدى ، يەنىلا بۇغۇلۇپ -بۇغۇلۇپ يىغلاپ كەتتىم ... ...

___دەڭە بالام ، قىز بالا چوڭ بولغانسىرى ئانىسىدىن سىر يۇشۇرمايدىغان بۇلىشى كىرەك...

___ئاپا،، ...نىمىشقا مەن باشقىلارغا ... ...ياردەم قىلسام ...باشقىلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ ئاپا ! ... زادى ئاقكۆڭۈل ئادەملەر زىيان تارتامدۇ...نىمىشقا...،___گەپلىرىمنىڭ ئاخىرىنى دىيەلمەي يەنە بۇغۇلۇپ كەتتىم...

___ياتاقتا بىرە رسى بىلەن گەپ تالىشىپ قاپسىزدە ...ئۇنداق ئۇششاق ئىشلارغا مۇنداق يىغلىماڭ بالام ، خۇدايىمغا ناشۈكۈرلۈك قىلغان بۇلىسىز ...ئۇنداقلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن ، بۇ دىگەن ئۆتنە جاهان ، سىزنىڭ بىر كىملەرگە قىلغىنىڭىز هامان سىزگە يانىدۇ ئەمما ئۇنىڭدىن ئەمەس...هىچكىمدىن يانمىسىمۇ خۇدايىم قىلغانلىرىڭىز ئۈچۈن لايىغىدا ئەجرىڭىزنى بېرىدۇ بالام...

ئاپام بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتىم ، لەۋلىرىمنى چىشلەپ قانتىپمۇۋەتتىم ...لىكىن خېلى ئۇمىدكە تولغاندەك بۇلۇپ قالغانىدىم.

ئەتىسى فېي فېينىڭ ئۆيگىتىشى بىلەن تەستە كۆزلىرىمنى ئاچتىم .

___گۈلى ، گۈلى ...بۈگۈن دەرسىڭ بارغۇ ! مەكتەپكە بارمامسەن ؟

بۈگۈن هەقىقەتەن دەرسىم بار ، يەنە كىلىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنلۈك دەرىس ، مۇئەللىم ئىمتاهان دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بىرىمەن دەۋاتقان ...ئامالسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم .

ساۋاقداشلىرىم هەممىسى نىمە بولغانلىقىمنى سوراشتى. يۈز_كۆزلىرىمگە قاراپ چۈچۈپ كىتىشكەن بولسا كېرەك.

___كېچىدىن قىزىپ قالدىم ،___ياخشى ئۇخلىيالمىدىم ،___دەپلا جاۋاپ بەردىم هەرخىل سۇئاللارغا بىراقلا يىغىپ .

___يالغان دىمىگىنە ، ئەنزەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ كېچىچە دۈم يېتىپ يىغلىغانسەن هە قاچان ...،___رازىيە چاخچاق باشلىماقچى بۇلىۋىدى بىر قانچىسى شەرت قىلىپ ئۇنى توختىتىپ قويىدى ، ماڭا هازىر بىر ئېغىز گەپمۇ ئارتۇق يۈك ئىدى .

___باللار چۈشتىن كىيىن بېلەتكە بارىدىكەن ،كىنىشكە بىلەن پۇلنى بىرىپ قويدۇڭما ؟ بەرمىگەن بولساڭ هازىر بىرىپ قوي

___ئېم ،___دوستۇمنىڭ سۇئالىغا بېشىمنى لىڭشىتتىم . بېلەت ئالىدىكەنمىز دىگەن كۈنىلا بىرىپ بولغانىدىم ، ئەنزەرمۇ خۇددى بېلەتنى ئالسىلا ئۇنىڭ يېنىغا پەيدا بۇلۇپ قالىدىغاندەك مىنى ئالدىرىتىپ

كەتكەنىدى ...لىكىن ئەمدى ...

دەرىستىن چۈشۈپ ئۇدۇل ياتاققا قايتىپ كەلدىم ، چۈشتىن كىيىندىن باشلاپ ئەمدى بىزگە سەككىز كۈن ئارام ، ئاندىن ئىمتاهان ...دىمەك ئۆيگە قايتىدىغانغا يەنە ئىككى هەپتىلا قالدى ...اللە نىسىپ قىلىپ ئاشۇ نىجىس نەرسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن بىر قۇتۇلسام...ئۆيگە قايتىپ ئاپامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ، يۇمشاق كۆكرەكلىرىگە بېشىمنى قۇيۇپ قانغۇچە يىغلىۋالسام...ئەگەر ئاپامنىڭ قېشىغا يەنە بىر بېرىش نىسىپ بولسا هەرگىز ...ئۇنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىغان ...پۇتلىرىنى تۇتۇپ هارمىغان بۇلاتتىم...

ياتىقىمغا كىردىمەدە كارىۋىتىمغا چىقىپ يوتقانغا كىردىم ، بىر چاغدا ياتاقدىشىم هاجىگۈل قىچقىرغاندەك قىلدى :

___ئايگۈل ، بېشىڭنى كۆتۈرگىنە ئاداش ، ساڭا ئاتاپ ئاچچىق_چۈچۈك سۇيۇقئاش ئەتكەنىدىم ...ئىچىپلا ياتقىن...

بېشىمنى تەسلىكتە كۆتۈردۇم ، راستىنى دىسەم پەقەت تاماق يىگۈم يوق ، ئەمما يىمىسەم بولمايدۇ ...نەچچە كۈندىن كىينلا ئىمتاهان ...يەنە كىلىپ ...ياتاقدىشىم مىنى دەپ ئەتكەن تاماق ...

___ئەنزەر ئىككى قېتىم تىلفۇن قىلدى ، سىنى ئويغانسا تىلفۇن قىلسۇن دەيدۇ .

ئوتتۇر چىنە ئاچنى بەك تەستە ئىچتىم ، ئىچىپ بۇلۇپلا يەنە يوتقانغا كىردىم .تىلفۇنۇمنى ئېچىشىمۇ ، ئەنزەرگە تىلفۇن قىلىشىمۇ خۇشياقمىدى .

قىزلارنىڭ ۋاراڭ_چۇرىڭىدىن ئويغىنىپ كەتتىم :

___قاراڭلار ...ماڭا يارىشامدىكەن ...

___ ها ها ها !...هى هى هى ...

ياتاقتىكى قەلبىنۇر نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن بىر يوغان شارنى ئۇخلاش كىيىمىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ،قورسىقىنى يوغانتىپ باللارغا ئۇيۇن قىلىپ بېرىۋاتقانىكەن .

___يا راشمايدىكەن ...بېشى كىچىك ، قورسىقى يوغان قاپاقنىڭ ئۆزى ...

___قېلىن !

___ئۇيات!ئۇيات!

مەنمۇ قىزلارغا قوشۇلۇپ كۈلدۈم ، ئۇلار ئويغانغىنىمنى كۆرۈپ مىنى ئورىۋېلىشتى .
___ئويغىتىۋەتتۇق ھە ...ھەممىنى قىلغان ،مۇشۇ ساراڭ ، نەدىكى يوق ئىشلارنى تېپىپ ...
___نەچچە كۈنلۈك ئۇيقۇڭنى بىراقلا ئۇخلىدىڭ ھە !
___خېلى ياخشى بولۇپ قالغانسەن ؟
... ... ...
قىزلارغا قاراپ، تۇرۇپلا تۈنۈگۈندىن بۇيانقى ئىشلارنى چۈشۈممىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم ...
___ساڭا دوكلات ، ساڭا ئاپاڭدىن ئىككى قېتىم تىلفۇن كەلدى ، سىنى ئۇخلاپ قالدى دىدۇق ، ئويغانسا تىلفۇن قىلسۇن دەيدۇ ، ئەنزەردىن تىلفۇن كەلدى ، سىنى قاتتىق ئاغرىق ، توختىماي سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى توۋلاپ ياتىدۇ ئەينا دىدۇق ، ئۇ سىنى ئويغانسىلا تىلفۇننى ئېچىۋەتسۇن دىدى ، يەنە ئىشخاناڭدىن تىلفۇن كەلدى ، سەممىي بولۇش پىرىنسىپىمىز بويىچە راس گەپ قىلدۇق ، سىنى بۈگۈن ئىشقا كەلمىسۇن ، ياخشى ئارام ئالسۇن دىدى ...دوكلات تامام ...
يەنە بىر قېتىملىق قاتتىق كۈلكە... ...
تىلفۇنۇمنى ئاچتىم ، ئەنزەردىن كەلگەن ئۇچۇرلار بىلەن تولۇپ كىتىپتۇ ، ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە يەنە ياش كەلدى ، دىمەك تۈنۈگۈندىن بۇيانقى ئىشلارنىڭ بولغىنى ھەقىقەت...
<ئاي...سەندىن بەكلا ئەنسىرەپ قالدىم ...ئويغانساڭلا تىلفۇنىڭنى ئېچىۋەت...سىنى سېغىنىپ ...>
<بىلمەن ئاي ، جاپا تارتىۋاتىسەن ، چۈقۇم قېنىپ ئۇخلىۋالغۇڭ ، پۇتلىرىڭنى سۇنۇپ ئۇزاق يېتىۋالغۇڭ كەلدى...سىنى بەختلىك قىلمەن دەپ تۇرۇپ جاپاغا قويدۇم...ئورنىنى تولدۇرۇشقا تىرىشمەن....سىنى ياخشى كۆرىمەن ...>
<بىلەمسەن ، مۇشۇ كۈنلەردە خيالىم سەندىلا...يەنە ئون كۈندەك ۋاقىت قالدى ھە ئاي ...سەن ئاۋال كەلسەڭ ...ئاندىن يۇرتقا يەنە ھېلقى بىر قانچىمىز بىرگە قايتساق ...مەن سىنىڭ پويىزدا ماڭا يۆلىنىپ ئولتۇرىشىڭغا مەن بەك ئامراق ...شۇڭا سەپەرگە چىقسام پەقەت ھارغىنلىق ھىس قىلمايمەن ...يېنىمدا سەن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن....>

ئاپامغىمۇ ، ئەنزەرگىمۇ ، ئىشخانىغىمۇ تىلفۇن قايتۇرۇپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ قويدۇم ...<يەنە بىر قانچە كۈندىن كيين ماڭاشىم چىقىدۇ ، ئاندىن ئىشلىمەيمەن ...مەن تېخى خۇمار بولۇش باسقۇچىدا ئەمەس ، شۇڭا بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتسە چۇقۇم ياخشى بولۇپ كىتىمەن ...>دەپ ئويلىدىم .
ئەتىسى بىر كۈن ياتاقتا ئۆتتى ...چۈشتىن كيىندىن باشلاپ بەدەنلىرىمگە تىترەك ئولاشقىلى ، ئۇستىخانلىرىم چېقىپ ئاغرىغىلى تۇردى ...كۆز ئالدىمدا يەنىلا ھېلقى ئالۋاستى...تاماق...قېنىق دەملەنگەن چاي...مىنرال سۇ ... ...
چىدىيالماي قالدىم ...قانداق قىلىشىم كېرەك ... ...توۋا...ئويلىغىنە ؟!سەن كىمگە يۈز كىلەلەيسەن ؟! قېنى سەندىكى تىرىشچانلىق قېنى سەندىكى جەسۇرلۇق...غەيرەت قىل...پەقەت بۈگۈن بىر كۈن...بۈگۈن بىر كۈنلا غەيرەت قىلساڭ ئۆتۈپ كىتىدۇ ...بولمىسا سەن ھەممە ئادەم نەپرەتلىنىدىغان ،ئاق چىكىدىغان بىرسىغا ئايلىنىسەن؟ سىنى ياخشى كۆرىدىغان ھەر قانداق ئادەمگە يۈز كىلەلمەيسەن ...ئاتا-ئاناڭ سىنىڭ قولۇڭدا ۋەيران بولىدۇ...
ئۆزۈمنى تىزگىنلەيدىغان ھەر قانداق خيالنى ئويلاپ تۇرىمەن...لىكىن...كۆز ئالدىمدا يەنىلا...
بولمىدى ، بۇنداق تۇرىۋەرسەم ھېلى ياتاقتىكى قىزلار كىرىپ قالسا نىمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ ....نىملا بولسۇن ئادەم كۆرمەيدىغان يەرگە باراي...مىنى ھىچكىم تونۇمايدىغان يەرگە...
مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققۇچە خۇددى سوغۇق ماڭلا ئۆتىۋاتقاندەك تىترەپ تۇرۇپ ماڭدىم ، مىنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى چۇقۇم بەك توڭلاپ كىتىپتۇ دەپ ئويلىدى بولغاي...
مەكتەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ نەگە بېرىشىمنى بىلمىدىم ... ئۆزۈمچە خۇاڭخې دەرياسى بويىغا كىتىپ بارىمەن...بۈگۈن بىر كۈن قانداق بەرداشلىق بىرىشنى ئويلاۋاتىمەن...سېرىق ...بولغانغان سۇلار...ھاۋانىڭ سوغۇق بولىشىغا قارىماي كىلىۋاتقان بەدبۇي پۇراق...بۇ يەردىمۇ تۇرۇشنى خالىمىدىم ...تۇرۇپلا ئەينى ۋاقىتتا ئۇستاز، ئەدىب زوردۇن سابىرنىڭ تەسۋىرلىگىنى ، ھاياجانلانغىنى راستىنلا مۇشۇ دەريا شۇمىدۇ ؟ دىگەننى ئويلاپ قالدىم...
بارغانسىرى ئۆز_ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىرەشكە باشلىدىم ...خۇددى ئەتراپىمدىكى ھەممە كىشى ماڭىلا قاراۋاتقاندەك...سائەتكە قارىسام ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ...بۈگۈن بىر كۈننىڭ ئۆتمىكى شۇنچە تەس

كەلدىغۇ زادى...

شۇنداق قىلىپ ئىشخانىغا قايتىپ كەلدىم . فېي فېي خۇددى منى نەچچە ئاي كۆرمىگەندەك قۇچاكلاپ كۆرۈشۈپ كەتتى ، مەندىن بەك ئەنسىرىگەنلىكىنى ، جىگلىنىگىمۇ مەندىن بەك ئەنسىرىگەنلىكنى ، ئەگەر قۇشۇلسام ئىمتاھان تۈگىگۈچە ئىشقا كەلمەي تۇرۇشۇمنى كېچىلىكى ئىشىمغا باشقىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقنى لىكىن ماڭاشنى يەنىلا بېرىۋېرىدىغانلىقنى ئېيتتى...ئىشخانىدىكىلەر راسلا ياخشى ، بۇرۇن مۇشۇ خەق بىلەن تازا خوشۇم يوقتى...ھازىرمىغۇ شۇ...لىكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئاجايىپ كۆڭلى ياخشى ، بىلىشى بار خەقلەر باركەن...

سائەت يەتتە بولدى...خۇددى ئۇستىخانلىرىم ھېلقى ئالۋاستى بىلەن دىيىشىپ قويغاندەك ئاغرىشقا باشلىدى...شۇنچە بەرداشلىق بىرەي دىسەممۇ پەقەت چىدىمىدىم...فېي فېيگە دەپ قۇيۇپ سىرتقا ماڭدىم . دىگەندەك ئۇ مەكتەپ ئالدىدا (ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بار ئىدى)بارئىكەن .

قولىدا نە سۇ نە تاماق بولسا كاشكى...

___ماڭا ئۇنداق قارىما ! مەندىن ئايرىلساڭ تۈگىشىسەن ! مە تۇتە مانى !

___ماڭا بۇ نىمەڭنىڭ لازىمى يوق !،___ئۇ سۇنغان بىر تال تاماكىغا غەزەپ بىلەن قاراپ قويدۇم،___بۇرۇن نىمە بەرگەن بولساڭ ھازىرمۇ شۇنى بەر ! لىكىن ئېيتىپ قۇياي ! بۇگۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقى !

___ھاھاھا ! ئەڭ ئاخىرمۇ ئەمەسمۇ مەن بىلەن ! ئالمىساڭ كەتتىم.

___توختا ! ،___كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى ،___نىمىشقا مۇنداق قىلىسەن ...؟مەن ساڭا ھىچ يامانلىق قىلمىسام ...ئېيتقىنا نىمىشقا مۇنداق قىلىسەن ؟

___مەنمۇ باشقىلارغا يامانلىق قىلمىغان ...مەندىن سورىما...دەپ بەرسەممۇ چۈشەنمەيسەن...چۈشەنسەڭمۇ ھىس قىلالمايسەن ... ...چۈنكى سەن تېخى مەن كۆرگەن كۈنلەرنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىدىڭ...

قىزدىن ، ياق ! ئالۋاستىدىن تاماكىنى ئالدىم .

___بۇگۈن چىكىپ تۇر ، ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن سەندىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايمەن...ئەمما كىيىن قېتىملىقى يېنىڭغا پۇل سېلىپ چىقىشنى ئۇنۇتما !

تاماكا تۇتقان قوللىرىم تىترىمەكتە...يۈرىكىم ئېچىشماقتا...ئېزىلمەكتە ... قەلبىم پۇچىلانماقتا ! ھازىرقى ئىشلار چۈشۈم بۇلۇپ قالسا ھە ! ئويغانسام يەنە بۇرۇنقى شوخ ، تىتىك ھالىتىمگە قايتسام...ئاپامنى ، ئەنزەرنى ئويلىسام...تاتلىق خىياللارنى سۈرەلىسەم...خاتىرجەم ئولتۇرۇپ كىتاپ ئوقۇيالىسام...قىزلارغا ئوخشاش قاقاھلاپ كۈلەلىسەم...ئەگەر راسلا شۇنداق بولسىدى ، ھەر بىر مىنۇت ۋاقتىمنى ،ئەتراپىمدىكى ھەر بىر گىياھ ،ئوت_چۆپلەرنى ھەتتا ھاۋانىمۇ قەدىرلىگەن...منى ياخشى كۆرىدىغان ، مەن ياخشى كۆرىدىغان كىشلەر ئۈچۈن بارلىقىم بىلەن خىزمەت قىلغان بۇلاتتىم...ئەپسۇس...مىڭ ئەپسۇس...

يېقىن ئەتراپتىكى تورخانىغا ، ئۆزۈمنىڭ تازلىق ئۆيىگە كىردىم ...ئىلگىرى تاماكا چەككەن قىزلارنى كۆرگەندە نەپرەت كۆزۈمدە قارىغان...مانا ئەمدى ئۆزۈم...دەسلىۋىدە قالماشتۇرالمىدىم...يۆتىلىپ يۈرۈپ بىر تال تاماكىنى چەكتىم...

ئىشخانىغا كىرىپلا كارىۋاتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

<گۈلى ، مەن سەن بىلەن ئىشلەۋاتقىلى ، بىر ئۆيدە ئۇخلاۋاتقىلى تۆت ئاي بولاي دىدى ، نۇرغۇن قېتىم ھال_مۇڭ بولۇشتۇق ، سەن مەن كۆرگەن تۇنجى ئۇيغۇر ، ساڭا قاراپ ئۇيغۇرلارنى تىرىشچان ، خۇشچاقچاق ، ئەقىللىق ،پاكىز كىلىدۇ دەپ ئويلايتتىم ، سەن منى قانداق ئويلايسەن بىلمەيمەن ...ئەمما مەن سىنى يېقىن دوستۇم دەپ بىلمەن...بىلمەن ، ئىچىڭدە بىر ئىش بار...لىكىن دىمەيۋاتىسەن ...بۇنداق قىلما ، بولمىسا ئۆزۈڭنى تۈگەشتۈرۋالىسەن ، سەن ياخشى بالا ، نىملا ئىش بولسا ماڭا دىگىن ، مەن ساڭا ئىشنىمەن ...بىز خەنزۇلاردا مۇنداق بىر گەپ بار "ئۆزىنى ئويلىمىغاننى يەر يۇتىدۇ"دىيدىغان ، سەن ھازىر ئۆزۈڭنى ئويلىمايۋاتىسەن...ماڭا دىسەڭ قانداقلىكى ئىش بولسا ساڭا ياردەم قىلسام دەيمەن...>

مانا بۇ فېي فېينىڭ بىر ئىشخانا ، قارمۇ_قارشى جوزىدا ئولتۇرۇپمۇ ماڭا يوللىغان ئۇچۇرى...ئۇچۇرنى كۆرۈپ تېخىمۇ يىغلاپ كەتتىم ، نىمە دىيەلەيمەن ...مەن ئىشخانىدا قوندۇرغان قىزنى مەن تونۇمايتتىم ، بىر مىللەت دەپ ياخشىلىق قىلغان ...كىيىن مۇنداق مۇنداق ئىشلار بولدى دەمدىم...ئۇ ئويلىغان ئۇيغۇر ئۇقۇمى ئۇ چاغدا نىمە بۇلار ؟ توۋا ، ئۇ دەسلەپتە مەن بىلەن بىرگە تاماقلارنى تەڭ يىگەن ، كىيىن تەمگە كۈنەلمەيدىكەنمەن دەپ يىمەسلا بوغان...تاس قېپتىمەندە ئۇنىمۇ بۇ بالاغا سۆرەپ كىرگىلى... ...

ئۇنىڭغا ئۇچۇر قايتۇردۇم "رەھمەت فېي فېي ، شۇنداق بىز بىرگە ئىشلىگىلى ، بىر ياتاقتا ئۇخلىغىلى تۆت ئاي بوپتۇ ...سەن بەك ياخشى ، مەن ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن ، ئىشخانىغا كىرىپ نەچچە كۈن بولغاندا پۇتۇم ئاغرىدى دىسەم ، پايپاقلىرىمنى سالدۇرۇپ ،ئاياغ يارا قىلىۋەتكەن يەرگە ئۆز قولۇڭ بىلەن دارا سۈركىگىنىڭ ...كېچىسى مەن ئۇچۇن بىردەممۇ كۆز يۇمماسلىقىڭ ...يەنە پات-پات كىرىپ يوتقىنىمنى ئوڭشاپ قويۇشۇڭ...دەپ تۈگىتەلمەيمەن...سەن بەك ياخشى ...مەنمۇ سىنى دوستۇم دەپ قارايمەن...ئەمما يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشنى ساڭا ئېيتىپ بىرەلمەيمەن ، ۋاقتىنچە ...كىيىن ئېيتىپ بىرىپ قالارمەن...شۇنداق كۆڭنىڭ كىلىشىنى كۈتىمەن...سەن بىلەن بىرگە ئىشلەش مىنىڭ ئەڭ خوشال ئىشىم "

فېي فېي يەنە مىنى ئۇخلىۋالغىن دەپ قويۇپ ئۆزى كومپيوتۇر ئالدىغا كەتتى ، ئەنزەرمۇ مىنى ياخشى ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ بۈگۈن تىلفۇن قىلمايدىغان ، ئۇچۇر يوللىمايدىغان بولدى...

ياتىمەن...يەنە شۇ تۈگىمەس خىيال..."ئۆزۈمدىن تۈرۈپلا نەپرەتلىنىپ قالىمەن...يەنە تۇرۇپ ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ ، يەنە دۆتلۈكۈمگە ئاچچىقىممۇ كىلىدۇ...تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن مەنمۇ ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك ھىساپلاپ يۈرۈيدىغان ، كۆزلىرىم بەختتىن كۈلۈپلا يۈرۈيدىغان قىز ئەمەسمىتىم ...تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن دوسلۇرۇممۇ <<كۈندۈزى بىز بىلەن تەڭ ئۇقۇپ ، كېچىسى ئىشلەپ ، يەنە بىرچىلىك كىچىكىپ ، دەرىس قالدۇرۇپ يۈرمەيسەن ...تووۋا...جېنىڭ تۆمۈر ئەمەستۇ -ھە!>>دەپ چېقىشىدىغان...ماڭا مەسلىگى كىلىدىغان قىز ئەمەسمىتىم...قانداق قىلسام بۇلار ، يەنە نەچچە كۈندىن كىتىن ئىمتاھان دەۋاتسا ،،بالىلارنىڭ ھەممىسى بارلىقى بىلەن تەكرار قىلىۋاتسا...ئەگەر نەتىنجەم ئۆيگە بارسا ئاپام نىمە دەپ ئويلاپ قالار...قانداقلا بولمىسۇن ئەتىدىن باشلاپ ياخشى تەكرار قىلاي...نەچچە كۈنلا بەرداشلىق بىرەي...قالغان ئىشلار يۈرتقا قايتقاندا ياخشى بۇلۇپ كىتىدۇ...مەن چوقۇم ئەسلىمگە قايتالايمەن..."

ئەتىسى بۇرۇنلا ئورنۇمدىن تۇردۇم...خۇددى بۇرۇنقى ئادىتىمدەك نامىزىمنى ئۆتىدىم ، ئاندىن ئىشخانىنى تازلاشقا چۈشتۇم...ئىشقا چۈشكەن كۈنۈمدىن باشلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بۇ ئادىتىمنى توختۇتۇپ قويغىلى خېلى بوپتۇ ، نامىزىمنىمۇ تاشلاپلا قويغانىدىم...ئادەم دىگەن ئاجايىپ بۇلىدىكەن !بېشىمىزغا ئەڭ ئېغىر كۈن چۈشكەندىلا يارىتقان ئىگەمدىن پاناھ تىلەيدىكەنمىز...ياخشى كۈنلەرنى كۆرگەندە بولسا شۈكرى_سانا

ئېيتىشقىمۇ ۋاقتىمىز چىقمايدىكەن...

فېي فېيغا قاراپ خىجىل بۇلۇپ قالدىم...كىرىسلودىلا تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ ، ئۇنىڭ ئورنىنى راسلاپ بىرىپ ئۇنى كىرىپ بىردەم ئۇخلاشقا بۇيرۇدۇم...ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسامۇ باشقىلار ئۈچۈن بۇنچىلىك قىلالمىغان بۇلاتتىم...ئاجايىپ ئاقكۆڭۈل قىزدە بۇ !

ئىشخانىنى تازلاپ بۇلۇپ ، كىتاپنى قولۇمغا ئالدىم ، كۈندۈزلۈك ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىغا خېلى بار ئىدى .بىزنىڭ بۇ يەردە ئىشلەيدىغان ئانچە كۆپ ئادەم يوق ، ئىشخانى ئىشچىلىرى ناھايتى ئالتە ئادەم ، ئۆيلەرنىڭ تازلىق ، گاز ، سۇ ، توك ئىشلىرىغا مەسئۇللار باشقىلار ، ئۇلارنىڭ ئىشى تەكشۈرۈش ، تۈزەش...شۇڭا ئىشخانىدا تۇرمايدۇ ئۇلار...

بىر چاغدا ئىشىك قوغرىقى كەينى-كەينىدىن جىرىڭلاشقا باشلىدى ، دىمەك ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقىت بولغانىدى...ئاۋال ما ئاچام (خۇيزۇ) كەلدى...

__گۇلى ، ياخشى بۇلۇپ قالدىڭمۇ...زادى سەن تازلىغان ئىشخانا باشقىچە،،،

ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلاشتىم ، ئۇنىڭ بىلەنمۇ ياخشى ئۆتىمەن...ئىشخانىدا ئىككىمىز مۇسۇلمان ، بىر_بىرىمىزنىڭ نەرسىسنى خاتىرجەم ئىشلىتەلەيدىغانلار...ئۇ ئىشخانا مەسئۇلى ،ئوڭلۇق ، كۆيۈمچان ئايال...ئۇيغۇرلارغا ئامراق...كىچىك چولپان ئەرافاتنىڭ سادىق كۆرۈرمەنى...

ئەمدى ماڭاي دەپ تۇراتتىم ، جىڭلى كىلىپ قالدى ، ئۇنىڭ بىلەنمۇ بىردەم ئەھۋال سوراشتۇق .

__مەن مەكتەپكە ماڭاي ، كەچتە كۆرۈشەيلى !

__گۇلى ، ئىشخانامغا كىرگىنە .

باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم ، ئىشكنى يېپىۋېتىپ ئولتۇرۇشۇمنى بۇيرىدى ، سەل ھەيران بولدۇم ، ئۇ ئادەتتە مۇنداق قىلمايتتى... ...

__جاڭ فېيدىن ئاڭلىسام (ئۇلار ئادەتتە فېي فېينى مۇشۇنداق ئاتايتتى) يېقىندىن بىرى كەيپىياتىڭ ياخشى ئەمەسكەن،__ئۇ گىپىنى باشلاپ بولغۇچە يەنە ياشلىرىم ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا تۆكۈلۈشكە باشلىدى...،__مەن ئادەتتە باشلىقلىك ، خىزمەت ۋاقتى بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا رەھبەرلىك مۇناسىۋتى بار ، ئەمما خىزمەتتىن چۈشكەندىن

كيىن بولسا مەن سىنىڭ ئاچاڭ ئورنىدا...نىملا گەپ بولسا ماڭا دىگىن ، ياردەم قىلغۇدەك ئىشلار بولسا قولۇمدىن كىلىشچە ياردەم قىلىمەن...سەن تىرىشچان ، ياخشى بالا ، يەنە چىرايلىق...سىنى جاپادا قويدۇق...

___ياق ، ياق...مەن جاپادا قالمىدىم ، كىچىسى ئىشخانىنىڭ ئىشلىرىنى فىي فىي قىلىۋاتىدۇ ، ئۇزاق بولدى مەن خىزمەت خالىسە جەدۋىلىنىمۇ ئىشلىمىگىلى ، مىنىڭ ئىشىمنىمۇ ئۇ قىلىۋاتىدۇ،،،مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا خىجىل .

___ئۇنداق دىمە ، ھازىر دىگەن ئىمتاھان ۋاقتى ، سەن دىگەن ئوقۇغۇچى ، سىنىڭ ھازىرقى ۋەزىپەڭ ياخشى ئوقۇش...لىكىن گەپ بولسا ماڭا دىگىن ، راستىنى دىسەم ، سەن مەن ئويلىغاندىنمۇ ياخشى ئىشلىدىڭ ، بىرەر قېتىم رۇخسەتمۇ سورىمىدىڭ ...ھەممە ئىشلارنى جايىدا قىلدىڭ...ساڭا قول قويىمەن...مىنى ئاچاڭنىڭ ئورنىدا كۆرەلەمسەن ؟

___...ئېم...ماڭا ھىچ ئىش يوق...يېقىندىن بىرى چارچاپ قالغان بولسام كېرەك...ماڭا قىلغىنىڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن...

پىيەدە ئۇزاق ماڭدىم...مىنى ياخشى كۆرىدىغان ،كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئۈچۈن بەرداشلىق بىرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

مەكتەپكە قەيتىپ كىلىپ تەكرار قىلدىم...چۈشتىن كىيىندىن باشلاپ بېشىم يەنە ئاغرىشقا باشلىدى،ئەمما چىدىدىم ، ھەر ھالدا تۈنۈگۈنكىدەك قاتتىق ئەمەس ئىدى ، كەچتە زورلاپ يۈرۈپ تاماق يىدىم_دە ،ئىشخانىغا قايتىپ كەلدىم.

كەچلىكى بولسا ئەنزەر بىلەن توردا ئۇزۇن پاراڭلاشتىم ...گەپىنىڭ تىمىسى يەنىلا كۆرۈشكەندىكى ھاياجانلىق مىنۇتلارغا ، تەتىلدىكى كۆڭۈللۈك كۈنلەرگە كىتىپ قالاتتى ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن دىيىشكەن بەزى گەپلەر كۆڭلۈمنى سەل غەش قىلىپ قويىدى

___ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلىسەن ، بەلكىم چارچاپ كەتكەندۇ دەپ ئويلايمەن ، ئۈچۈرمۇ يوق ھازىر ، مىنىڭ ئۈچ ئۈچۈرۈمغا بىرەرنى قايتۇرىسەن ... بەلكىم ئالدىراشتۇ دىدىم...قالغان گەپنى كۆرۈشكەندە يۈز-تۇرانە دىيىشلى ...لىكىن ...

___لىكىن؟نىمە لىكىن ...دەۋەرگىنە !

___ياق ، دىسەم يىغلايسەن .

___يىغلىمايمەن...دىگىنە ! دىمىسەڭ ئۇنىمايمەن !

___ئاشتاق قىلساڭ خەقنى تىپىۋالماي يە...

___تىپىۋال...ئاڭلىدىم مەنمۇ...

___نىمنى ئاڭلىدىڭ ؟

___بىر مودا خېنىم باركەنغۇ كەينىڭگە كىرىۋالغان...شۇنى تاپقىڭ كىلىۋاتامدۇ ؟

___ماڭە ساراڭ!

___ئەمىسە ؟

___سەندىن باشقىسى بىكار ماڭا ...سىنى ياخشى كۆرىمەن ئاي...ئۇ مودا خېنىمغىمۇ شۇنداق دىگەن ...ئۇزۇمنى تارتىپلا يۈرۈيمەن ئۇنىڭدىن،،،

___ئەنزەر .

___ھە ؟

___سىنى ياخشى كۆرىمەن...بىلمەيمەن ...سىنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام ساراڭ بۇلۇپ قالامەنمىكىن دەپ قورقىمەن !

___ئەينا، ئەينا ...دىمىدىممۇ ؟ سەندە چاتاق بار ، بۇرۇنلاردا بولغان بولسا ...<<تاپساڭ تاپمامسەنەي ، سىنى كىممۇ يارىتىدۇ...قاراپ باقە ئەينەككە ...>>دەيتتىڭ...ئەستا...

كۇلۇپ كەتتىم...

___پوق ئەمىسە ...ماڭ بېرىپ تاپ...ئۈچۈرۈۋەتتىم...خوش...

___ھەي !! توختا ...مانا ئەمدى مەن كۆيگەن ئايغا ئوخشىدىڭ...يىغلاڭغۇلۇق ، ئىزىلەڭگۈلۈك ساڭا پەقەت ياراشمايدىكەن....ھى ھى ھى ...

___ساراڭ !

___لىكىن ، مۇشۇ كەمگىچە ئۆز ئاغزىڭ بىلەن سىنى ياخشى كۆرىمەن دىگەن گەپنى دىمىگەنىدىڭ ،،،مىنى بەك خوش قىلىۋەتتىڭ ...يەنە بىر دەپ بەرگىنە ئاي !

___بايا مەن شۇنداق دىدىمما ؟...ئەجەپ ئىسىمدە يوق...

............

ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلاشتىنمۇ قورقىمەن ،ئاغزىمدا دىمىگىنىم بىلەن ئۇنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرىمەن ، ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن ، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇيدىغان قىزلار ھەممە ئىشنى دەپ تۇرىدۇ ، مەنىۋى مۇھتى ساپ بولمىغان ئاشۇنداق يەردە ئۇنىڭ ھەممىنى رەت قىلىپ مىنىلا ئويلاپ ئۆتمىكى ئاسانمۇ ...باشقا يەرلەردە يۈرۈۋاتقانلارنىڭ ھازىر قانچىلىكى قالدى ،،،باشقىلار نىمىنى ئويلايدىكىن تاڭ ، ساپلا ئۆزى ئوقۇۋاتقان يەردىن تۇنۇشقىلى مانچە كۆن دىمەي باشقا قىزلارنى تېپىۋالغان...ئەنزەردىن پەخىرلىنىشىم ،قەدىرلىشىم كېرەك...خۇدايىم بەختىمىزنى بەرسۇن ،كىيىنكى ھاياتىمدا بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى نىسىپ قىلسۇن...سىنى ياخشى كۆرىمەن...ياخشى كۆرىمەن ئەنزەر... ...

ئەتىسى يەنە ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇردۇم ، چۈشكىچە مەكتەپتە ئۆگىنىش قىلدىم ، ئەمما چۈشتىن باشلاپ پەقەت چىديالماي قالدىم ، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىۋالغىنىم بويىچە ئېيتقاندا خۇمارىم تۇتۇپ كەتكەندى ...كەچكىچە ئاران چىدىدىم ، سائەتنى مىڭ تەستە يەتتە قىلىپ ئۇ ئالىۋاستىنىڭ يېنىغا باردىم:

___نىمىگە مۇنچىۋالا يىغلايسەن؟!قارىغىنە كۆزلىرىڭگە...بۇ ئۇنچە قىلغۇدەك ئىش ئەمەس ، باشقىلار قىلاي دەپمۇ قىلالمايۋاتسا!

___نىمىشقا ماڭا ئۇنداق قىلىسەن ؟ يا مىنىڭ پۇلۇم جىق بولمىسا ...ئۆيۈمنىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلىپ تۇرۇپ...

___بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ بېشىمنى ئاغرىتمىغىنا...ۋاقتىمنى زايا قىلىپ...بۈگۈن بۇرۇن يېقىن ئۆتكەننىڭ ...مىنى سىڭلىم دىگەنلىرىڭنىڭ يۈزىنى قىلاي، بۇندىن كىيىن مۇنداق يۈز سوم كۆتۈرۈپ چىقما ! بىر پۈۋلەشكىمۇ يەتمەيدۇ بىر قەغىزنىڭ! مۇشۇ بىر تال تاماكا 350سوم...پۇلۇڭ يەتمىسە ئەمدى چەكمە! ئەسلىمىغۇ سەن چىكىدىغان نەرسە ئەمەستى بۇ ! ھازىرمۇ ئۈلگۈرىسەن ! ...ئۇنتۇپ قالما 350سوم...

يۈگۈرگەندەك قىلىپ تورخانىنىڭ تازلىق ئۆيىگە كىردىم ، قولۇمدا تاماكا...كۆزلىرىمدىن تۆكۈلىۋاتقان ياش...خۇددى قولىدىكىنىڭ زەھەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىچىشكە مەجبۇر بولغان كىشىدەك...

ئىشخانىنىڭ ياتىقىدا ياتىمەن...قولۇمدا تىلفون...كۆزلىرىمدىن توختىماي تۆكىلىۋاتقان ياش...ئەنزەرنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا توختىماي ئۇچۇر يوللاۋاتىمەن،،،كاللامدا پەقەت بىرلا خىيال <ئەمدى ئاق چەكمەيمەن>

ئۆيدىكى ھساپ تالاغا توغرا كەلمىدى ، ئەتىسى كەچكىچە چىديالمىدىم...

___ساڭا بولاق بەرسەم قالماشتۇرالمايسەن ؟يەنىلا مۇشۇنى چەك...

بىر قولۇمدا پۇلنى بىرىپ ، بىر قولۇمدا تاماكىنى ئالدىم ، كىنولاردا ئاق تاماكا سېتىشنىڭ مەخپى بولىدىغىنىنى ،ساتقۇچى ئالغۇچىلارنىڭ قورقۇپ يۈرۈيدىغانلىقىنى كۆرگەنمەن...ئەمما بۇ يەردە...!

ئۆزاق ئويلاندىم...ئىمتاھانغا پەقەت نەچچە كۈنلا قالدى ، ئاۋال ئىمتاھانىنى ياخشى بىرىۋالاي...

شۇنداق قىلىپ ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ئىمتاھانىنى تۈگەتتىم ، ئەگەر ئۇ ئالىۋاستىنىڭ <<ياردىمى>>بولمىغان بولسا ئىمتاھانىنمۇ بىرەلمىگەن بولاتتىم...ئىمتاھانىمۇ تۈگىدى...ھەر ھالدا بىرەر پەندىن قېلىپ قالارمەن دەپ چىقمىدىم ...ئەمدىكى مەسىلە ئۆيگە قايتىش...ئەمما ...

___ئاپا بىر ئىشنى ئويلىغان ئەمما نىمە دىيىشىمنى بىلمىدىم...

___دەۋرىڭ بالام ، ھازىر مەن ئۆزۈم يالغۇز...ئۆكىڭىزمۇ،دادىڭىزمۇ يوق...دەۋرىڭ.

___تەتىلدە قايتمايمىكىن دەيمەن ئاپا!

___نىمىشقا بالام...نىمىشقا تۇرۇپلا...

___ئۇ يەردىكى خىزمىتىم ياخشى ، خىزمىتىمدىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق ، بۇ يىل ئۆكامىمۇ ئىمتاھان بىرىدۇ ...سىلەرنى قىيناپ قويغۇم يوق...ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا سوغۇق، پويىزدىمۇ نەچچە كۈن ئولتۇرىدىغان گەپ...يەنە ئوقۇش پۇتتۇرۇشكە ئاز قالدى،،،بۇنداق كىلىپ -كىتىپ يۈرۈپ ۋاقتتىن ئۇتتۇرۇپ قويغۇم يوق !

ئۆيدىكىلەرنى يەنە قايىل قىلدىم ،ئاپامنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىۋاتقىنىنى سىزىپ تۇردۇم ، مىنىڭمۇ شۇ ئىدى ،ئەمما چۈقۇم تەتىلدىن پايدىلىنىپ تاشلايمەن دىگەن ئىرادەم بار ئىدى ، ئەگەر بۇ ئىشلارنى ئۆيدىكىلەر بىلىپ قالسا مىنىڭ ياشىغىنىمدىن ياشىمىغىنىم ياخشى ئىدى...

ئەنزەرگىمۇ ئۆيدىكىلەرگە دىگەننى دىدىم ، ئۇ ئۇزاق جىمىپ كەتتى :

___كىتىدىغانغا بىر كۈن قالغاندا تۇرۇپلا چىقىرىلغان قارار...مەن نىمىنى ئويلاۋاتىمەن بىلەمسەن ؟

___نىمە ئويلىدىڭ؟

___بولدىلا...ئەگەر قۇشۇلمىسامچۇ؟

___مەندە ئامال يوق ، ئۆيىمىزنىڭ ئەھۋالى ساڭا ئايان ، ئاپامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس...ئۇكام بۇ يىل ئىمتاھان بىرىدۇ ...مىنىمۇ چۈشەن.

___ماقۇل ، لىكىن مەن يېنىڭغا بېرىپ ئىشلەۋاتقان يېرىڭنى كۆرۈپ باقاي.

___نىمە قىلارسەن سوغۇقتا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىكىلەرنى ئالدىساڭ بۇلىدۇ ، بولمىسا نىمە دەپ كىلەلەيسەن بۇ يەرگە! بولدى قىلە...مەن تەتىلنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بېرىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن...

___خېلىڭ...تەتىلنىڭ بېشىدا كەلمىگەن ئادەم ئاخىرىدا كىلەمسەن؟...بەك ئۆزگىرىپ كەتتىڭ ...

___ماقۇل ، نىمە دەپ ئويلىساڭ ئويلا ، ئاشۇنداق ماڭا ئىشەنمە...ئىشەنچ يوق يەردە يۈرۈپ نىمە قىلىمىز...ئىشەنمىسەڭ...

___نىمە ؟ ئىشەنمىسەم نىمە بولماقچى...

___ھىچنىمە!

___دىگىنە..

___مەجبۇرلىما!

___سەن مىنى مەجبۇرلىما !

___شۇنداقمۇ؟ئۇنداق بولسا دىمەمسەن مىنىڭ دىيىشمنى ساقلاپ تۇرماي !

ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا تىلفۇننى قۇيۇۋەتتىم ، راستىنى دىسەم ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاشۇ بىر ئېغىز گەپنىڭ چىقىپ كىتىشىدىن قورقتۇم...ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايمەن...ئەمما مۇشۇ يېقىندىن بىرى ئۇنىڭغا قوپال تەگكەن ، خاتالىق ئۆزۈمدە تۇرۇپ گەپ ياندۇرغان... ھەتتا خۇمارىم تۇتۇپ قالغاندا بىكاردىن بىكار ئۇنى تىللاپ كەتكەنلىرىم...بەزىدە بىكارلا ئۇزاقتىن ئۇزاق يىغلاپ كىتىشلىرىم...ئۇزاق بولدى ئۇنىڭغا ئەستايىدىل ئولتۇرۇپ ئۇچۇر يازمىغلى ، تىلفۇن قىلسىمۇ بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ قۇيىۋېتىپ قالدىم ، ئالدىدا يەنە يىغلاپ سېلىشتىن ياكى چاندۇرۇپ قۇيۇشتىن قورقاتتىم... ئاجىزمەن...ئۇنىڭغا ھەممە ئىشلارنى ئېيتىپ بىرىشكە قۇربىم يەتمەيدۇ ، ئەسلىدە باشتىلا ،ئاشۇ نەس باسقان كۈنىلا ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتسام بوپتىكەن...ئەمما ئەمدى كىچىكتىم...كەچۈرگىن ئەنزەر،كەچۈرۈڭلار ئاپا-دادا سىلەرگە يۈز كىلەلمەيمەن...

ئەنزەر ئاشۇ يوقاپ كەتكەنچە ئىككى كۈن يوقاپ كەتتى ، يەنە بىر كۈندىن كىيىن يۇرتقا قايتىدۇ ، ئۇنىڭغا تىلفۇن قىلغۇم ،ئاۋازىنى ئاڭلىغۇم كەلدى ...ئەمما مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ دەردى بىلەن...قانداق قىلسام مۇشۇ نىجىس يولدىن قۇتۇلارمەن...شۇنچە ۋاقىت جاپا تارتىپ ئىشلەپ يىغىپ قويغان پۇللىرىم تۈگەيلا دىدى...بەلكىم يەنە بىر قېتىم تاماكا ئالسامىلا تۈگەيدۇ...قانداق قىلسام تاماكا تاشلارمەن...دىگەندەك خىياللارنىڭ كۆپلىكىدىن قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەيلا قېلىۋاتسام...

بېلەتنى لازىم بىرسىگە سېتىۋەتتىم...ئۇنىڭغا بېلەتنى ئۇزاتقاندا بېلەت ئەمەس بەلكى يۈرۈكۈمنى سۇغۇرۇپ بىرىۋاتقاندەك يۈرەكلىرىم سىرقىراپ كەتتى...

دىگەندەك ئۈچىنچى كۈنى ئەنزەر ئۆزى تىلفۇن قىلدى:

___ياخشى تۇرىۋاتامسەن...

___... ... ...

___يەنە يىغلايسەنغۇ...مەن تېخى سىنى... ...گەپ قىلغىنە ئاي...راستىنلا كەلمەمسەن ؟ مەندىن بىرەر نەرسىنى يۇشۇرۋاتامسەن نىمە؟

___ياق !

___بىلمەن...چۈققۇم بىر ئىش بار ، ئاتا-ئاناڭغا دىيىشكە قىينالساڭ ،ماڭا دىگىن...ئىقتىسادتىن قىينالدىڭمۇ يا ؟ ئاغرىپمۇ قالمىغانسەن...

___... ...

گەپ قىلالماي يىغلاپ كەتتىم...تېخى تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپتە ئۇقۇيدىغان دوستۇم ماڭا تىلفۇن قىلىپ ئۇنى ھاراق ئىچىپتۇ دەپ دوكلات قىلغانىدى ،بىلمەن ،ئۇ ئەزەلدىن ئۇنداق نەرسىلەرگە يېقىن كەلمەيدىغان...ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم...ئەمما تۇتقان خۇمار ۋە كاللامدىكى شۇنچە جىق خىياللار مىنى شەخسىيەتچىلىك قوينىغا ئىتتىرىپ تاشلىدى.مانا ئۇ يەنىلا ھىچ قانداق ئىش بولمىغاندەك ماڭا كۆيۈنمەكتە...

___گەپ قىلغىنە ئاي...خوش بوۋاي..

___ھېچنىمە بولمىدۇم...شۇ كىتەلمەيدىغىنىمنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم...

___كىتەلمەيسەن ئەمەس ، كىتىشنى خالىمايۋاتىسەن ، ئەمىسە يېنىپ كەل ، سىنى ئۇزۇمچىدە ساقلاپ تۇراي .

___ياق ،بولدى...

___نىمە ئويلاۋاتقانسەن؟

___ھېلى تىلفۇن قىلاي ، ئاپتۇبۇس كەلدى.

ئۇنىڭ خوش دىيىشىنى كۈتمەي تىلفۇننى قۇيۇۋەتتىم ، مۇشۇ كۈنلەردە نىمە بولۇۋاتقاندىمەن...مەن ئويلىغاندىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتىمغۇ ئۇزۇم...مەن زادى نىمە بولدۇم؟؟؟

بانكىدىن پۇل ئېلىۋېتىپ چۇچۇپ كەتتىم ، يېرىم يىل ئىشلەپ ، ئۇزۇمنىڭ تۇرمۇش پۇلىدىن ئاشۇرۇپ ، يىغىپ - تۆشەپ يىغاقان ئىككى مىڭ سومنىڭ ھېچنىمىسى يوق...قاتتىن چۇچۇدۇم...

تولا خىيال قىلىپ بېشىممۇ ئاغرىپ كەتتى...ئەنزەرگە تىلفۇن قىلماقچى بولدۇم ، ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىدۇ ئەمەسمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ياخشىراق پاراڭلىششىنى ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىشنى ئويلىدىم.

___ۋەي !

قارشى تەرەپتىن بىر قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال تىلفۇننى قۇيۇۋەتتىم ...قايتا قارىدىم ، خاتاسى يوق...راسلا ئەنزەرنىڭ نۇمىرى ،ئەنزەرنىڭ ئىسمى...قايتا ئۇردۇم:

___كىمسىز ؟

___مەن ئەنزەرنىڭ دوستى...كەچۈرۈڭ...سىز ئايگۈلمۇ؟

___قىزنىڭ سىلىق مۇئامىلىسىدىن سەل يۇمشاپ قالدىم.

___ھەئە ،ئەنزەرنىڭ تىلفۇنى سىزدە نىمىش قىلىدۇ.

___خاتا چۈشەنمەڭ ، ئۇنىڭ قولىدا بىر ئارتۇق بىلەت بار ئىكەن ،ماڭا شۇنى بەرمەكچىتى...بۈگۈن تىلفۇن قىلىپ ئالالمىدىم ...بايا تىلفۇن قىلسام سەل كەيىپ بوپ كاپتۇ...شۇڭا ئەنسىرەپ ئۇنىڭ يىنىغا كىلىشىمتى...ئۆزى يالغۇز...

___خاپا بولماي تىلفۇننى ئۇنىڭغا بىرىڭە!

___ئۇ ھازىر ھېچنىمىنى تۇيمايدۇ...كەچۈرۈڭ...ئۇ ئەتە تىلفۇن قىلسۇن سىزگە ، مەن ئېيتىپ قۇياي...

___سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ، ئۇنى ساق-سالامەت ياتىقىغا ئەكىرىپ قويسىڭىز بوپتىكەن .

___ماقۇل...خاتىرجەم بولۇڭ...ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمايدۇ ، ماقۇل ئەمىسە...

تىلفۇننى قۇيۇۋەتتىم...ئاھ خۇدا ، قانتىم بولسىچۇ كاشكى ، ئۇنىڭ ، ياق ئۇلارنىڭ يىنىغا ئۇچۇپلا بارسام ...ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن يۆلىسەم ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆز ياشلىرىم بىلەن ئەپۇ سورىسام... ...پەقەت خاتىرجەم بۇلالمىدىم ، كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كەلمىدى شىنجاڭدا سائەت ئون بۇلاي دىگەندى ،ئەنزەرنىڭ ياتىقىغا تىلفۇن قىلدىم .

___ياخشىمۇسىز ،ئەنزەر بارمۇ؟

___ياق ، تېخى كىرمىدى.

___سىز...؟

___ھە ، ئايگۈلمۇ سىز ، مەن ۋەلى...

___ۋەلى ، قاراڭ ، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ، ئەنزەر مەس بولۇپ قاپتۇ ، ئۇنى بىر قىز ساۋاقدىشىڭلار ئېلىپ كىرەلمەي جاپادا قاپتۇ...چىقىپ ياردەملەشكەن بولسىڭىز... ...ھە...شۇنداق...نەدىلىكىنى بىلمىدىم ، لىكىن سىز ئۇنىڭغا تىلفۇن قىلسىڭىز بۇلىدۇ...كەچۈرۈڭ ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ، ماقۇل رەھمەت...

نەچچە مىنۇت ئۆتمەي ۋەلى ئۆزى ماڭا تىلفۇن قىپتۇ.

___تىلفۇنى تاقاقىقۇ ئۇ ئاداشىنىڭ ، قايسى قىزكىنە ئۇ ؟ سىز تۇنۇمسىز ؟ياق...لىكىن...ئۇ قىز...ئەنزەر بېلىتىنى ماڭا بەرمەكچىتى دىگەندەك قىلغان...

___ھە...بىلدىم...لىكىن ئۇ قىزنىڭ تىلفۇنىمۇ تاقاقىكەن...مەن مەكتەپ ئالدىغا چىقىپ باقاي ، ھېلى ئالاقىلىشايلى...ئەنسىرەپ كەتمەڭ، ھېچ ئىش بولمايدۇ...

پۈت قولۇمدا ماغدۇر قالمىدى ، ئۇلار تېخى بىر قىزنىڭ گىپى چىقىپ بولغۇچە ئۇ قىزنىڭ كىملىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بۇلدىغان گەپكەن...دىمەك ئىش ئۇنداق ئاددى بولمىسا كېرەك...ئەنزەر...جېنىم ئەنزەر...سەن بولساڭمۇ مىنى چۈشەن ، سەن بولساڭمۇ مىنى تاشلىۋەتمە...مەن ھازىر ساڭا ھەقىقەتەن مۇھتاج...

توختىماي تېلېفون قىلىۋاتىمەن...ئۈچۈر يېزىۋاتىمەن...پوت-قوللىرىمدا جانىمۇ يوق...خۇددى ھېلىلا ئۇ تېلېفون قىلىپ قالىدىغاندەك...

ۋەلىمۇ خېلى ساقلاپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى ،ئەگەر ئۇ ياتاقتا قايتىپ كەلسىلا تېلېفون قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

سائەت بىر..ئىككى...ئۈچ...تىزىمنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان مەن...تىترەۋاتقان قوللىرىمدا تېلېفون...توختىماي يېزىلىۋاتقان ئۈچۈرلار...تۆكۈلىۋاتقان كۆز ياشلار...قانداق ئۇخلاپ قالدىم بىلمەيمەن...كارىۋتىمدا تۇگۈلۈپلا يېتىپ قاپتىمەن...ئۇستۇمدىكى يوتقاننى قېيى قېيى يېپىپ قويدى ھە قاچان... ئەمدىلا تاڭ ئاتقانىكەن...ئاۋال نامىزىمنى ئۇقۇدۇم...ئاندىن ئىشخانىنى تازىلىدىم...ۋاقتنى تېزراق ئۆتكۈزۈشنىلا ئويلايتتىم...ئاخىر تاقەت قىلالماي يەنە تېلېفون قىلدىم...ئەمما يەنىلا ئىتىك...ئەتىگەندىلا ياتىقىغا تېلېفون قىلىشتىن خىجىل بولدۇم...شىنجاڭدا سائەت يەتتە يېرىملار ئەتراپىدا  ياتىقىغا تېلېفون قىلدىم ... تېخىچە قايتىپ كەلمەپتۇ ، ئەمما ۋەلى ئۇنى چوقۇم قايتىپ كىرىدۇ ، يوك -تاقلىرى ،ھەممە نەرسىسى ياتاقتا ، كەلسىلا سىزگە تېلېفون قىلسۇن ،ئېيتىپ قويايلى دەيدۇ...

دىمەك بىر كېچە.........................

خىياللىرىمنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرگۇدەك جۇرئەت مەندە يوق !

ئۇ كۈنى بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى...ئۇ كۈنى ئۆزۈم خالاپ تاماكا چەكتىم...تۈنجى قېتىم تاماكىدىن نەپرەتلەنمەي تۇرۇپ تاماكا چەكتىم...تۈنجى قېتىم ئۆزۈمدىن نەپرەنلەنمەي تۇرۇپ تاماكا چەكتىم... ...

ئەتىسى ئەتىگىنى ...بۇ كەمچىكچە ئۇ چوقۇم ئۇيىگە بېرىپ بولدى...قانداق قىلىشىم كېرەك ،،،تېلېفون قىلايمۇ ؟ ! ئۇ چوقۇم يازغان ئۈچۈرلىرىمنى كۆردى...ئەگەر كۆڭلىدە مەن بولسام ئۇ چوقۇم ئۆزى  تېلېفون قىلىدۇ،،،ھەرخىل خىيال بىلەن يەنە بىر كۈننى ئۆتكۈزدۈم...يىغقان پۇللىرىملا ئەمەس...يېنىمدىكى پۇلمۇ ، تېخى ئالغىلى نەچچە كۈن بولغان مائاشىمۇ يوق...قانداق قىلىشىم كېرەك...بۇگۈننى قانداق ئۆتكۈزىمەن...يېنىمدا پۇل يوق ئۇ ئالۋاستىنىڭ يېنىغا چۈشتۈم...

___بوپتۇ...تۇتە...لىكىن كىينكى قېتىم بۇگۈنكىنىڭ پۇلنى قوشۇپ ئەپچىق!

كېينكى قېتىم ؟! بۇ قېتىم ئۇنىڭغا <<ئەمدى كېينكى قېتىم بولمايدۇ ، بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى ...ئەمدى ئاق چەكمەيمەن>>دەپ رەددىيە بىرىشكە رايىم بارمىدى...

نېرۋام شۇ قەدەر قالايمىقان...كومپيوتۇر ئۈچۈق...مۇنبەرنىمۇ ئېچىپ قويدۇم...بىرەر نەرسە ئوقۇپ دىققىتىمنى چاچماقچى ،خىيالىمدىن ئەنزەرنى ، پۇلنى ، تاماكىنى بىردەم...مىنۇت ...بولسىمۇ يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقىمەن...ئەمما ھەممىسى بىكارغا كىتىدۇ،،،تۇيۇقسىز تېلېفونۇم سايراپ كەتتى...چوقۇم ئەنزەر...ھەقىقەتەن شۇكەن...

___قانداق ئەھۋالىڭ؟

___.......

___يەنە نىمگە يىغلايسەن؟! مىنى سارالڭ بولسۇن دەمسەن ؟ ! يىغلىما !

___.... ...

___ئۇ كۈنى كېچىسى مىنى ماھىرە تورخانىغا ئەكىرىپتۇ...مەن ماڭغىلى ئۇنىمغاچقا شۇنداق قىپتۇ...ئەتىگىنى ئويغانسام تورخانىدا...

___ياتىقىڭغا كىرمىدىڭما؟

___كىردىم...لىكىن پويىزغا ئالدىراپ ... ...ئۇنىڭ ئۇستىگە تېلېفونۇمنىڭ توكى يوق...

___بولدى قىلە ؟! سەن ماڭغىلى ئۇنىمساڭ ياتىقىڭغا تېلېفون قىلسا بۇلىدىغۇ...ئۇ پاسكىنا نىمىشقا...

___كىمگىنى تىللاۋاتىسەن ؟ ئۇنى تىللاشقا سەندە ھېچقانداق ئاساس يوق ! ئۇ سەن ئويلىغاندەك قىز ئەمەس!

___ئەمىسە نىمە دەيمەن...سىنى ياتىقىڭغا ئەكىرىپ قويماي ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ... ...كىم بىلىدۇ ..

___ساڭا بىكار تېلېفون قىپتىمەن.

___... ...

___ئۇ ياخشى قىز ، ساڭا دىگەنلىرىممۇ راس گەپلەر...ئىككىمىز توغۇرلۇق ئوبدانراق ئويلىشىپ باق ، مەنمۇ ئويلىشىپ باقاي...

تاراققىدە قويۇلغان تېلېفون...يۈرۈكۈم خۇدى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى،،،بايا ئۇنىڭ ئۆيىدىكەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن ئەمەسمۇ ؟...يەنە ئويلاندىم ...ئۇزاق ئويلاندىم...بۇنداق كىتىۋەرسە رسەم قەتئىي بولمايتتى...ئەنزەردىنمۇ ئەمەس...ھەممە نىمىدىن...بارلىقىمدىن ئايرىلىپ

قالاتتىم...ئەنزەرنىڭ ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىغا خەت قالدۇرۇشقا باشلىدىم:

<<كەچۈرگىن ئەنزەر...يېقىندىن بىرى سىنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويدۇم...ئەمما ساڭا ، مۇھەببىتىمىزگە يۈز كېلەلمىگۈدەك ھېچ ئىش قىلغىنىم يوق.ماڭا ئىشەن...يېقىندىن بىرى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، ئىتتىك چېچىلىدىغان ، ھارغىنلىق ھېس قىلىدىغان ھەم تولا ئۇيقۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدى...

باياتىن ئۇ قىزنى تىللىسام خاپا بولدۇڭ ، مېنىڭ ئورنۇمدا تۇرۇپ ئويلاپ باققىنە ؟! ئىككى كۈننى قانداق ئۆتكۈزدۈم بىلەمسەن ؟! ئۇ قىز مېنىڭ بېلىتىمنى ئاپتۇ...دېمەك ئىككىڭلار بىرگە ماڭدىڭلار...ئالدىنقى كۈنى بولسا ئۇ قىز بىر كېچە سەن بىلەن بىللە...مەن ھېچنىمە ئويلىيالماي تۇرالايمەنمۇ ؟ سىنى تورخانىغا ئەپكىرىپ قويغىنى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتايمۇ ؟ ! ئۇ قىز ئەتە ماڭىمەن دىگەن كۈنىگىچە بېلەت ئالماي نىمە ئىش قىپتىكەن ؟!ئۇ قىزنىڭ يۇرتىغا پويىزدىن ماشنا قولايلىق تۇرسا ؟! ئۇنىڭ قۇلۇڭدىكى بېلەتنى ئالغىنىغا ، مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ ماڭغىنىغا ، مېنىڭ رولىمنى ئۆتىگىنىگە رەھمەت ئېيتايمۇ ئەمىسە ؟!

بەلكىم دىگەنلىرىڭ راستۇ...لېكىن ماڭا ئېغىر كەلدى...مەن ئىرىشمەن ئەنزەر ، خۇددى ئۈچ كۈندەك ئۆتكەن ئۈچ يىلىمىز ئۈچۈن...ھەممىڭ مەسلىگى كېلىدىغان مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن...بىرىشكەن ۋەدىلىرىمىز ۋە كېيىنكى كۈنلىرىمىز ئۈچۈن ئىرىشىمەن...

مەن بۇ قېتىمقى ئىشلارنى ئەگىمەي...ئەمما يەنە يۈز بىرىپ قالمىسۇن...مەن كۆتۈرەلمەيمەن...بىر كۈنلەردە ئەتراپىمدىكى ھەممە كىشىدىن رايىم قېيتقاندەك سەندىنمۇ رايىم قايتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن...ئۇ ۋاقتتا ماڭا ياشاشنىڭ مەنىسى بولماي قالىدۇ...بۇندىن كېيىنكى ھاياتلىق يۈلىنى سەن بىلەن بىرگە باسقۇم...سىنىڭ خىزمىتىڭنى قىلغۇم بار ئەنزەر...سىنى ياخشى كۆرىمەن...سىنى ياخشى كۆرىمەن...>>

خەتنى يېزىپ بولۇپ ئوقۇسام تولىمۇ ساختىدەك ، ئەنزەر بىرلا ئوقۇپ خاپا بولۇپ قالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى...راستىنى دىسەم كۆڭلۈمدە ئويلىغىنىم باشقا ، خەتتە يازغىنىم باشقا ئىدى...ئۇنىڭغا دىسەم قانداق بولار؟ ئۇ قىز دوستىنىڭ بىر زەھەر چەككۈچى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلالارمۇ ؟ دىگەنلىرىمگە ئىشىنەرمۇ ؟!

يەنە بىر كۈن ئۆتتى،،،يەنە خۇمارنىڭ كاساپىتى...ئەمما يېنىمدا پۇل يوق...سائەت يەتتە بولاي دىدى . قاراڭغىمۇ چۈشتى...ئۇ ئالۋاستىنىڭ يېنىغا چىقسام يەنە بىرەرمۇ ؟ بىرەر كۈن چىدىيالارمەنمۇ ؟ قىپ قىپ بىلىپ قالمىسلا چۇقۇم چىدايتتىم...دەل ئاشۇنداق كەلسە_كەلمەس خىياللارنى قىلىپ ئولتۇرسام تېلفۇن كەلدى ، قارىسام مۇشۇ شەھەر ، سەل ھەيران بولۇپ تېلفۇننى ئالدىم .

___بۈگۈن تاماكا ئالامسەن؟

___ھە ؟

___مەن ئاسيە.

___ھە ...بىلمەيمەن.

___پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالمىغان ئوخشىمامسەن ؟

___ھە...

___مەن تېپىشىپ بىرەيما ؟

___ھە ؟،___دەماللىققا ئۇنىڭ دىمەكچى بولغىنىنى چۈشەنمىدىم .ئازراق تۇرىۋالغاندىن كېيىن بولسا غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم.

___ئالۋاستى پاسكىنا ! مەن سەن ئەمەس...ئەمدى سىنى كۆرەر كۆزۈم يوق !

تېلفۇننى قويىۋەتتىم...يىغلاۋاتىمەن...تىگى يوق پۇشايمان ، تۈگىمەس ئازاپ بىلەن...ئاشۇ كۈنى ...نىمىشقىمۇ ئاشۇ ئالۋاستىنى ئۇچرىتىپ قالغاندىمەن ؟!نىمىشقىمۇ ئىچىم ئاغرىپ ئاشخانىغا ئەكىرگەندىمەن...نىمىشقىمۇ ...؟! ھېچ بولمىسا ئەزەلدىن كەچلىك تاماق يىمەيدىغان ئادەم ئاچكۆزلۈك قىلىپ ئۇ ئالۋاستىنىڭ زەھەرلىك تامىقىنى يېگەندىمەن...نىمىشقىمۇ؟؟؟نىمىشقىمۇ؟؟؟... ...

<<ئاپا...قايتىپ كىتىمەن...قايتىپ كىتىمەن...ئاپا...جېنىم بەك قىينالدى،،،چۈشلىرىڭ يەنە بۇزىلىۋاتامدۇ ئاپا...كۆڭلۈڭ تۈيىۋاتامدۇ ئاپا...دادامنى ،سىنى بەك سېغىندىم...مىنى قۇتقۇزۇڭلار ئاپا...پەقەت بىر قېتىم مىنى كەچۈرۋېتىڭلار...ئەگەر بىرلا قېتىم كەچۈرۋەتسەڭلار مەن پۈتۈڭلاردا ئۆمىلەپ يۈرۈپ خىزمىتىڭلارنى قىلىمەن ئاپا...سىلەرنى يەنە كۆرەلەرمەنمۇ ؟...قۇچاقلىرىڭدا يېتىپ ئەركىلىيەلەرمەنمۇ ؟! ئوخشىمىغان تامىقىمنى ئوخشاپتۇ دىگۈزۈش ئۈچۈن قەغشىلىك قىلالارمەنمۇ ...ئاپا...بەك قىينىلىپ كىتىپ بارىمەن...ئاپا...>>

يىغلاپ...ئۆز_ئۆزۈمگە نالە قىلىپ دىگەندەك...ئۇ كۈننى بەك تەستە ئۆتكۈزدۈم ، خۇمارنىڭ كۈندىن_كۈنگە

كۆچىيۋاتقىننى ...خۇمار تۇتقاندىكى ئاغرىقنىڭمۇ كۈندىن_كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھىس قىلىۋاتاتتىم...ئەمما ... ...

ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئەنزەرنىڭ قايتۇرغان ئۇچۇرىنى كۆردۈم .

<<ئاي ! ساڭا نىمە دىسەم بۇلا...راستىنى دىسەم مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدىلا شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتتىڭ...خۇددى مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرىۋاتىسەن...مەنمۇ سەندىن تولا سوراپ ھاردىم...قايتىپ كەلگەن بولساڭ بەلكىم ھەممە ئىش ياخشى بۇلۇپ كىتەر ئىدى...نېرۋام بەك قەلەيمقان،،،ساڭا نىملەرنى يېزىۋاتىمەنكىن...ھازىر سەندىن ئەنسىرىشىمنىڭ خاراكتىرىمۇ ئۆزگەردى...گىپىمنى چۈشەندىڭمۇ ؟! مەن سىنىڭ چۈشەندۈرىشىڭگە مۇھتاج...سەن باشقىلاردىن قالايمقان گۇمان قىلما...ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى قىز...يەنە كىلىپ مەن سىنى ياخشى كۆرىمەن...دەن تىرىشماقچى بولغان بولساڭ مەنمۇ تىرىشىپ باقاي...ئۈچ يىللىق مۇھابىتىمىزنىڭ يۇز خاتىرسى ۋە ساڭا بولغان پاك كۆڭلۈم ئۈچۈن...>>

خەتنى ئوقۇپ ھەم كۆڭلۈم يېرىم بولدى ھەم خوشال بولدۇم...دەپتەر قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم-دە ، تاماكا تاشلاشنىڭ پىلاننى تۈزۈشكە باشلىدىم...سائەت نەچچىدىن نەچچىگىچە نىمە ئىش قىلىش توغۇرلۇق مىنۇتنىمۇ ھساپلاپ تۇرۇپ پىلان تۈزدۈم.خۇمارىم ئەڭ تۇتىدىغان ۋاقتنى ئۆينىڭ توك ، سۇلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئاجراتقان بولدۇم ، بۇنداق بولغاندا باشقىلارنىڭ كۆزىدىن يىراقراق تۇرغان بۇلاتتىم...

ئەمما پىلانىمنىڭ تۇنجى كۈنىلا ئىشتىن چاتاق چىقتى...تاس قالدىم ئىشخانىدىكىلەر تەرىپىدىن سىزىلىپ قالغىلى...ئاخىر ئامال قىلالماي باشقىلاردىن پۇل سورىدىم:

___قېي قېي ، ماڭا پۇل بىرىپ تۇرالامسەن؟...بىر دوستۇمغا لازىم بۇلۇپ قاپتىكەن...مەن مائاشمنى ئېلىپلا ئازراق ئېلىپ قېلىپ ئاشقىننى ئۇيگە سېلىۋېتىپتىكەنمەن...شۇڭا...

___ئۇ دوستۇڭ ئىشەنچىلىكمۇ ؟

___ھەئە .بەك ئىشەنچىلىك...ئەگەر ئۇ قايتۇرالمىسا كېلەر ئايدا مائاشمنى ئېلىپلا ساڭا بىرىمەن .

___قانچىلىك ئالىسەن...مەنمۇ سىنى باشقىلارغا ئالدىنىپ قالمىسۇن دىدىم شۇ .

___مىڭ .

___ئاز پۇل ئەمەسكەنغۇ ؟

___ئېم . بىرىپ تۇرالامسەن ؟

___بىرىشنىغۇ بىرىمەن...لىكىن...

___ئەنسىرىمە ، ئۇ دوستۇم بەك ئىشەنچىلىك...

___ماقۇل ، ئەتە ئېلىپ بىرەيمۇ ؟

___ھازىر ئېلىپ بەرگىنە ، ئەتە ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇخلىۋالغىن ، مەنمۇ ئەتە ئەتتىگەندىلا بېرىپ سېلىۋېتىپ كىلەي .

___ماقۇل ئەمىسە .

...

شۇنداق قىلىپ ئۇ كۈنى قېي قېيدىن قەرىز ئېلىپ بىر كۈننى ئۆتكۈزدۇم .ئەمما ئالدىنقى قېتىملىق پۇل ۋە بۈگۈنكى پۇلنى قوشقاندا قولۇمدا ئاشقىنى كېينكى قېتىملىققا يەتمەيتتى ، بىلىپ تۇراتتىم ،مۇشۇنداق كىتىۋەرسەم ئۆز_ئۆزۈمنى تۈگەشتۈرىۋالاتتىم... لىكىن... ...

يەنە ئىككى كۈن ئۆتتى...يەنە شۇ كومپىيوتۇر ئالدىدا ئولتۇرىمەن...تېخى بايىلا باشلىقمدىن بىر مۇنچە گەپ ئاڭلىدىم ، ئىككى ھەپتىلىك خىزمەت خۇلاسسىدە مىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىم ئەڭ كۆپ ئىدى ، ھەتتا باشقىلارنىڭ ئۈچ مىڭ يۈەن پۇلنى كارتىغا خاتا قاچىلاپ قويغانلىق سەۋەبىدىن شىركەت بىلەن خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدا خېلى سۇركىلىشلەر بولدى ... قايسى بىر ئۆيدە شەنبە_يەكشەنبە توك يوق بولدى...بۇنداق ئىشلار بارغانسىرى كۆپىيىۋاتاتتى...باشلىقىممۇ كۆڭلۈمنى ئايىدى بولغاي ، ھەر بىر خاتالىقىمنى بىردىن ئوتتۇرغا قويدى ۋە ئاخىرىدا :

___گۈلى ، ئەسلىدە سىنى ئوڭشىلىپ كىتەرمىكىن دىگەنىدۇق ، لىكىن ئەكسىچە خاتالىقىڭ بارغانسىرى ئېشىپ كىتىۋاتىدۇ ...بۇنداق كىتىۋەرسە شىركەتكىمۇ ، ئۆزۈڭگىمۇ ياخشى بولمايدۇ ...سەن بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىلى خېلى بولدى ، ساڭا بېسىم قىلمىدۇق دىسەكمۇ بۇلىدۇ ، سەن باشقىلار قىلغان ئىشنىڭ يېرىمىنى قىلسەن ، شۇنداق تۇرۇپ بۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزسەڭ ، ئۆزۈڭ ئويلاپ باققىن ، كىيىن رەسمي خىزمەتكە چىققاندا قانداق قىلىسەن ؟بۈگۈندىن باشلاپ ساڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش تەلەپ قۇيىلىدۇ .___دەپ قۇشۇپ قويدى ، ئادەتتە ماڭا ئىشقىقا

كىلىش ، كىتىش ۋاقتىمدا ئىتىبار قىلىناتتى ، كېچىلىك ئىسمىنىدا ئۇخلاشقا رۇخسەت قىلىناتتى ، باشقىلار ئىشلىگەن جەدۋەلدە خاتالىق كۆرۈلسە مائاشىنى تۇتۇپ قالاتتى ، مىنى بولسا ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بولدى قىلاتتى...دىمەك ، بۈگۈندىن باشلاپ ماڭىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش قاتتىق تەلەپ قويىلىدىكەن...كاللامنى ساق تۇتۇشۇم كېرەك...ئەگەر بۇخىزمەتتىنمۇ ئايرىلىپ قالسام مەن تۈگىشىمەن...

ئېلىكترونلۇق خەت ساندۇقۇمنى ئاچتىم ، ئەنزەر بىر مۇنچە خەت يىزىپتۇ ، قايتۇرۇشقا رايىم بارمىدى ....بىردەم تۇرۇپ قايتۇرۇشنى ئويلىدىم . يەنە شۇ <قانداق قىلىش كېرەك >دىگەن ئايىغى چىقماس خىيالنى قىلىپ ئولتۇراتتىم ، گاۋ دىرىكتور(ئۇنى باشقىلار مۇشۇنداق ئاتىشىدۇ) بىر دوستىنى باشلاپ ئەزالىق كارتىسى بېجىرىشكە كەپتۇ ، ئىشخانىدىكىلەردىن ئاڭلىسام گاۋ فامىلىلىك بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ شەھەردە ناھايىتى داڭلىق بىر مېھمانخانىسى باركەن ، شۇنداق تۇرۇپ بۇ ئادەم داۋاملىق بۇ يەرگە كىلىدۇ ، بۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئاشخانىسى تۇرۇپمۇ ياندىكى ئاشخانىدىن تاماق يىگەندەكلا بىر ئىش ...

بۇ ۋاقىتتا كېچىلىك ئىسمىنىدىكىلەرنىڭ ئىشقا چۈشۈش ۋاقتى تېخى توشمىغانىدى ، مەن گاۋ دىرىكتور بىلەن ئادەتتىكىدەك سالاملىشىپ قويۇپ ئېكرانغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىۋەردىم .

___گۈلى خانقىز ، تەتىل قويۇپ بەرمىدىمۇ ؟،___سوراپ قالدى گاۋ دىرىكتور .

____ئۇ تەتىلدە قايتمايدۇ ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىشلەپ ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ ، ھە گۈلى ،___مەن جاۋاپ بىرىپ بولغۇچە ما ئاچام ئېغىز ئېچىپ قالدى ، مەن كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلماي ئولتۇردۇم .

___ياخشى بالا،___دىدى گاۋ دىرىكتور يەنە ،___ھازىر سەندەك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پەقەت پۇل خەجلەشنىلا بىلىدۇ ...سەن ھەقىقەتەن ياخشى بالىكەنسەن ....مەن ئۇيغۇر قىزلىرىنى ياخشى كۆرىمەن ، شىنجاڭغىمۇ بارغان ، ھەيرانمەن...ئۇيغۇرلار باشقىچە چىرايلىق كىلىدۇ ...يەنە كىلىپ بەك....نىمە دەيمىز...ھېلىقى....

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغۇم كەلمەي تىلفۇننى ئېلىپلا ئۆزىرخالىق ئېيتىپ چىقىپ كەتتىم ، پەسكە چۈشۈپ نەگە بېرىشىمنى بىلمەي بىردەم تىگىرقاپ تۇرۇپ قالدىم ...ئۇدۇل كوچىدىكى مەكتەپ ئىچىگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ

چىقماقچى بولۇپ مېڭىۋىدىم ، يېنىمدىلا يوغان جىپ ماشىنا سىگنال بىرىپ توختىدى ، شۇنداقلا قاراپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدىم ، ئەمما ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان گاۋ دىرىكتورنى كۆرۈپ قەدىمىمنى توختاتتىم .

___گۈلى خانقىز ، بۈگۈن دەم ئالغان ئوخشىمامدۇ ؟

___ياق ، مەن ئادەتتە كېچىسى ئىشلەيمەن ئەمەسمۇ ، ھازىر ئىشقا چۈشىدىغانغا تېخى بالدۇر .

___ھە...خالىساڭ مەن بىلەن بىرگە بىزنىڭ شىركەت تەرەپلەرگە بېرىپ كۆرۈپ باققىن ، يەنە خالىساڭ كۈندۈزى بىزنىڭ شىركەتتە ئىشلىسەڭمۇ بۇلىدۇ ...مائاشىڭنى چۇقۇم كۆڭۈلدىكىدەك بىرىمەن .

بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىم بولغان بولسا يۈزىگىمۇ قارىماي كەتكەن بۇلاتتىم ، ئەمما ھازىر ئىش ئوخشىمايدۇ ، مەن پۇلغا ئېھتىياجلىق ،...ماشىنىغا قارىدىم ، بايامقى يەنە بىر ئەر ۋە يەنە بىر ياش قىز بار ئىكەن .

___گاۋ دىرىكتورنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ، ھازىرچە بارماي تۇراي .

___بىلمەن ، باشقا ئىشىڭىمۇ يوق ، يىراق ئەمەس ، بېرىپ كۆرۈپ كەلگىن .

دەقىقە ئويلىنىپ قالدىمدە ئۇلارغا ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ ئىشخانىغا تىلفۇن قىلدىم .

___ما ئاچا ، گاۋ دىرىكتور مىنى شىركىتىگە بېرىپ كۆرۈپ كىلىشكە تەكلىپ قىلدى ، بارسام بۇلارمۇ ؟

___ئۇ بىزنىڭ جىڭلىنىڭ تۇنۇشى ، ياخشى ئادەممىكىن دەيمەن ، بارغىڭ بولسا بارغىن ، لىكىن تىز قايتىپ كەل .

___ماقۇل .

شۇنداق قىلىپ گاۋ دىرىكتورنىڭ ماشىنىسىغا چىقتىم ، ئۇنىڭغا ئىشخانىدىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغانلىقىمنى ، ئىشقا كېچىكىپ قالسام بولمايدىغانلىقىمنى ، تىز بېرىپ تىز قايتىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتىم .

___خاتىرجەم بول ، سىنى مۇشۇ ماشىنىدا ئەكىلىپ مۇشۇ ماشىنىدا ئەكىلىپ قويىمەن .

دىگەندەك ئۇزۇن ھايال بولمايلا ئۇنىڭ شىركىتىگە يىتىپ كەلدۇق .

ئويلىغىنىمدىن كۆپ كاتتا شىركەتكەن ، بىرىنچى قەۋەتتى چوڭ رېستۇران ، ئىككىنچى قەۋەتتى بېرلىياتخانا ، ئۈچىنچى قەۋەتتى كېچىلىك بەزمىخانا ، تۆتىنچى قەۋەتتى مېھمانخانا دىگەندەك...لىكىن كىلىپلا بايقىدىمكى بۇ مەن ئىشلەشكە قىلچىمۇ لايىق ئەمەسكەن ،شۇندىقتىمۇ كىلىپلا كىتىمەن دىسەم قاتتىق ئەدەپسىزلىك بۇلاتتى ، بىر تەرەپتىن گاۋ دىرىكتورنىڭ شىركەت توغرىسىدا دىگەنلىرىنى ئاڭلىغاچ ماڭدىم . ئۈچىنچى قەۋەتكە چىققاندا گاۋ

خوجايىن مىنى كۆرۈپ بىقىشقا تەكلىپ قىلدى ، قارىسام ئېچى ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەنىكەن ، ھەيران قالغىنىم ئۇ تېخى بايا ماڭا كىچىلىك بەزمىخانا دىۋىدى لىكىن تېخى چۈشتىن كىيىن تۇرۇپمۇ ئادەم خېلى كۆپ ئىكەن ،كۈرىنىشدىن قىلچىمۇ بەزمىخانىغا ئوخشىمايدىكەن...

___ئادەتتە كۈندۈزىمۇ تىجارەت قىلىمىز ، چايخانا دىسەكمۇ بۇلىدۇ ...

___ھە...

تۆتىنچى قەۋەتكە چىقتۇق .

___ئەگەر ئىشلەشنى خالىساڭ مۇشۇ يەردە ئىشلەيسەن ، كېچىسى ئىشلىگەندە ئەڭ ئۇزاق بولغاندا تۆت سائەت ئۆرە تۇرىسەن ، مائاشىڭمۇ ئۇ يەردىكىدىن كۆپ بۇلىدۇ ، قانداق ئويلىشىپ باقامسەن ؟ ئەگەر تەتىلدە كۈندۈزى ئىشلەيمەن دىسەڭمۇ بۇلىدۇ ، ۋاقتىڭنى مەن ئۇزۇم شەخسەن ئورۇنلاشتۇرۇپ بىرىمەن.

___ياق بولدى ، راستىنى دىسەم ئۇ يەردىكى خىزمىتىمنى ياخشى كۈرىمەن ، بۇ يەرگە قىزىقىپ كىلىپ باقتىم .

___كىلىپ تۇرساڭ بۇلىدۇ ، مىنىمۇ ئۆز كۆر ، مەن شىنجاڭغا ، ئۈرۈمچىگە بارغان...

___سەت بولدى ، ساقلاپ تۇرۇڭ .

گاۋ دىرىكتور ۋە يەنە بىر قىزدىن سەل يىراق بۇلۇپ تىلفۇننى ئالدىم . ئەنزەرئىكەن .

___خوش خەۋەر ئېيتايمۇ ئاي...

___دىگىنە .

___مەن ئويلاندىم ، بۇ قېتىم چۇقۇم يېنىڭغا بارىمەن ، ئۆيدىكىلەردىن مەكتەپكە بىر ھەپتە بۇرۇن بېرىش ئۇچۇن رۇخسەتمۇ ئالدىم ، مەكتەپكە بىر ھەپتە بۇرۇن بارىمەن دە سىنىڭ يېنىڭغا يول ئالىمەن ، ناھايىتى بىر ئۇخلاپ تۇرساملا بارىدىغان يولغۇ ئۇ .

___... ...

___گەپ قىلىۋاتىمەن ساڭا ، جىمىپ كەتتىڭغۇ ؟

___ھە...ئاڭلاۋاتىمەن....شۇ ...

___نەدە سەن ؟ كۆپ ئادەمنىڭ ئاۋازى چىقىدىغۇ...

___ئىشخانىدا شۇ ،(قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەۋاتاتتىم)

___گۈلى...بىز بۇياقتا ھە...

___كىمۇ سىنى قىچقارغان ؟،___قارىغاندا ئەنزەر ئاڭلاپ قالغاندەك قىلاتتى ،___ئىشخانىدا ئەركىشى يوق دەۋاتىمامتىڭ؟

___يوق شۇ...نەدە مىنى بىرسى قىچقىرىدۇ ؟

___ئەمسە ماڭا مىنۇت ئېچىدە ئىشخاناڭدا تۇرۇپ تىلفۇن قىل .

ئۇ تىلفۇننى قويىۋەتتى ، ماۋۇ دىرىكتور بولغان ئادەممۇ شۇنچىلىك ئاددى قائىدىنى بىلمەيدىكەن . قاراپ تۇرۇپ بىرسى تىلفۇندا سۆزلىشىۋاتسىمۇ ...ئەمدى قانداق قىلىمەن ...ئەنزەر ئەزەلدىن يالغان سۆزلىگەننى يامان كۆرىدۇ ...بايالا باشقىراق بىرەر نەرسە دىسەم بوپتىكەن...ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ تىلفۇن قىلدىم ،

___ئەنزەر مەن...

___ئەمدى ماڭا گەپ قىلما !

___سەن ئىشخانىدا ئەمەس ...مەن ئىشخاناڭغا تىلفۇن قىلدىم .

___ئەنزەر ...

___گۈلى خانىقىز ...

___ئەنزەر !

___ئاغزىڭنى يۇم پاسكىنا !

ئادەمنى نەس باسسا شۇنداقمۇ بۇلارمۇ ؟! گاۋ دىرىكتورنىڭ توۋلىغىنىغىمۇ قارىماي يىغلاپ چىقىپ كەتتىم ، ئۇدۇل ئىشخانىغا باردىم ، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى ئۇلارغا دەپ بەردىم .

___ئەسلىدە ئۇنداق يەرگە بارمىساڭمۇ بۇلاتتى ، گاۋ دىرىكتورغۇ ياخشى ئادەم ..شۇنداق بولسىمۇ بىر خوجايىن بىلەن بىرگە يۈرسەڭ باشقىلار سىنى نىمە دەپ قالىدۇ ؟

ئالدىمدىكى مۇنۇ ما ئاچامغا قاراپ نىمە دىيىشىمنى بىلمەي قالدىم ، تېخى بايىلا مىنى <ۋاي ، بېرىپ كەلگىن >دىگەن ئادەم مانا ئەمدى يۈزىنى ئېلىپ باشقا بىر يېرىگە چاپلاپلا <بارمىساڭ بۇلاتتى>دەيدۇ...تۇۋا،،،

___ئۆزۈڭ بارساڭ بولىدۇ دىدىڭغۇ ؟

___سەنمۇ چوڭ بىر ئادەم تۇرساڭ ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مەندىن ئۇنىڭ يېنىغا بارساڭ بولىدىغان بولمايدىغانلىقىڭنى سورىساڭ مەن نىمە دىيەلەيتىم .قىزىقمۇ سەن؟

ئۇنىڭغا باشقا نەرسە دىيەلمىدىم ، ئەمما ئۇ مىنىڭ ئورنۇمدا ئەنزەرگە چۈشەنچە بىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىلفون قىلىپ بىرىشىمنى ئېيتتى ، ئەنزەر ئۆيدە يوق ، تىلفوننىمۇ ئېتىك ...شۇنداق قىلىپ بىر كۈن ئۆتتى .ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كومپيوتۇر ئالدىغا باردىم ، دىگەندەك ئەنزەردىن خەت كەپتۇ ، ئالدىراپ خەتنى ئاچتىم :

"سىنى يەنە كۆرەرگە كۆزۈم يوق...ئېپلاسكەنسەن...مىنىغۇ ئويلىما ، ئاشۇ بىچارە ئاتا-ئاناڭنى بولسىمۇ ئويلىساڭ بولمامدۇ ؟! پۇل ساڭا شۇنچە ئۇلۇغما ؟!قېنى سەندىكى قىزلىق غۇرۇر...سىنىڭ ئىسمىڭنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ ئۇيىلىۋاتىمەن...سىنىڭ خىزمىتىڭ...توۋا...مۇشۇ كەمگىچە ...سەن مىللەت ، غۇرۇر توغۇرلۇق ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆزلەرنى قىلاتتىڭغۇ ؟! سىنى تۇلكە جىن دەيمۇ ؟! ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان ئالۋاستى دەيمۇ ؟! مەيلى نىملا دەي ساڭا ئۇنداق گەپلەر بەرىبىر...چۈنكى سەن دىگەن ...ماڭا خەتمۇ قالدۇرما...ماڭا يالغان -ياۋداق چۈشەندۈرۈشلىرىڭنىڭ كېرىكى يوق...لىكىن سەندىن ئاخىرقى ئۆتىنىشىم ، ھازىر بولسىمۇ توختاپ قال ...بۇلغانغان تىنىڭ بىلەن يۇرتنىمۇ بۇلغىما ؟..."

مىڭ يەردىن تۇكۇلۇپ يىغلاۋاتىمەن،،،نىمە دىگەن ھاقارەتلىك سۆزلەر...خۇددى ئۇ خەتنى يازغىنى ئەنزەرنىڭ قولى ئەمەس...خۇددى مىنىڭمۇ كۆرگىنىم ماڭا يىزىلغان خەت ئەمەس...خېلى بىر ھازاغىچە يىغلىدىم...ناھەقچىلىق...بىر-بىرىدىن ئاڭلىغۇسىز سەت گەپلەر...ئېغىر ھاقارەتلەر...ئۇ خاتا چۈشەندى...بەك خاتا چۈشەندى...بىلىپ تۇرىمەن ، گەرچە ئۇ خېتىدە <ماڭا چۈشەندۈرۈشىڭنىڭ لازىمى يوق>دىگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇ يەنىلا مىنىڭ چۈشەندۈرۈشىمنى كۈتىۋاتىدۇ...مەندىن بەك ئازاپلىنىۋاتىدۇ...<ياق ، ئەنزەر ، مەن ئۇنداق قىز ئەمەس...مەن يەنىلا سەن ياخشى كۆرگەن ئايگۈل شۇ ...ئاشۇ بۇرۇنقى ئايگۈل شۇ ! پەقەت زىيانكەشلىككە ئۇچۇردۇم...زەھەر چەكتىم...لىكىن ...ساڭا ، مىللىتىمگە ،ئاتا-ئانامغا يۈز كىلەلمىگۇدەك ھىچنىمە قىلمىدىم... مىنى چۈشەن ئەنزەر...مەن ئۇنداق قىز ئەمەس...>

ئۇزاق يىغلىدىم ، ئاندىن ئەنزەرگە چۈشەندۈرۈپ بىر پارچە خەت يازدىم ، ئەمما يەنىلا يالغان گەپ قىلدىم ، ئۆزۈمنى بىر خوجايىن بىلەن ئۇنىڭ شىركىتىگە بارغىلى ئەمەس ، شىركىتىمىزگە تۇرۇبا يۇلى ئوڭلىتىش ئۈچۈن كىشى قىچقارغىلى بارغان بولدۇم...

ئۇ كۈنى خۇمارىم ھەر قانداق ۋاقىتتىنمۇ بەكرەك تۇتتى ، پەقەت چىدىيالمىدىم ، بىر كۈنۈم ئۈچۈن ئىشخانىدىن قەرىز ئالدىم ...ئەتىسى مائارىپ ئىنىستىتوتىدا ئوقۇيدىغان ،بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان دوستۇمغا(ئۇ ئەنزەرنىڭ يېقىن دوستى) تىلفون قىلدىم .

___ قانداق ئەھۋالىڭ ؟

___ياخشىغۇ ،ئۆزۈڭچۇ يوقاپلا كەتتىڭ ...ئەنزەردىن سىنىڭ كەلمەيدىغىنىڭنى ئاڭلاپ مىنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى ...تەتىل ئاخىرىدا بولسا ئۆزۈمچىگە كەلمەمسەن ؟! دوسلار بىر يىغىلايلىچۇ ؟! ئۆگىنىش ، تۇرمۇش دەپ چېپىپلا يۈرۈيمىزمۇ مۇشۇنداق ؟

___اللھ خالىسا بارارمەن...ئاڭلىسام روسلارغا تەرجىمان بولۇپ يۈرۈپسەن ھە؟

___ھە ...ھى ھى ...شۇنداق بولدى قارا ...قىزىقىپ ئۆگىنىپ قويۇپتىكەنمەن...مانا ئەسقېتىپ قالدى...

___پۇل يىغالىدىڭمۇ ؟

___ساڭا يىغدىم دەيمەن...خېلى يىغدىم جۇمۇ ، كەلسەڭ قورقماي كەل...ئەنزەر ئىككىڭلارنى تازا ئوينىتىپ قويىمەن .

___ساراڭ ...راس يىغالىدىڭما ؟

___يىغدىم ، سەن قىز بالا تۇرۇپ ئىشلەپ ، پۇل يىغىپ يۇرسەڭ ،بىز ئوغۇل بالا تۇرۇپ قاراپ تۇرساق بولماس،،،ساڭا يىغدىم دەيمەن دىگىنىم قارا ، ئۆزۈمچىنى چۈشەنمەيسەن...شۇڭا بىزمۇ جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالمىساق بولمايدۇ...

___چۈشەندىم...ئەمما مەنمۇ ماڭا پۇل لازىم دىسەمچۇ؟

___سەن قانچىلىك دىسەڭ چاتاق يوق .

___بىر شەرتىم بار ، ئەنزەرگە ئېيتمايسەن ؟

___نېمىشقا ئەمدى ؟ ساڭا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ؟ ئەگەر ئەنزەردىن خىجىل بولساڭ ماڭا دە ...بىز بىلىشمەيدىغان ئادەم بولمىساق يا !
___ئېھ ،،،ماڭا بىر ئىش بولمىدى ، پەقەت بىر دوستۇمغا ياردەم قىلماقچى شۇ ! ساڭا كېيىن دەپ بېرەي ، ماڭا مىلڭ سوم بېرىپ تۇرالامسەن ؟
___ماقۇل ، ھېلىراقتا مەنمۇ بانكىغا بارماقچىدىم ، تېلفۇنۇمغا كارتا نۇمرىڭنى يوللىۋەت ئەمىسە !
___رەھمەت ساڭا .
___ساراڭ ، تۈزۈت قىلمىغىنە ...يات ئادەم بولمىساق يە ..لېكىن دوستۇڭغا تاپىلاپ قوي ، قايتۇرىدىغان ۋاقتىنى بەك كەينىگە سۈرىۋەتمىسۇن ...ئازراق پىلانىم بار ، شۇنىڭغا ئىشلىتىمەن .
___ماقۇل .
___ئەمىسە ئەنزەرگە سالام ئېيتقىن .
___ماقۇل ، سەنمۇ دىققەت قىل ، پۇل تاپىمەن دەپ كەيىپ-ساپاغا ئارىلاشما...
___ماڭە ساراڭ...مەندىن ئەنسىرمە !....ماقۇل...ماقۇل...ئەمىسە ئاللاغا ئامانەت...
شۇنداق قىلىپ يەنە مىلڭ يۈەن ھەل قىلدىم .
شۇنداق قىلىپ قەرز ئېلىشقا ئۈستىمۇ بۇلۇپ كەتتىم . ئەنزەر خېتىمە خەتمۇ قايتۇرمىدى ، تېلفۇن قىلسام قۇيىۋەتتى ، ھەتتا بىر قېتىم ئېغىزىغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەنمۇ تىللىدى ، قانداق قىلالايتتىم ، يەنە شۇنداق يىغلاپ يۈردۈم ، ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتىۋاتىدۇ ، ئىشخانىغىمۇ ئىككى ئايلىق مائاشىمدىن قەرزدار بولدۇم...
ئۇ كۈنى ئىچىم بەك سىقىلدى ، تېلفۇننى قولۇمغا ئالىمەن، قۇيىمەن ، ئاپامغا تېلفۇن قىلالماسلا بولدۇم ، ئۆيدىن تېلفۇن كەلسىمۇ تەستە ئالىمەن... ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈشىمۇ خۇش ياقمايدۇ...ھەم كۆرۈشتۇمىيۇ يىغلاپ سالىدىكەنمەن...ئەنزەرگە يەنە تېلفۇن قىلدىم .
___نىمە؟ (ئۇنىڭ تېلفۇننى ئېلىپلا قوپال تىگىشىدىن ئەندىكىپ كەتتىم )
___ياخشى تۇردىڭمۇ ؟
___بەك ياخشى . نىمە دەپ تېلفۇن قىلدىڭ؟

___بەك ياخشى . نىمە دەپ تېلفۇن قىلدىڭ؟
___سىنى كۆرگۈم كىلىپ...
___ۋاي،ۋاي...بېشىمنى ئاغرىتمىغىنە...ئەمدى ئۇنداق يالغان گىپىڭگە ئالدىنىپ يۈتۈيدىغان ئەنزەر يوق .باشقا گەپ بولمىسا...
___خاتا چۈشىنىپ قالدىڭ ئەنزەر ، مەن..
___بولدى قىلە! تولا مىشلداپ بېشىمنى ئاغرىتما...ماقۇل مەن خاتا چۈشەنگەن بۇلاي...لېكىن ئەمدى سەن بىلەن بىرگە ئۆتۈشنى مىنىڭ كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدۇ...قايسى كۈندىكى ئەرنىڭ ئاۋازى ھېلىغىچە قۇلاق تۈۋىمدە...سىنى كەچۈردۈم دىگەن بىلەنمۇ غۇرۇرۇم سەن بىلەن بىرگە ئۆتۈشكە يول قويمايدۇ ؟! ماڭىمۇ قىلدىڭ ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ !سەندىن نەپرەتلىنىمەن...ئۈچ يىل ياخشى ئۆتكەنىنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئەمدى مىنى ئىزلىمە ! ئارامىمدا قوي...
___ياق ، ئەنزەر! مىنى ئۇرساڭمۇ ، تىللىساڭمۇ مەيلى ، لېكىن مەندىن ئايرىلىپ كەتمەن دىمە ...سەنمۇ مىنى تاشلىۋەتسەڭ مەن يا ساراڭ بۇلۇپ قالىمەن يا ئۆلۈپ قالىمەن...ئەنزەر...
___سىنى بىرەرسى تاشلىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ ؟خەنزۇ ئاشناڭ تاشلىۋەتتىما...ماڭا قارا...
___ئەمدى...ئەمدى ساڭا دەيدىغان گىپىم يوق...ھامان بىر كۈنى ماڭا قىلغان ھاقارەتلىرىڭ ئۈچۈن ئالدىمدا تىزلىنىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورايسەن...
___ھا ھا ھا ...ماقۇل...شۇنداق كۈنىنىڭ كىلىشىنى كۈت ئەمىسە !
توۋا ، كونىلار ئەركىشىنىڭ يۈزىدە تۈك بار دەپ راست ئېيتقانىكەن...خاتامۇ چۈشەنسۇن ، لېكىن شۇنچە كۆز ياشلىرىم ، شۇنچە چۈشەندۈرۈشلىرىمگە نىمىشقا ئازراقمۇ كۆڭۈل بەرمەيدۇ ؟!نىمىشقا ياشلىرىمغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ ...ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك ئىدىغۇ...
ئۇ مەن تونۇيدىغان ئەنزەر شۇمۇ ؟! مۇلايىم ، باغرى يۇمشاق ئەنزەر شۇمۇ ؟! كۆزلىرىمدە ياش ئەگىپ بولغۇچە <<يىغلىما ئاي ، ساڭا نىمە قىلىپ بېرەي ...سەن يىغلىساڭ مەن ئەجەپ بۇلۇپ كېتىدىكەنمەن ...>>دەپ

كۆزلىرىمگە قاراپلا يۇرۇيدىغان ئەنزەر شۇمۇ ؟! مەندىن ، ئەخلاقىمدىن  پەخىرلىنىپ ، كىرىلىپ يۇرۇيدىغان ئەنزەر شۇمۇ...؟!

ئۇ كۈنى چىكىشنى خالىمىدىم ، رەسمىي تاشلاش نىيتىگە كەلدىم...خۇمار ئازابىمنى بىر ئۇزۇم بىلەن ، ھەممىدىن ئۇستىخانلىرىمنىڭ سىرقىراپ ئاغرىسى يامان...ياتاقنىڭ ئىشكى ئىچىدىن تاقاق...كارىۋىتىمدا دومىلايمەن...ئاپامنىڭ ، خۇدانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ نالە -پەرياد قىلىمەن...ئاخىرى چىدىمىدىم ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تارتمامدىن كىچىك پىچىقىمنى چىقاردىم ...قولۇمنىڭ ئالقىنىنى ئاچتىم-دە ، كىچىك پىچاق بىلەن سول قولۇمنىڭ ئالقىنىنى تىلدىم ، خۇمارنىڭ ئازابى ئالدىدا بۇنچىلىك ئازاپ نىمتى دەيسىلەر؟! ئاغرىۋاتىدۇ...قان چىقىۋاتىدۇ ...خۇددى بۇ ئاغرىق خۇمار ئازابىمنى ئانچە-مۇنچە يىنىكلىتىۋاتقاندەك ...قولۇمنى خېلى كۆپ تىلدىم ...چىقىۋاتقان قانغا ، يەردىكى قانغا قارىدىم...ھېلىمۇ تەتىل بولۇپ قالغىنى ...كۆز ياشلىرىم يەنە تۆكۈلۈشكە باشلىدى...تۇرۇپلا خۇمارىم يەنە تۇتۇپ كەتتى...ئالقىنىمنىڭ تىلغۇدەك يېرى قالمىدى...تۇيۇقسىز كاللامغا باشقىچە بىر ئوي كەلدى ، دەرھال بوتۇلكىغا ئېلىپ قۇيۇلغان تۇزنى ئالدىمدە تېخىچىلا قان چىقىۋاتقان ئۇرۇنغا تۆكتۇم...ئەمدىكى ئاغرىقنى ھېچنىمە توغرا كەلمەيتتى...ئاۋازىمنى چىقارماسلىق ، خوشنا ياتاقتىكى ماڭا ئوخشاش قايتمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويماسلىق ئۇچۇن لۆڭگىنى چىشلىۋالدىم ...خۇمار ئازابىدىن قولۇمدىكى ئازاپ ئېغىر كىلىۋاتاتتى ...

ئەتىسى ئويغىنىپ ئەتراپىمغا قاراپ چۆچۈپ كەتتىم ، يەرمۇ ، يوتقانلىرىممۇ قان...ئاخشاش نىمە ئىشلار بولدى...توۋا...قوللىرىمغا قارىدىم ، ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرى...ئىچىم سىيرىلدى...يەنە يىغلىدىم...يىغلاپ يۇرۇپ كارىۋاتلىرىمنى يىغىشتۇردۇم ، قولۇم ئاغرىپ تۇراتتى ، بىر تەرەپتىن يىغامنى سۇرتىمەن...بىر تەرەپتىن يەردىكى قان_داغلىرىنى سۇرتىمەن...بىر كەم بولغاندا قولۇمدىكى لاتىنى يۇيۇش ئۇچۇن سۇخانىغا كىرىپ ،ئەينەككە مۇنداقلا قارىغاندىم ، چۆچۈپ كەينىمگە داجىپ كەتتىم . يۈز_كۆزلىرىممۇ قان ئىدى ، دەسلىۋىدە ئاخشام خۇمارىم تۇتقاندا يۇزۇمنىمۇ بىرەر نەرسە قىلىۋالدىممۇ نىمە دەپ ئويلىدىم ، كىيىن ئويلاپ باقسام بايا يىغلاپ ، يۇزلىرىمنى سۇرتكەچ ئىش قىلغان ئەمەسمىدىم ، قوللىرىمدىكى قان يۇزلىرىمگە يۇققانىكەن...ئۇھ...دىدىم ئىچىمدە...

ياتاقتىن چىقىپ خۇاڭخې بۇيىغا باردىم ، بىردەم ئايلاندىم ...ھەتتا تۇيۇقسىز كاللامغا ھەرخىل خىياللار كىلىشكە باشلىدى ،"مۇنداق ياشىغۇچە مۇشۇ سۇغا سەكرەپلا..."لىكىن ئاپام كۆز ئالدىمغا كىلەتتى ...بۇرۇنقى خوشال ،تىتىك كۈنلىرىم كۆز ئالدىمغا كىلەتتى ، ياتاقتىكى ، سىنىپتىكى باللار بىرمۇ بىر كۆز ئالدىمغا كىلەتتى ، ھەتتا ياتاقتا چىقىشالمايدىغان قىزلارمۇ كۆزۈمگە ئەجەپ ئىللىق كۆرۈنۈپ كىتىشكە  باشلىدى...يەنە تۇرۇپ " ساقچىغا مەلۇم قىلاي ، ئۇ يەنە باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلمىسۇن " دەپمۇ ئويلايتتىم ، ئەمما ئۇنداق قىلسام  مەنمۇ مەكتەپ تەرەپتىن سىزىلىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى ...

ئۇ كۈنى  ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ يېنىغا چۈشتۇم .

___پۇلۇڭ تۈگىگەن ئوخشىمامدۇ ؟!

يەرگە قاراپ تۇردۇم.

___مەن كىتىدىغان بولدۇم.

___نەگە كىتىسەن ؟،___ھەيران قالدىم .

___بىلمەيمەن...خوجايىنىم تۇتۇلۇپ قالدى ...مەن تېخىمۇ يىراققا بارىمەن...بىز بەك ئەسكى خەق ھە ؟! خوجايىنىمنى تۇتۇپ بەرگىنىمۇ ئۇيغۇر...بىزنىڭ ئارىمىزغا كىرىۋالغان خائىن .

___ئەمىسە سەنچۇ ؟ ئەمىسە مەنچۇ ؟

___ساڭا نەسىھەت قىلىپ قۇياي ، ھازىر تاشلايمەن دىسەڭ تاشلىيالايسەن ، ماۋۇ تىلفۇن نۇمىرىنى ساقلاپ قوي ، تاماكا لازىم بولسا مۇشۇنى ئىزلە . يەنە ماۋۇ خەت ...ھەممىنى يازدىم ...خوش .

___خوجايىنىڭ تۇتۇلۇپتۇ ، لىكىن سەن ،،،

ئۇ گېپىمنىڭ ئاخىرىنىمۇ ئاڭلىماي  كىتىپ قالدى ، ئۇنىڭغا ئەسلى ئەمدى ئاق چەكمەيمەن دىگىلى چۈشكەنىدىم ،ئەمما دىيىشكە پۇرسەت بولمىدى . ئۇنىڭ قارىسى يۇتكىچە ئارقىدىن قاراپ قالدىم.
سالپىيىپ ئىشخانىغا كىردىم ، نە خوشال بۇلۇشۇم نە خاپا بۇلىشىم كېرەكلىكىنى بىلمىدىم ، قىزنىڭ خېتى توغۇرلۇقمۇ ئارتۇق ئويلاپ كەتمىدىم ، بەلكىم ماڭا قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلغاندۇ...لىكىن ئەمدىلىكتە نىمە پايدىسى...شۇنچە كۆپ كۆز ياشلىرىم...ئاپامنىڭ ئەنسىرەشلىرى...ئەنزەردىن ئايرىلىپ قېلىشىم...ئۇرۇقلاپ بىر تېرە

بىر ئۈستخان بۇلۇپ قېلىشىم ، يەنە قەرىزگىمۇ بۇغۇلۇپ كەتتىم...تارتقان زىيانلىرىمنىڭ ئورنىنى ئاز بەدەل بىلەن تولدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى...بەزىلىرىنى بەلكىم ھەر نىمە قىلغىنىم بىلەن ئورنىغا كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن ...بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى كۈنلەرنى ئويلاپ كۆزلىرىمگە يەنە يىغا ياماشتى...شۇنداقتىمۇ يىغامنى ئىچىمگە يۇتۇپ خەتنى ئاچتىم :

<<سىنى يەنە بىز يېڭى كۇرۇشكەن كۈنىگە ئوخشاش ئاچا دەپ ئاتىسام بۇلارمۇ ؟!چۇقۇم قۇشۇلمايسەن...چۈنكى سالاھىيىتىمۇ يوق . ساڭا دىسەم مەن ھاياتىمدا ئىككى ئىشقا پۇشايمان قىلمەن ، بىرى تۇغۇلغىنىمغا ، بىرى ساڭا زىيانكەشلىك قىلغىنىمغا ...ساڭا نىمە ئۇچۇن زىيانكەشلىك قىلغىنىمنى دەسلۋىدە ئۇزۇممۇ بىلمىدىم ...تۇنجى كۇرۇشۇشتىلا ساڭا ئۇچ بۇلۇپ قالدىم ...بىز تاماق يىگىلى كىرگەندە ساڭا تىلفۇن كەلدى...تىلفۇننى ئالماي تۇرۇپ يۇزلىرىڭمۇ ،كۆزلىرىڭمۇ كۇلۇپ كەتتى ، ساڭا قاراپ كۇلۇپ باقمىغىنىمغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغىنىنى ئەسلىدىم ، ئەسلىدە مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كۇلۇشۇم كىرەك ئىدىغۇ؟! كىيىن تىلفۇندا پاراڭلاشتىڭ...ئوغۇل دوستۇڭ ئىكەن...ساڭا قاراپ يەنە بۇرۇنقى كۈنلىرىمنى ئەسلىدىم...

دادام بىلەن ئاپامنىڭ نىمە سەۋەپتىن ئاجرىشىپ كەتكىنىنى بىلمەيمەن ، ئاپامنىمۇ ئون ئۇچ يىشىمدا كۆرگەنمەن...بەزىدە قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا قاراپ ئاپامنىڭ تاش يۇرەكلىكى ماڭا ئۇدۇم بۇلۇپ قالدىمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن ...ئىشىنەمسەن ، ئاپام مەن تۇغۇلۇپ ئۇچىنچى كۈنى مىنى دادامغا تاشلاپ بىرىپتىكەن...مىنى ئىسمىنى بىلگۇچە دادام بىقىپ چوڭ قىلغان،،،مەن ئاپىنىڭ نىملىكىنى بىلمەي چوڭ بولغان ئادەممەن...مەن ئالتە ياشقا كىرگەندە دادام بىر توي قىلدى ، ئەمما ئۇگەي ئاپام بىر قېتىم مىنى سىلكىشلىگەنلىكى ئۇچۇن ئۇلار قاتتىق ئۇرۇشتى...ئۇگەي ئاپام ئەسلىدە مىنىڭ كۇزۇمگىلا قارايتتى ، نەچچە پۇل دىسەم شۇنچە پۇل بىرەتتى ، دادام يوق ۋاقىتلاردىمۇ بەك ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى ، لىكىن ئۇنى مەن ياخشى كۇرەلمىدىم...قەستەن چىشىغا تىگەتتىم، ھازىرلا تازىلىغان ئۇينى بىردەمدىلا مەينەت قىلاتتىم ، گىرىم بۇيۇملىرىنى چاقاتتىم ، گېلەمگە تۇكەتتىم...ئەمما ئۇ ھىچنىمە دىمەيتتى...شۇ بىر قېتىم ماڭا تەربىيە قىلماقچى بولغانتى مەن تەتۇرلۇك قىلدىم ، دادام ماڭا ياندىشتى ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۇرۇشتى ...كىيىن ئاجرىشىپ كەتتى...ئۇگەي ئاپام چىدىمىدىدە بۇ ناھەقچىلىققە ! شۇنىڭ بىلەن يەنە دادام بىلەن يالغۇز قالدىم ، ئويلايدىغىنىممۇ مۇشۇ ئىدى ...مەن دادامنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم

دەپ قارايتتىم ...چۈنكى كىچىكىمدىن باشلاپ ئۇ ماڭا ھەم دادا ، ھەم ئاپا ، ھەم چوڭ دادا چوڭ ئاپا ئىدى...باشقا باللارنىڭ ئۇيىدە چوڭ ئاپىلىرى ، دادىلىرى بۇلىدىكەن...مىنىڭ بولسا پەقەت بىرلا دادام بار ...

مەن ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى مىنىڭ ئاتالمىش ئاپام نەلەردىندۇر پەيدا بولدى...كىيىن بىر كۈنى دادام مىنى باغچىغا ئوينىغلى ئاپاردى...بىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئويىندۇق ، دادام سودىگەر ئىدى ، بۇرۇنمۇ بىكار ۋاقتى بولسىلا مىنى ئۇزى ئەپكىلەتتى...بىز قانغۇچە ئويىندۇق...ئۇيگە قايتىپ كەلگەندىن كىيىن بولسا دادام ئۇزۇندىن ئۇزۇن تاماكا چىكىپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە بىر ۋاقىتتا مىنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزدى .

___ئابدە قىزىم ،(شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ماڭا ئۇز ئىسمىنى خاتا ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى بىلدىم) ساڭا دەيدىغان بىر گىپىم بار .

< نىمە گەپ >دىگەندەك دادامغا قاراپ جىم تۇردۇم .

___ئاپاڭ بىلەن بىرگە تۇرغۇڭ بارمۇ ؟

___ياق...مىنىڭ سەن بىلەنلا بىرگە تۇرغۇم بار...باتۇر دادام بىلەنلا بىرگە تۇرغۇم بار...

___ماڭا قارا قىزىم ، قىز بالا دىگەنگە ئاپا بولمىسا بولمايدۇ...ساڭا...

___ياق!ياق!،___دادامنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم ، مىنى بالا باقىقۇچىغا باقتۇرۇشقىمۇ چىدىمايدىغان دادامنىڭ نىمشقا تۇرۇپلا ئۇنداق دەيدىغىنىنى بىلمەيتتىم .لىكىن نەچچە كۈندىن كىيىن ئاپام كىلىپ مىنى ئەپ كەتتى ...ئۇ كۈندىكى مەنزىرىنى سەن كىنولاردىمۇ كۇرەلمەيسەن...دەسلەپتە دادامنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلىدىم...دادام، ئەزەلدىن كۇزۇمدىن مىتىمۇ ياش چىقارمايدىغان دادام مانا ھازىر ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى . ئاپام ۋە <يېڭى دادام >مىنى سۆرەپ ماڭاتتى ، مىنى دادامدىن ئاجراتتى...مەن ھەممىگە ئېسىلاتتىم ، ئىشىككە ، كىرىسلوغا ، ئۇرۇندۇق...ئىشقىلىپ ئۇيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېسىلاتتىم ، ئاۋازلىرىمنى قۇيۇپ بىرىپ يىغلايتتىم ، دادامنىڭ ئىسمىنى چاقىراتتىم...دادا دەپ توختىماي يىغلايتتىم ...پۇتۇن بىر بىنا يىغامدىن تەۋرەپ كەتكەندى...لىكىن دادام تەۋرەپ قويمىدى...ئۇلار مىنى كۆتۈرۈپ دىگۇدەك پەسكە ئېلىپ چۈشتى ۋە ماشىنىغا سالدى...

<يېڭى ئۇيۇم>گە بارغاندىن كىيىن بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمىدىم ، تاماقمۇ يىمىدىم ، بۇ دەل تەتىل ۋاقتى ئىدى ،

ئاپام يىغلاپ ، يالۋۇرۇپ ھېچنىمە قىلالمىدى...ئىككى كۈن ئۆتكەندە دادام كېلىپ مىنى ئەكەتتى...ئۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمغا ھېچنىمە توغرا كەلمەيتتى ، دادامنىڭ بويىنىنى شۇ بىر قۇچاقلىغىنىمچە پەقەت قويۇپ بەرمىدىم ...دادام مىنىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىقىم ئىدى ، ئاپامغا بولسا چىش تىرنىقىمغىچە ئۆچ ئىدىم ، چوڭ بولغانسىرى ، باشقا قىزلارنىڭ ئاپىسى بىلەن بىرگە بولغاندىكى كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمغا كەلگەنسىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كىتەتتىم...نىمىشقىدۇر ، ئۇنىڭ دادام بىلەن ئايرىلىپ كىتىشىدىكى سەۋەپ نىمىدۇر دەپ ئويلاپمۇ باقمايتتىم...گويا جىمى گۇناھ ئاپامدا ئىدى...ئۇنىڭ مىنى تۇغۇپلا تاشلاپ كەتكىنىنى ئويلىسام ئۇنى ئاپام دەپ ئېتراپ قىلىشقىمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى...

ئويلىماپتىمەن ، دادام ماڭا نەسىھەت قىلغىلى مىنى ئەكىتىپتىكەن...ئەمما ئۇنىڭ گىپى باشلىنىشىغىلا يەنە يىغلاشقا باشلىدىم . يەنە دادامنىڭ بويىنىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدىم .ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايتتىم ، خۇددى مۇشۇ كەتسەم دادامنى ئەمدى ئىككىنچى كۆرەلمەيدىغاندەك...

__ئاپپاق قىزىم ، ماڭا قارا ، سەن مىنىڭ ياخشى قىزىم شۇنداقمۇ ؟

يىغلاپ تۇرۇپ <هه ئه>دىگەن مەنىدە بېشىمنى لىڭشىتتىم ، دادام خۇددى نىمە دىسەم بولا دەپ ئويلىنىۋاتقاندەك بىردەم جىممىدە تۇرۇپ كەتتى_دە ئاندىن گىپىنى باشلىدى :

__ھازىر داداڭنىڭ تىجارىتى ياخشى ئەمەس...چۈشەندىڭمۇ ، داداڭ ھازىر بۇرۇنقىدەك پۇل تاپالماس بولۇپ قالدى .

__ئەمدى پۇل دىمەيمەن ، كوينەك ئېپ بە دىمەيمەن...ۋېلسىپىتمنى سېتىۋېتەيلى ، پۇلنى ساڭا بىرەي ، ئاپپاق دادا ، جېنىم دادا مەن كەتمەي...سەن بىلەن بىرگە تۇراي...ئاينۇرنىڭ ئۆيىگە چىقىپ تاماق ئىتىشنى ئۆگىنەي ...ساڭا تاماق ئىتىپ بىرەي دادا...مەن كەتمەي...

دادام مىنى چىڭگىدە قۇچاقلىدى ، شۇ چاغدا دادامنىڭ كۆزىدە لىغىرلاپ قالغان ياشنى كۆرۈپ قالدىم ، ئەمما كىچىكلىكتە نېرىسىنى ئويلىيالمىغانىدىم .

__ئاپپاق قىزىم ، سەن باتۇر داداڭنىڭ ياخشى قىزى...ئەمىسە مۇنداق قىلايلى ، ئاۋال مەن بىر يەرگە بېرىپ كىلەي...ئاندىن سىنى ئېلىپ باشقا يەرگە كىتەي ، سەنمۇ ئاپاڭنىڭ قېشىدا بىر مەزگىل تۇرغىن ، مەن كىلىپلا سىنى ئەكىتىمەن .

__قاچانلىققا دادا ؟

__قار ياغقاندا...ماقۇل دىگىن . مىنى ياخشى كۆرسەڭ ماقۇل دەيسەن .

يىغلاپ تۇرۇپ دادامغا ماقۇل دىدىم .

__دادا ، لىكىن بىر شەرتىم بار .

__دىگىنە ؟

__ماقۇل دەيسەن ئەمىسە !

__ئاۋال دىمەمسەن ؟

__ياق ، ماقۇل دەيسەن .

__ماقۇل ، ماقۇل ،ماقۇل ،دىگىنە ھە !

__ئەمىسە قۇلۇقىنى ،__بۇرۇنقى ئادىتىمىز بۇيىنچە قول بىرىشكەندىن كىيىن دادامغا دىدىم ،__ماڭا كۈندە بىر قېتىم تېلفۇن قىلىسەن .

__ماقۇل ، قىلاي قىزىم .

دادام بىلەن ئۇزاق قۇچاقلىشىپ جىمجىتقىنە ئولتۇرۇپ كەتتۇق ...

يېڭى ئۆيۈمگە خېلى كۈنۈپ قالدىم ، بىر ئىنىم بار ئىدى ، مەندىن خېلىلا كىچىك ، ئەمما ئۇنىڭغا كۈنلەپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلمايتتىم ، ئاپام بولسا مىنىڭ تاماق يەيدىغان بولغانلىقىمدىن ، ئۇ تاماق ئەتسە ئەتراپىدىلا يۈرىشىمدىن خوشال ئىدى ، ئەمما مىنىڭ خىيالىم بېلەك ، تىزرەك تاماق ئىتىشنى ئۆگەنسەم دادامغا تاماق ئىتىپ بەرسەم دىگەنىلا ئويلايتتىم .

كۈندە كەچتە دادام تېلفۇن قىلاتتى ، كىيىن يىغلىمايدىغان بولدۇم ، دادام نىمە ئىش قىلغانلىقىمنى سورايتتى ، مەن بولسام ئورنۇمدىن تۇرغاندىن تارتىپ تېلفۇننى ئالغۇچە نىمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى بىرمۇ بىر دەيتتىم .دادام ماڭا يول كۆرسىتەتتى ، قانداق ئىشنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ، ئاپامنىڭ گىپىنى ئاڭلىشىم كېرەكلىكىنى تەكتلەيتتى . بىر كۈندىكى ئەڭ خوشال ۋاقتىم دادام بىلەن تېلفۇندا پاراڭلاشقان ۋاقتىم بولاتتى .

كىيىن تەتىلمۇ تۈگىدى ، مەكتەپكىمۇ باردىم ، يېڭى ئائىلەمگىمۇ ئازراق كۆنۈپ قالدىم . پەقەت ئاپامغا بولغان ئۆچمەنلىكىملا شۇ پېتى ئىدى ، پەقەت دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغىنىم ئۈچۈنلا ئۇنى ئاپا دەپ يۈرەتتىم ...شۇنداق قىلىپ بىر يىل ئۆتتى . مەنمۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىقىپ قالدىم .بۇ جەرياندا دادام بىر قانچە قېتىم كەلدى ، ھەر قېتىم كەلگەندە مەن بىلەن قانغۇچە ئوينايتتى ، يېڭى -يېڭى كىيىملەرنى ، كىتاپلارنى ئېلىپ بېرەتتى ،ماشىنىسىغا چىقىرىپ شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلاندۇراتتى... تورتخانىلارغا ئەكىرەتتى . ھەر قېتىم، مېنى قاچانلىققا يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدىغىنىنى سورايتتىم ...دادام بولسا <بىر كۈنى چۈقۇم...>لا دەيتتى . ..

تۇۋا...ئويلاپ باقسام قىزلارنىڭ ئەڭ نازۇك ئىشلىرىنىمۇ دادامغا دەيدىكەنمەنتۇق...بىر كۈنى ئەتىگىنى ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇبۇرنىغا كىرىپلا قورقۇپ كەتتىم .كىيىملىرىم قان يۇقى تۇراتتى...يۈگۈرۈپ چىقىپ دادامغا تېلفۇن قىلدىم ۋە يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنى دادامغا دىدىم ...

___چوڭ بوپسەن قىزىم ، قورققۇدەك ئىش يوق ، ئاپاڭغا دىگىن .

___دىمەيمەن ، ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇم كەلمەيدىكەن .(دادامغا ئاپام سىنىڭ ئەسكى گېپىڭنى قىلدۇ دىمەكچى بولغاندىم بىراق يەنىلا گېپىمنى ئىچىمگە يۇتىۋەتتىم .)

___ئۇنداق دىمە . ئۇ دىگەن سىنىڭ ئاپاڭ...ئاپاڭمۇ بۇ ئىشلارنى ساڭا بۇرۇنراق دەپ قويماي ، تازىمۇ ... ...ئاپاڭغا دە ، ئۇ ساڭا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بىرىدۇ .

___ماقۇل ،مىنى قاچانلىققا ئەكىتىسەن دادا .

___باتۇر دادىڭ دىگەن گېپىدە تۇرىدۇ ، ئاز قالدى .

___ماقۇل .

ئۇ كۈنى كەچتە دادام تېلفۇن قىلمىدى ، مەنمۇ قىلمىدىم ، چۈنكى خىجىل بولغانىدىم .

ئەتىسىمۇ تېلفۇن قىلمىدى ، ئاخىر چىدىماي ئۆزۈم تېلفۇن قىلدىم ، لىكىن ئۇيەدە ئالىدىغان ئادەم يوق . ئىچىم تىت-تىت بۇلاتتى .دادام بىر يىلدىن بىرى ئەزەلدىن مۇنداق قىلىپ باقمىغانىدى .ئاخىر ئاپامغا دىدىم :

___ئاپا ، دادامنىڭ قېشىغا بېرىپ كىلەيمىكىن ، ئىككى كۈن بولدى ، ئۇيەدە تېلفۇننى ئالىدىغان ئادەم يوق .

___ئۇيەدە ئادەم بولمىسا نەگە بارىسىز ؟

___مەندە ئاچقۇچ بار .

___قۇرۇق ئۇيگە نىمىشقىمۇ بارارسىز ، دادىڭىزنىڭ تېلفۇنىنى ساقلاڭ .

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇيگە بارالمىدىم ،

ئۇيەدە بولسا تېلفۇننىڭ قېشىدىن كەتەلمەيۋاتاتتىم ، تېلفۇن ھەر بىر جىرىڭلىسا <دادام>دىگىنىمچە يۈگرەيتتىم ،ئەمما شۇمشۇيۇپ يېنىپ كىلەتتىم .

ئەتىسى مەكتەپتىن يېنىپ ئۇدۇل ماشىنىغا ئولتۇرۇپ دادام ئىككىمىزنىڭ ئۇيىگە قاراپ ماڭدىم .مەن تۇغۇلۇپ مۇشۇ كۈنگىچە دادامدىن ئۇچ كۈن مۇنداق ئايرىلىپ باقمىغانىدىم ، ئۇ نەگىلا بارسا مىنى ئېلىپ باراتتى ، كېچىسىمۇ بىر يوتقاندا ياتاتتۇق ، دادام چۆچەككە ئۇستا ئىدى ، ھېلى ئالۋاستىنى دورىسا ھېلى رۇستەم پالۋاننى دورايتتى ، ئۇ چۆچەك ئېيتسا خۇددى كىنو كۆرۈۋاتقاندەك بۇلاتتىم ، بالىلىقىمنىڭ ھەر بىر كېچىسىدە دادامنىڭ چۆچىكى بىلەن ئۇيقۇغا كىرەتتىم دىسەم ئارتۇق بولماس...كىيىن ئاپامنىڭ قېشىغا كەتكىنىمدىنمۇ ھەر كۈنى تېلفۇن قىلاتتى ، مەنمۇ ئۇ تېلفۇن قىلمۇغۇچە ئۇخلىماي ئۇنىڭ تېلفۇننى ساقلايتتىم ،لىكىن مانا بۈگۈن ساق ئۇچ كۈن بولدى...

مەھەللەمگە ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيۇم بار يەرگە كىلىپ باشقىچە بۇلۇپ قالدىم ، مەھەللىدىكى دوسلىرىم مىنى ئورىۋېلىشتى ، ئۇلار بىلەن ئالدىراپ خوشلۇشۇپ ئۇيۇمگە قاراپ چاپتىم ، دەرھال بوپكامدىن ئاچقۇچنى ئالدىمدە ئىشىكنى ئاچتىم ، قاڭسىق ، سېسىق پۇراقتىن سەسكىنىپ كەتتىم ، ئۆي يەنىلا بۇرۇنقىدەك ، دادام ئەركىشى بولغىنى بىلەن ئۆينىڭ ، كىيىم_كېچەكنىڭ تازىلىقىغا بەك ئەھمىيەت بىرەتتى ، شۇنداق رەتلىك ، نەدىن چىقتىكىنە بۇ پۇراق ...دادامنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردىم ، پۇراق بارغانسىرى كۈچىيىشكە باشلىدى ، ئىشىكنى ئېچىپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدىم ...يۈرىكىم خۇددى ھازىرلا كۆكرەكلىرىمنى بۇسۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقىۋاتاتتى ...پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دىگۈدەك دەسسەپ كارىۋاتنىڭ تۆۋىگە باردىم ۋە ياتقان كىشىگە سىنچىلاپ قارىدىم . دادام ، كارىۋىتىدا چېچىلىپ ياتقان قالايمىقان نەرسىلەر...يەنە بىر تال ئۆكۈل يىگىنىسى ...كۆكىرىپ كەتكەن بەدەن...پۇراقنىڭ ھەممىسى دادامدىن چىقىۋاتاتتى...

كېيىن نىمە ئىشلار بولدى ئېسىمدە يوق . بىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم ، كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتىم ، ئۇ چاغلاردا خېلى بىر ئىشلارنى بىلگەن ۋاقىتلىرىم ئىدى ، دادامنى يەرلىككە قويۇشقا قاتناشقىنى پەقەت بىر قانچە ئادەم ، ئاپامنۇ ھەر ھالدا بېشىغا بىر ياغلىقنى ئارتىپ بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى ،مىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغانىدى مەن گەپ قىلمايلا ئەگەشتىم...قۇلاق تۈۋىمدە ئۆيدە بۇلۇنغان ھەر خىل گەپ -سۆزلەر..." مەسچىتتىكىلەر ئۇنىمىدى...ئاق چىكىپ قېتىپ قالغان ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەسمىش..." " چۈشۈرمىسە مەيلى ،ھېلىقى گۆركارلارغا پۇلنىلا بەرسەڭ ئۇلار ئۆزلىرى بىر ئامالنى قىلىدۇ " "تىزراق بۇلايلى جەسەت ھېلىمۇ سېسىپ كىتىپتۇ..."

نەچچە كۈنگىچە ئەسلىمگە كىلەلمىدىم ، يىغلىمىدىم ، ئەمما تىلفۇننىڭ يېنىدىن كەتمەيتتىم ، خىيالىمدا ھامان دادامنى تىلفۇن قىلىدۇ دەپ ئويلايتتىم ، ئۇلارنىڭ "باتۇر ئۆلدى "دىگىنى يالغان ، مىنىڭ باتۇر دادام بەك ياخشى ، ئۇ بەك ئاقكۆڭۈل ، ماڭا بەك ئامراق ، ئۇ بەك كىلىشكەن ، ئۇ يولدا ماڭسا قىزلارنىڭ ھەممىسى ھەۋەسلىنىپ ئۇنىڭغا قارايدۇ ...مەن دادامدىن پەخىرلىنىمەن...مىنىڭ باتۇر دادام ئۆلمەيدۇ...دىگەننىلا ئويلايتتىم ...

بىر كۈن ، ئىككى كۈن ، ئۈچ كۈن...كۈنلەر ناھايتى ئاستا ئۆتىۋاتتىدۇ ...دادامنىڭ تىلفۇنى يوق...بارغانسىرى شۈك بۇلۇپ كىتىۋاتىمەن...كۈنلەپ باشقىلارغا بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمايمەن ... بىر ئولتۇرغان يېرىمدە سائەتلەپ ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان...ئاپامغا بولسا تېخىمۇ ئۆچ بوپ كەتكەنىدىم ...ئۇنىڭ دادام تۇغۇرلۇق ئەسكى پاراڭ قىلىشنى يامان كۆرەتتىم .ئۇنىڭ دىيىشىچە دادام ئەينى ۋاقىتتا سىرتتا قىزلار بىلەن ئويناپ يۈرگەنمىش ، ئاپام ئاچچىقىدا مىنى تۇغۇپلا تاشلاپ بىرىپتىكەنمىش...كېيىن دادام ئۆزى ئاپامنى ئىزلەپ قىمارغا ئۆگىنىپ قالغىنىنى ، سودىدىمۇ جىق زىيان تارتقىنىنى ، مىنى ئۇنىڭ بېقىۋېلىشنى ئۆزى تەلەپ قىلغانمىش...ئىشقىلىپ بەك جىق ...مەن ھەممىنى ئاپامدىنلا كۆرىمەن ، ئۇ مىنى تارتىۋالمىغان بولسا داداممۇ ئۆلۈپ قالمايتتى (ئاڭلىسام باشقىلار دەتكە چىدىمىسا ئاق چىكىدۇ دىيىشىدىكەن)...ھەممىنى قىلغان ئاشۇ خۇتۇن...>>

ھەممىنى ئاپامدىن كۆرەتتىم .بارغانسىرى ئاپام نىمىگە ئۆچ بولسا شۇنى قىلىدىغان قىلىق چىقىرىۋالدىم ، قىزىزىق يېرى ئاپام ئاچچىقىدا ئانچە -مۇنچە ۋارقىراپ قويغانىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ماڭا ئارتۇق گەپ قىلالمايتتى ، يا ئۇرمايتتى . ئۆگەي دادام ۋە ئۇكام بىلەن ئاياللاپ -يىللاپ گەپ قىلمايتتىم. شۇنداق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادامنىڭ يېقىن دوستى غەيرەت داداش مىنى ئىزلەپ كەلدى .

غەيرەت داداش بىلەن بىر كۈن بىللە ئوينىدۇق ،دادام دائىم مىنى ئاپىرىدىغان باغچىغا باردۇق ، لىكىن ھەر قانچە ئويناپمۇ خوش بۇلالمىدىم ...باغچىدىكى ھەر بىر قەدەمدە دادام ئىككىمىزنىڭ ئىزى بار ئىدى .دادام ئېسىمگە كەلگەنسىرى ئۆپكەم ئۆرلەتتى ...ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە ئۆچلىكىم كىلەتتى ...ھەممە ئادەمگە ھەتتا مىنى ئۆيىنتىۋاتقان غەيرەت داداشقىمۇ نەپرەت كۆزلىرىم بىلەن قارىدىم...بىر چاغدا غەيرەت داداش بىلەن ئۈرۈندۇققا كىلىپ ئولتۇردۇق .

___ئابدە قىزىم ، ياخشى ئوينىدىڭىزمۇ ،___دەپ سورىدى ئۇ .

بېشىمنى بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدۇم .

___مۇنداق ئىشتى ،___دەپ يەنە گېپىنى باشلىدى ئۇ ،___دادىڭىز بىر كىنىشكىنى ماڭا بىرىپ ، ئەگەر ياخشى كۈننىڭ يامنى بۇلۇپ قالسا ئۇ كىنىشكىنى سىزنىڭ قۇلىڭىزغا تاپشۇرۇشۇمنى تاپىلىغان ، ئۇنىڭ دىيىشىچە كىنىشكىنىڭ مەخپى نۇمرىنى سىز بىلىدىكەنسىز...ئامانىتىڭىزنى قۇلىڭىزغا تاپشۇراي .

راستىنى دىسەم كىنىشكىنى ئالغۇچە قوللىرىم تىترەپ ، بۇرۇنلىرىمنىڭ ئۇچى ئېچىشىپ كەتتى ، لىكىن كۆز ياشلىرىمنى مەجبۇرىي يۇتىۋەتتىم ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا ياش تۆكمەسلىكىم كېرەك ئىدى ...چۈنكى ئۇزۇم بىزار كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ياش تۆكۈش ئۇلارغا تەسلىم بولغانلىق ئىدى .

كىنىشكىنى ئالدىم ، دادامنىڭ بىر چاغلاردا ماڭا <ئابدە ، ئېسىڭدە بولسۇن ، ئىككىمىز ئۈچۈن ئورتاق بىر سان بار ،ئۇ سان سىنىڭ ھەم مىنىڭ تۇغۇلغان كۈنۇمدىن تەركىپ تاپقان > دىگەنلىكى ۋە ساننى ماڭا بىرقانچە قېتىم ئېيتقۇزغىنى يادىمغا كەلدى . خوشلىشىدىغان چاغدا غەيرەت داداش ماڭا بۇ ئىشنى ئاپامغا ھازىرچە ئېيتماسلىقنى تاپىلىدى .

تۈلۈق ئوتتۇرغا چىقىپلا ئۇقۇماسلىقتا چىڭ تۇردۇم ، ئاپام يىغلاپ ، يالۋۇرۇپ ئاخىرى ئىختىيارىمغا قويۇپ بەردىم . كۈنلىرىم ئۆيدە ئاپامنى خاپا قىلىش ، ئاپام بىلەن قېيىشىش بىلەنلا ئۆتەتتى ، لىكىن ئاپام خۇددى مىنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ قالغاندەك ھەر قانچە قىلىق چىقارسامۇ خاپا بولماس بولدى ...پەقەت بەزىدە ماڭا قاراپ ئېغىر تىنىپلا قويىاتتى .

كېيىن ئۆيدە ئولتۇرىۋېرىپ زېرىكىپ پەسكە چۈشۈپ مەھەللىدىكى باللارغا قېتىلىدىغان بولدۇم ، ئەنە شۇ

چاغلاردا ئاپامنىڭ مەھەللىدىكى تەڭ دىمەتلىك بىر قانچە قىزلار بىلەن ئارىلىلىششىمغا قارشى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىمدە ئاشۇ قىزلار بىلەن تېخىمۇ يېقىن ئۆتۈشكە باشلىدىم ...ئۇلار بىلەن بىرگە يۈرۈپ دىسكوخانىلارغا كىرىشنى ئۆگەندىم...ئاپامنىڭ ئۆھسىنغان چىرايى ، ماڭا بىچارىلارچە قارىشى مىنىڭ ئەڭ چوڭ غەلبەم ئىدى .

قىزلار بىلەن دىسكوخانىدا ئويناپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر بالىغا دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىم ، تۇنجى قېتىم ئۇ بالىنىڭ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ يىراقلارغا قاراپ تاماكا چەككىنىنى كۆرۈپلا دادامغا

ئوخشاتقانىدىم ...كېيىن دىققەت قىلسام ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ مېڭىشلىرى ، كىلىشكەن قەددى -قامىتىدىن تارتىپ دادامغا ئوخشايدىكەن...قىزلارنىڭ ئۇنىڭغا ئامراقلىقچۇ تېخى ؟ جەمىيەت ئويناپ يۈرگەن بولساممۇ بىرەر ئوغۇل بالىغا يېقىنلىشىپ باقمىغانىدىم ...سەۋەبى ،ھەممە ئادەمگە نەپرەتلىنەتتىم...كۆڭلۈمدە پەقەت دۇنيادا داداملا ياخشى ئادەم ئىدى ، تۇغۇلغىنىمغا ئۈچ كۈن بولغان بالىنى تاشلىۋەتكەن ئانا ۋە ئۇنى ياقلاپ ، دادامنى ئاق چەكتى دەپ تىللايدىغان ئاشۇ بىر توپ كىشلەر كۆزۈمگە ئادەم تەلەتى كۆرۈنمەيتتى . شۇڭا ھەر قانداق ئادەمگە چىراي ئېچىپ قارىمايتتىم ، دىسكوخانىغىمۇ خوشاللىق تېپىشتىن كۆرە ئاپامنى خاپا قىلىش ئۈچۈن كىلەتتىم .

كېيىن دوسلىرىمدىن سۈرۈشتۈرسەم ئۇ بالىنىڭ ئىسمى باتۇر ئىكەن ، شەھىرىمىزدىكى جەمىيەت ئوينايدىغان باللارنىڭ لاۋداسى ئىكەن ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم ، ئىچىمدە بولسا توختىماي <باتۇر...باتۇر...>دەپ چاقىراتتىم .

باتۇر بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق ، ئۇنىڭغا بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىنى دىدىم ...نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغانلىقىمنىمۇ دىدىم ...بىز ياخشى دوسلاردىن بۇلۇپ قالدۇق ،كۈندە دىسكوخانىدا كۆرۈشەتتۇق ، بىرگە ئوينايتتۇق ...بارغانسىرى ئۇنىڭ بىلەن بىر كۈن كۆرمىسەك چىداشمايدىغان يەرگە بېرىپ يەتتۇق ...شۇنداق قىلىپ باتۇر بىلەن ، ئۆزۈمدىن بەش ياش چوڭ باتۇر بىلەن مۇھەببەتلەشتىم...ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم ، دادامدىن ئايرىلغاندىن بىرى كۆلكە يۈگۈرمىگەن چىرايىمغا كۈلكى يۈگۈرۈشكە باشلىدى ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بىلەن يۈرگەندىن كېيىن يىغلاشنى ، كۈلۈشنى بىلىدىغان بولدۇم .

ئەتىگەندىن -كەچكىچە باتۇر بىلەنلا بۇلاتتىم ، ئۇنىڭمۇ ئۆگەي ئاپىسى باركەن ، ئۆيىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيدىكەن...بىر-بىرىمىزگە يار-يۆلەك بۇلۇپ ناھايىتى ياخشى ئۆتتۇق .بەزى كۈنلىرى كەچلىكى ئۆيگىمۇ

قايتمايتتىم ، ئاپام ماڭا گېپىنى ئاڭلىتالمىغاندىن كىيىن بىر-قانچە كۈن ئۆيگە سولاپ قۇيىۋىدى ، تاماق يىگىلى ئۇنىماي ، ۋارقىراپ ، يىغلاپ دىگەندەك قىلىپ ئۇنىڭ بارلىق پىلانلىنى بىتچىت قىلدىم .

بىر كۈنى كەچتە باتۇر بىلەن بىرگە بىز دائىم بارىدىغان دەرەخلىققە باردۇق ، ئۇ ماڭا ئۆزۈندىن ئۆزۈن قاراپ كەتتى ۋە تۇرۇپلا :

__ساڭا قىيمايمەن ئابىدە ، سەندىن ئايرىلىشقا چىدىمايمەن ،__دىدى .

__مەنمۇ چىدىمايمەن ...بىز ئايرىلمايمىز شۇڭا .

__مەن كىتىدىغان بولدۇم ، مەن كەتكەندىن كىيىن ؟

__نىمە ؟ نەگە كىتىسەن ؟ چاخچاق قىلمىيە ساراڭ .

__راست ، ئۆيدە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى ، ئىچكىرىدە تىجارەت قىلىدىغان بىر دوستۇم بۇلىدىغان ، چىقىپ كىتىپ شۇنىڭغا ياردەملىشىمەن .

__بازارچى بۇلامسەن ؟__كۆزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى .

__ياق ، ئۇنداق ئىش يارىشامدۇ ماڭا . ئۇ ئاغىنەمنىڭ ئىككى يەردە ئاشخانىسى بار ئىكەن ، بېرىپ لوبەن بۇلۇشۇپ بىرىمەن .

ئۇنىڭ راست ئېيتىۋاتقىنىنى بىلىپ چۆچۈپ كەتتىم .

__ياق ، كەتمەيسەن ! كەتسەڭ مىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كىتىسەن ...سەندىن ئايرىلالمايمەن...سەنمۇ دادامغا ئوخشاش مىنى تاشلاپ كەتسەڭ ...ياق !ياق !ياق !،__باتۇرنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىم .

__ماڭا قارىغىنە ئابىدە ،__دىدى ئۇ قوللىرى بىلەن يۈزلىرىمنى ئالقىنىغا ئېلىپ ،__سەن دىگەن قىز بالا ، مەن بىلەن كەتسەڭ جاپا تارتىپ قالىسەن...يەنە كىلىپ ...

__ياق ...سەنلا بولساڭ مەن ھەممىگە رازى .

__مىنى راست شۇنچىۋالا ياخشى كۆرەمسەن ؟

__ھەئە ...بولمىسا ...

__ھە دىگىنە ، بولمىسا نىمە ؟

___بولمىسا...بولمىسا بارلىقىمنى ساڭا ئاتىۋېتەرمىدىم ... ... ھە راست بايا يەنە كىلىپ دەپ توختاپ قالدىڭغۇ ؟

___راستىنى دىسەم پۇل يەتمەيدۇ .

___مۇشۇ گەپمىتى .

مەن ئۇنىڭغا دادامنىڭ ماڭا قالدۇرغانلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم .

___توۋا دىگىنە ؟ داداڭ ساڭا شۇنچە جىق پۇل قالدۇرۇپتىما ؟

___بۇ تېخى ئاپام بىلمەيدىغىنى خالاس . يەنە ئاپام بىلىدىغىنى ، ئۆي ساتقان پۇل ...ئىشقىلىپ بەك جىق ...كىنىشكىنى ئەته ساڭا ئەچىقىپ بىرەي ...ماڭا پۇلنىڭ كېرىكى يوق ...ماڭا سەن بولساڭ بولدى باتۇر...مىنى بىللە ئەكەتكىنچۇ ؟

باتۇر جاۋاپ بىرىش ئورنىغا مىنى ئاستا قۇچىقىغا تارتتى .....

ئەتىسى كىنىشكىنى باتۇرغا تاپشۇردۇم ، مەخپى نۇمۇرىنىمۇ ئېيتىپ بەردىم .ئىككى كۈندىن كىيىن ھىچكىمگە دىمەي پويىزغا چىقتۇقته بۇ شەھەرگە كەلدۇق .

باتۇرنىڭ بۇ يەردىمۇ بىر دوستى بار ئىكەن ، ئۇ دوستى ئارقىلىق خېلى كۆپ ئۇيغۇر باللىرى بىلەن تونۇشتۇق ، باتۇر ئۆلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەنىۋەرسا دەيدىغان بىرىنى بەك چوڭ بىلەتتى ، ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى بازارچى باللارنىڭ خوجايىنى ئىكەن ، ئەنىۋەرسامۇ باتۇرنىڭ خېلى ئىناۋىتىنى قىلاتتى . لىكىن دادامدەك ياشتا تۇرۇپمۇ مىنى كۆرسە بەزدەك تىكىلىپ قاراشلىرىدىن بىزار ئىدىم .

بىز ئون كۈندەك بىر مىھمانخانىدا تۇردۇق ، كۈندۈزى ئانچە -مۇنچە سىرتقا چىققانىنى ھىساپقا ئالمىغاندا ياتاقتىن سىرتقا چىقىپ كەتمەيتتۇق ، ئۇ ۋاقىتلاردا گويا جاھاندا پەقەت مەن ۋە ئۇلا بار ئىدى .

بىر كۈنى كەچلىك تاماقنى ئېلىپ ياتاققا كىردۇق ، تىلىۋىزور كۆرگەچ تاماق يىدۇق ، كىيىن ئۇنىڭ بىلەن يۆلىنىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق ... ...ئەتىسى ئەتىگىنى كۆزۈمنى ناھايىتى تەستە ئاچتىم ، بېشىم لۇقۇلداپ ئاغرىپ كەتتى ، ملك تەستە بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام يېنىمدا ياتقان كىشى ھىچ باتۇرغا ئوخشىمايدۇ ...كۆزلىرىمنى ئۇگىلىۋېتىپ بەك قارىسام ئەنىۋەرسا دىگىنى ئانىدىن تۇغما ھالەتته ياتماسمۇ ؟!

كىيىن بىلسەم باتۇر مىنى ئۇنىڭغا سېتىۋېتىپتۇ .قارشىلىق قىلسام تاياق يىدىم ، قاچسام تۇتۇلدۇم...باتۇرنىڭ ئۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەيتتىم ...ئەمما پولاتتەك پاكىت ئالدىدا ئىشەنمەيمۇ ئامالىم يوق ئىدى ...ئەمدىلا ئىللىشقا باشلىغان يۈرىكىم يەنە قاتتى .

كىيىن ئەنىۋەرسا نىڭ يېنىدا ئىختىيارىمچە بولمىسىمۇ تۇرۇپ قالدىم . ئەنە شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ خىروئىن ئەتكەسچىسىنىڭ ئۇۋىسىدا تۇرىۋاتقانلىقىمنى بىلدىم . ماڭا ھاياتنىڭ كېرىكى يوق ئىدى ، ئەمما مىنى تاشلاشقا كۆزى قىيغان باتۇرنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈپ باقسام ، ئۇ بۇرۇنقى باتۇر شۇمۇ ئەمەسمۇ دىگەننى ئويلايتتىم .

مىنى تونجى كۆرۈپ ئەپتىمگە قاراپ ئېچىلىك ئاغرىدى بولغاي ، لىكىن سەن ھىس قىلالمايسەن ...يۈرىكى يوق ئادەمگە سوغۇقمۇ ، ئىسسىقمۇ بەرىبىر ! لىكىن مەن ئۆزۈممۇ تۇيمىغان ئاساستا ساڭا مايىلىشىپ ئۇيۇن قويدۇم...ماڭا كىيىملىرىڭنى بەردىڭ ، تاماق ئېلىپ بەردىڭ...دىگەنلىرىمگە ئىشەندىڭ...قىلغانلىرىڭغا قاراپ كۈلگۈم كەلدى ...مۇھابىتىڭگە قاراپ ھەيران قالدىم ...ئۇنىڭ توختىماي تىلفۇن قىلىشلىرىدىن ، ئۇچۇر يوللىشىدىن بىر چاغلاردىكى ئۆزۈمنى ئەسلىدىم ...جاھاندا كۆيۈنۈش دىگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى يادىمغا ئالدىم ...نىمىشقا سىنىڭ ئىللىق ئائىلەڭ بار؟!نىمىشقا مىنىڭ يوق ؟!نىمىشقا سەن شۇنداق تاتلىق كۈلەلەيسەن ؟! نىمىشقا مەن كۈلەلمەيمەن ؟!نىمىشقا سەن باشقىلارغا مىھرىبانلىق قىلالايسەن ؟!نىمىشقا مەن قىلالمايمەن ؟!...كاللامدا تۈرلۈك -تۈرلۈك سوئاللار...شۇنىڭ بىلەن سەن باشلىغان ئويۇننى مىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇم كەلدى ... ساڭا قىلىۋاتقانلىرىمدىن ئەنىۋەرسا نىڭ خەۋىرى بار ، لىكىن مىنى توسمىدى...ئۇ مىنىڭ بىرەر كۈن بولسىمۇ ئانچە- مۇنچە ئېچىلىپ قويغىنىمغا خوشال...سەن يىگەن تاماقنىڭ بەزىلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئەتكەن ...بىر چاغلاردا دادام ئۇچۇن تاماق ئېتىشنى ئۆگەنگەنىدىم ، مانا ئەمدى سەن ئۇچۇن تاماق ئەتتىم ...

ئەنىۋەرسا باتۇرغا قارىغاندا ياخشىكەن ، بۇ قېتىم مەن ھىچ ئىشقا چېتىلمىدىم...ھە راست ...باتۇرنىڭ تۇرىۋاتقان يېرىدىن خەۋەر تاپتىم ...بېرىپ ئۇنى ئىزدەيمەن...

لىكىن يەنىلا ، ھەممىنى ئاپامدىن كۆرىمەن ، بەلكىم تۇغۇلۇپلا تاشلىۋېتىلمىگەن بولسام باشقىلار بىر ئۆمۈر بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان ياكى ئۆتكۈزمەيدىغان ئاشۇ قىسمەتلەتنى بېشىمدىن كەچۈرمىگەن بولاتتىم ...

ساڭا نەسىھەتىم بولسۇن ، سەن ئۇكۇل قىپمۇ ئۆرمىدىڭ ، ئەگەر تاشلايمەن دىسەڭ چۇقۇم

تاشلىيالايسەن ...ئەگەر بۇ شەھەردە يەنە تۇرۇپ قالالىغان بولسام ساڭا ياردەم قىلغان بۇلاتتىم...
خەير...ئامان بول .
ئابدە .>>

ئۇنىڭغا يەنە ئىچ ئاغرىتايمۇ ؟! ئاغرىنايمۇ ؟!ئاپىسى ئۈچۈن قىلغانلىرىغا لەنەت ئوقۇيمۇ ؟! خىياللىرىمدا
هامان ئۇ...<<ئامەت ۋە ئايەت>>نى ئوقۇغىنىمدا <30ياشقا كىرمەي تۇرۇپ يۈز يىللىق قىسمەتلەتنى بېشىدىن
كەچۈرگەن >دىگەن گەپكە خېلىلا دىققەت قىلغان ۋە بىر ۋاقىتلارغىچە ئىسمىدىن كۆتىرىلمىگەنىدى ...مانا ئەمدى
ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ، مىنى دوزاخ ئازابىغا ئىتتىرگەن ئاشۇ قىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى
ئاڭلاپ ئاشۇ بىر جۈملىنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى تېخىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم .
ئۇزاق ئويلاندىم ، قولۇمدىكى خەتكە ، تىلفۇن نۇمرىغا قارىدىم ، نەدىن كەلگەن غەيرەت بىلمىدىم ، قورقۇپ
تۇرىمەن ئەمما قولۇمدىكى تىلفۇن نۇمرىنى يىرتىۋەتتىم ...پارچىلىرىنى ئەپچىقىپلا ئوبۇرنىغا تاشلىدىمدە سۇنى
ماڭدۇرىۋەتتىم...ئەمدىكى بارلىق يولۇم ئىتلگەنىدى ، قانداق قىلىشىم كېرەك ؟! بەربىر پۇلۇممۇ تۈگىدى...تاماكا
ئالىدىغان ئادەممۇ يوق...ئەگەر خۇمارىم تۇتۇپ كەتسە...ئەگەر ئىشخانىدىكىلەر تەرىپىدىن سىزىلىپ قالسامچۇ
؟! ...تۈمەن مىڭ خىيال...يەنە غەيرەت قىلىپ كومپيوتۇرنىڭ ئالدىغا كەلدىم ، ئەنزەرنىڭ خەت
قايتۇرمايدىغانلىقىنى بىلسەممۇ ئۇنىڭغا بىر مۇنچە خەت قالدۇرۇدۇم...ئاندىن بەيدۇ تورىغا كىرىپ ئاق تاشلاشقا
مۇناسىۋەتلىك كىشلەرنىڭ بايانلىرىنى ، دوختۇرلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى تېپىپ ئوقۇدۇم ، ئوقۇغانسىرى
ئۈمىدسىزلىككە پېتىۋاتاتتىم ،ئانچە -مۇنچە ئۈمىدلىنىدىغان يېرىم بايانات يازغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاقنى ئۆزى
خالاپ چەككەنلەر ياكى بىلىپ-بىلمەي چېكىپ قالسىمۇ كېيىن كەيپىگە خۇمار بولغانلار ، ئاقتىن خوشاللىق
تاپقۇچىلار ئىدى ، ئەمما مەندە ئۇنىڭ كەيپىدىن ھۇزۇرلىنىش نىيتى يوق ، پەقەت ئاغرىق ئازابىنى ،خۇمار
ئازابىنى تارتماسلىق ئۈچۈنلا تاماكىنى قولۇمغا ئالغانمەن ، يەنە كىلىپ ئاقنى ئۆكۈل قىلىپ ئۇرمىسا تاشلىغىلى
بولىدۇ دىگەننىغۇ كۆردۈم ، لىكىن ھىچكىمنىڭ ياردىمىسىز ، ئۆزى يالغۇز ئاق تاشلىغانلىق توغرىسىدىكى
باياناتتىن بىرەرنى تاپالمىدىم ... شۇنداق ئىزلەپ يۈرۈپ مەن تۇرىۋاتقان شەھەردىكى بىر ئاق تاشلاش
مەركىزىنىڭ توردىكى مەسلىھەت بىرىش قىزىق لىنىيىسىگە كىرىپ قاپتىمەن .□تورداىبۋاستئىلان قىلىشنى مۇۋاپىق

كۆرمىدىم ، سۇئال سوراققا كۆمۈلۈپ كەتكۈدەكمەن ، تەلەي سىناپ بىر دوختۇرنىڭ ئىلىكتىرونلۇق خەت ساندۇقىغا
خەت قالدۇرۇشقا باشلىدىم ، ئۇنىڭغا باشتىن باشلاپ بايىتىنغىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى دىدىم ، ماڭا ياردەم
قىلىشنى ئۆتۈندۈم ، خەتنى يوللاپ بولۇپ يېرىم سائەت ئۆتمەيلا دوختۇرنىڭ جاۋاپ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم ، ئۇ
ئۆزىنىڭ ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ، ئەڭ ياخشىسى مىنىڭ ئاشۇ دوختۇرخانىغا بېرىشىمنى ، ھازىرقى
ئەھۋالدا مەن ماسلاشسىملا تاشلاشنىڭ ئۈنچە قىيىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپتۇ ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئوقۇغۇچى
ئىكەنلىكىمنى ، مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك بىر ئايدىلا نەچچە مىڭ يۈەنلىك قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكىمنى ، يەنە
ئەگەر بۇ ئىش مەكتەپتىكى بىرەرسى تەرىپىدىن سىزىلىپ قالسا ئوقۇشۇمنىمۇ
داۋاملاشتۇرالمايدىغانلىقىمنى... ...ئىشقىلىپ بار-يوق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم . دوختۇر بىلەن ئۈچ سائەتتەك
پاراڭلىشىپتىمەن ، ئۇ ماڭا ئاق تاماكا تاشلاشتىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا نورمال ، ساغلام بولغان پىسخىكا ھالەت دەپ
كۆرسەتتى ، چىداملىق ، غەيرەتچان بولۇشۇم كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى ، شۇ ۋاقىتتا نىمىشقىمۇ بۇ ئىشلارنى بالدۇرراق
سىناپ باقمىغانلىقىمدىن ئۆكۈندۈم...
ئەتىسى ئەتىگەندە دوختۇرنىڭ مىنىڭ كۆنلۈك ئىش-ھەرىكەت پىلانىمنى تۈزۈپ يوللىغان جەدۋىلىنى كۆردۈم ،
چۈشتە ئۇ تىلفۇن قىلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكىسى بارلىقىنى ئېيتتى .ئەتراپىمدىكىلەردىن شۈنچىلىك رايىم قايتىپ
كىتىپتىكەن ، كۆرۈشۈشنى خالىمىدىم ، ياردەم قىلغۇسى بولسا كۆرۈشمەي تۇرۇپ ياردەم قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتىم
، ئىشخانىنىڭ ئادرىسىنى سوراپ تۇرىۋالدى ، ئۇنىڭ دىيىشىچە خۇمارىم تۇتقاندا ئۇ ئەۋەتكەن دورىلارنى يىيىشىم
كېرەككەن ...شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئىشخانا ئالدىدا مىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ، مىنىڭ پەقەت دارىنى ئەپچىقىپ
كەتسەملا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تىلفۇن قىپتۇ ، بۇرۇنقى ۋاقىتلار بولسا مۇنداق ياخشى ئادەملەرنىڭ ئەتراپىمىزدا
بولىشى ناھايىتى نورمال ئىش دەپ ئويلىغان بولاتتىم ، ئەمما مۇشۇ ئىشلاردىن كىيىن ھەممە نىمىگە گۇمان بىلەن
قارايدىغان بولۇپ قالغانىدىم .
مەيلى قانداقلا ئويلاي مەندە بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئامال يوق ئىدى ، تەۋەككۇل قىلىپ پەسكە چۈشتۇم ،
دىيىشكىنىمىز بۇيىچە ئۇنى تاللا بازىرى ئالدىدىكى پەشتاق ئۈستىدە ساقلىدىم ،ئۇمۇ مىنى تىزلا تۇنىۋالدى .
___بارلىق تەپسىلاتىنى ئىچىدىكى قەغەزگە يىزىپ قويدۇم ، ساڭا ئامەت تىلەيمەن.

دوختۇر باشقىمۇ گەپ قىلمىدى ، ئوتتۇرا ياش ، كىلىشكەن كىشىكەن ، قىزارغان كۆزلىرىمگە قاراپ ئارتۇق گەپمۇ قىلماي كىتىپ قالدى .بەلكىم منى ئارتۇق خىجىل قىلماي دىگەندۇ! كىرىپ كىچىككىنە يىشىكنى ئىچىپ ئىچىدىكى دارىلارنىڭ كۆپلىكىدىن ، دارىلارنىڭ ئۆزىنىڭ چۈشەندۈرىشىدىن باشقا يىزىلغان چۈشەندۈرۈشلەرگە قاراپ ھەيران قالدىم...توۋا ، ما ئادەمنىڭ شۇنچە ئەستايىدىللىقنى ، مەنغۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بىرگە ئىشىنىپ دۆتلۈك قىلدىم دەپ يۈرۈپتىمەن ، ما ئادەمنىڭ توردا تۇنجى قېتىم پاراڭلاشقان ئادىمگە شۇنچە قىلىشنى نىمە دەي ؟! ئەنە شۇ چاغدا ئاپامنىڭ "بۇ دىگەن خۇدالىق جاھان قىزىم ، سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغىنىڭىز باشقىلاردىن بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ياندۇ "دىگەنلىرى يادىمغا يەتتى ... ...شۈكرى خۇدا ، شۈكرى اللە ! ئانامنىڭ دۇئالىرى مىنىڭ يۈلۈمنى ئىچىۋاتقان بولسا كېرەك...قوللىرىمدىكى دارىلارغا قاراپ يەنە يىغلاشقا باشلىدىم ...

ئەتىسىدىن باشلاپ دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بۇيىچە ئىش قىلىشقا باشلىدىم ...ئەمما ڧېي ڧېي تەرىپىدىن سىزىلىپ قالدىم :ئۇ كۈنى ئىلىكتىرونلۇق خەت ساندۇقۇمنى ئۇچۇرۇۋەتمەيلا سىرتقا چىقىپ كىتىپتىمەن .يىقىندىن بىرى مەندىن گۇمانلىنىپ يۈرگەن ڧېي ڧېي ھىچ ئويلىمايلا خەتلىرىمنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ... قايتىپ كىرگىنىمدە بولسا ئۈستىلىم ئۈستىدە قېتىپ ئولتۇرغان ، كۆزلىرى چەكچەيگەن ڧېي ڧېي بولدى ، ئەسلىدە بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتىشنى ئۆزۈممۇ ئويلاپ يۈرگەنىدىم ، بىر ھىساپتا بۇمۇ ياخشى بولدى .

___گۈلى ،___كىرگىنىمنى كۆرگەن ڧېي ڧېي يۈگۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى،___نىمىشقا بۇ ئىشلارنى مەندىن يوشۇرىسەن ئېيتە نىمىشقا...نىمىشقا...؟

ئۇ خۇددى منى تۇنجى كۆرىۋاتقانلاردەك چىرايىمغا ئۆزۈندىن ئۆزۈن تىكىلىپ قارىدى ، چاچلىرىمنى ، يۈزلىرىمنى سىلىدى ، بىردەم يىغلاشتۇق ، ئاندىن ئولتۇرۇپ پاراڭلىششقا باشلىدۇق .

___منى ئۆچ كۆرەمسەن ؟

___ياق ، ئۇنداق دىمە ، سەن دىگەن زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچى ، مەن ساڭا بەك ئامراق گۈلى ...سىنى ياخشى كۆرىمەن .

___مەن بەزى ئىشلارغا بەك ھەيران ڧېي ڧېي ...بۇرۇن سىلەرنى ياختۇرمايتتىم ...بىي دىندا بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا

ئەمەس بەلكى تارىخقا قىزىققانلىقىم ،بۇرۇن سىلەرنىڭ بىزنى بوزەك قىلغانلىقىڭلىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن...ئەمما سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ شۇنچە ئاقكۆڭۈل ، ياخشى ئادەملەر باركەن...ھىلقى دوختۇرچۇ تېخى ، بەئەينى پەرىشتە ئىكەن ...

___مۇنداقمۇ دىگىن تېخى ، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى بولغانغا ئوخشاش ھەر قانداق بىر قوۋم ، مىللەت ياكى دۆلەت كىشىلىرىنىڭمۇ ياخشىسى ،ئەسكىسى بۇلىدۇ ، قايسى كۈنى بازاردا بىز بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتكەن كىشلەرنىڭ ئۇيغۇرلىقنى ، يانچۇقۇمغا قول تىقىپ تۇرۇپمۇ يەنە مەندىن چوڭ تۇرۇپ منى بوزەك قىلماقچى بولغانلىقنى مەن ساڭا دەپ بەرگەن ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلىقنى بىلگەندە مەن ئالدى بىلەن سىنى ئويلىدۇم ئاندىن ئىچىم ئاچچىق بولدى ، ئۇلارغا نەپرەتلەنمىدىم بەلكى ھىسداشلىقىم كەلدى ، بەلكىم سىنىڭ سەۋەبىڭدىندۇر...بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى كۆپ ، سەن ئۇنداق ئويلىساڭ بىز جۇڭگو بىلەن ياپونىيە بۇلۇپ قالمايمىزمۇ ؟ تارىخنىڭ خاتالىقنى بىزگە ئارتىپ قويغىنىڭ نىمىسى...؟

ئۇنىڭ بىلەن بىر كېچە پاراڭلاشتىم ، ئەتىسىدىن باشلاپ بىر ھەپتە ڧېي ڧېي مىنىڭ دورا ئىچىشىمگە .كۈندۈلۈك پائالىيەتلىرىمگە مەسئۇل بولدى ،بىر ھەپتە تاماكا چەكمىدىم ،ئەمما دورىغىلا تايىنىپلا قالغانىدىم ، خۇمارىم كۆپىنچىسى كەچتە تۇتاتتى...بۇنداق ۋاقىتلاردا ئىشخانا ڧېي ڧېي ئىككىمىزگە كەڭچە قالاتتى ،بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئىدى .

كىينىكى ھەپتە ئۈچۈن دوختۇر باشقىچە بىر پىكرىنى ئوتتۇرغا قويدى :"ئەمدىكى بىر ھەپتە مىنىڭ ئەڭ ھالقىلىق ،ئەڭ قىيىن بىر ھەپتەم ئىكەن ،دورا توختىتىدىكەنمەن، خۇمارىم ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك تۇتىدىكەن...مۇشۇ بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋالسىلا ياخشى بۇلۇپ كىتىدىكەنمەن...ئەڭ ياخشىسى دوختۇرخانىغا بېرىپ بىر ھەپتە تۇرىشىم كېرەككەن...

ئەمما ئىككى كۈندىن كىين تەتىل ۋاقتىمىز تۈشاتتى ،قانداق قىلىشمنى بىلەلمەيلا قالدىم ، مىنىڭ دوختۇرخانىغا قەتئىي بارغۇم يوق ئىدى .ئاخىرى ڧېي ڧېي تاپقان ئامال بۇيىنچە ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر بولدۇم :

مەكتەپكە تىلفۇن قىلىپ مۇئەللىمدىن ئۆيگە بېرىپ كىلىش ئۈچۈن ھەپتىلىك رۇخسەت ئالدىم ، ئوخشاشلا سەۋەپ بىلەن ئىشخانىدىنمۇ رۇخسەت ئالدىم ، ئىشخانىغا يىقىن بىر مىھمانخانىدىن ڧېي ڧېي بىر ياتاق ئالدى ،

بىر ھەپتىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدۇم ، ئۆتكۈزدۇم ئەمەس ، تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابى تارتتىم...
قوللىرىم باغلانغان...لەۋلىرىم يېرىلغان...بېشىمنى ئۇرۇپ پىشانەمنى قانىتىۋەتكەن...قانداقلا بولمىسۇن دوختۇرنىڭ تەپسىلى يېتەكلىشى ۋە فېي فېينىڭ كۈيىنىشى ئارقىسىدا بەش كۈن بولغاندىن تارتىپ خۇمارىم تۈتمايدىغان بولدى . ئەمما تىنىم بەك ئاجىزلاپ كەتكەندى ...تاماقمۇ يېيەلمەيتتىم...ئەمما فېي فېي ئىرىنمىدى ، ھەر كۈنى ماڭا قوي گۆشى شورپىسى (خۇيزۇلارنىڭ ئالاھىدە تامىقى ، بەلكىم ئىچكىرىدە تۇرۇپ باققانلار بىلىشى مۇمكىن羊肉泡馍) ئەكىرىپ بىرەتتى ...بارغانسىرى سالامەتلىكىم خېلى ئەسلىگە قايتىپ قالدى ...
دوختۇر فېي فېي ئىككىمىزگە زىيايەت بەرمەكچى بولدى ، قائىدە بۇيىنچە بولسا ئۇ .ئىككىسگە مەن قىلسام بۇلاتتى .ئۇلارغا قانچىلىك قىلسام ئەرزىيتتى .ئەمما ھازىر بىقۇۋەتمەن ...
شۇنداق قىلىپ ئۇقۇش باشلاپ بىر ھەپتە بولغاندا مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم ، ئۇ كۈندىكى خوشاللىقمنى ھېچنىمگە تەڭ قىلمايمەن ...خېلىلا ئەسلىمگە كىلىپ قالغان ، ئەڭ مۇھىمى ئالدىنقى كۈنى قان تەكشۈرتۈشنىڭ نەتىجىسىنى قولۇمغا ئالغاندىم ،دىمەك ئاشۇ ئالۋاستىنىڭ __ئاق ئالۋاستىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىم .ئەمما ئويلىسام خۇددى بىر تەتىل ئەمەس ئون يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك ، بىراقلا ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغاندىم .بىر تەتىل ئىچىدە تۆككەن كۆز ياشلىرىم بەلكىم دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بىرسى تۆككەن كۆز ياشلىرىمدىنمۇ كۆپ بولسا كېرەك...
نىملا بولمىسۇن ، قۇتۇلدۇم ، خۇددى قەپەزدىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئەركىن بولۇپ قالدىم ، ئۇزاق بوپتىكەن يىغلىماي تۇرۇپ ئاپام بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئاپامغا تىلفۇن قىلدىم ، ئەمما يەنىلا يىغلاپ سالدىم ، ئەمما بۇ خوشاللىق ، بەخت يىغىسى ئىدى . ئەنزەرگە بولسا باشقىچە پىلانىم بار ئىدى ، يېقىندا ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيەت كىنىشكىسى ئېلىش ئۈچۈن ئىمتاھانغا تىزىملاتقاندىم ، بىر ئايدىن كىيىن ئۇرۇمچىگە بارىمەن ، ئەنە شۇ ۋاقىتتا ھەممە ئىشلارنى تارتقان كۈلپەت ، جاپالىرىمنى ، تۆككەن كۆز ياشلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىمەن ، ئۇ يۈزلىرىمنى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتىدۇ <<كەچۈرگىن ئاي ، مەن ساڭا يۈز كىلەلمەيمەن ، سەن ماڭا ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا يېنىڭدا بۇلالماپتىمەن>>دەيدۇ...ئۇنى چىڭگىدە قۇچاقلايمەن ، ئەنە شۇ ۋاقىتتا تارتقان جاپالىرىم ئۇنتۇلىدۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىللىق مۇھاببىتىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز ، بىزنىڭ تاتلىق ، شىرىن كۈنلىرىمىز

يەنە باشلىنىدۇ ...ئاھ ،ئەنزەر !
بىر ئاي ناھايىتى تىزلا ئۆتۈپ كەتتى ، بارلىق زېھنىمنى ئوقۇشقا قاراتتىم ، خىزمىتىمنىمۇ ناھايىتى ياخشى قىلدىم ،بۇرۇنقىدىنمۇ تىرىشىپ ئىشلىدىم ... لىكىن فېي فېي يۇرتىغا ، يەنى شېنياڭدىكى بىزنىڭ باش شىركەتكە قايتىپ كەتتى .ئۇ قايتىپ كەتكەندىن كىيىن چېڭ باش دىرىكتور (بىزنىڭ ئالتە شەھەردىكى تارماق شىركەتنىڭ ھەققى خوجايىنى)ھەر قېتىم ئۇ تەرەپلەردىن كەلگەندە فېي فېي نىڭ سوۋغىلىرىنى ئېلىپ كىلىشنى ئۇنۇتمىدى .
ئەمما كۆڭلۈمنى ئەڭ غەش قىلغىنى ئەنزەرنى بىرى بىلەن يۈرۈۋاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم .ئەمما ئۇنىڭ مۇنچە تىزلا ئۆزگۈرۈپ كىتىشىگە ئىشەنمەيتتىم ، ئۇنىڭ يېنىغا بارسام يۈز-تۇرانە كۆرۈشسەم ھەممە ئىشلار ياخشى بۇلۇپ كىتىدۇ دەپ ئويلايتتىم ۋە ئىشىنەتتىم ...
ئۇنىڭغا خەۋەرمۇ قىلماي ئۇرۇمچىگە چۈشتۇم .ۋوگزالغا كىرىشىمگە ئۇ كۆزلىرىمگە كۆرۈنۈپ كىتىشكە باشلىدى...<جېنىم ئەنزەر ، مانا مەن كەلدىم ، سىنى ياخشى كۆرىدىغان ئاي كەلدى ، ئۇ ئۆزگىرىپ ،ئەسلىگە قايتىپ كەلدى ...قېنى سەن جېنىم ئەنزەر!!!>
ئۇنىڭ ياتىقىغا تىلفۇن قىلىپ ئالالمىدىم ،بۇرۇنقى نۇمىرى توختاپ كىتىپتۇ ...ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدا يېرىم كۈن ساقلىدىم ، ئۇنى تۇيۇقسىزلا ھەيران قالدۇرماقچى ۋە خوشال قىلماقچى بولغاندىم ...ئەمما يېرىم كۈن ساقلاپ كۆزگىنىم ،،،قايسى كۆزلىرىم بىلەن ئۇلارغا قاراي...ئەنزەر ۋە ئۇنى قولتۇقلىۋالغان چىرايلىققىنە بىر قىز !
كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ ، ھەر ھالدا ئىدىيەمدە ئانچە-مۇنچە تەييارلىقلار بار بولغاچقا ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم ، ئۇلار بىلەن ئادەتتىكىدەك سالاملاشتۇق ، قىزنىڭ تېخىچە قوللىرىنى ئەنزەردىن ئاجراتماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئىچىمگە ئاچچىق كىرىش بىلەن بىرگە ئازراق ئاچچىقىممۇ كەلدى . قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ،ئۇنىڭ ئىپادىسىدىن مىنى تونۇيدىغانلىقى ، ھېچ بولمىسا بىلىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .
كۆڭۈلسىز كەيپىيات،،،تۇتۇلغان تىللار،،،ئېغىر ئۇھسىنىش ...قاتتىق سىقىلىش ۋە چەكسىز ئوڭايسىزلىنىش...
__قاچان كەلگەنىدىڭ ؟!،__گەپنى يەنىلا ئۇ باشلىدى ،ئۆزۈمنى ئاران تۇتىۋېلىپ جاۋاپ بەردىم :
__ئەتىگەن چۈشكەن ، چۈشتىن بىرى سىنى ساقلاپ...
__بىرەر ئىش بارمىدى ؟

__... ...،__دىمقىمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك گەپمۇ قىلالمىدىم ،ھاقارەتلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدۇم ،شۇنداقتىمۇ غەيرەتكە كىلىپ :
__سەن بىلەن ئايرىم دىيىشىدىغان گەپ بار ئىدى ،__دىگەننى ئارانلا شۇنداق بوش ئاۋازدا دىيەلىدىم .
ئەنزەر يانچۇقىدىكى قولىنى چىقىرىپ قىزنىڭ ئۇنى قولتۇقلىۋالغان قولى ئۇستىگە قويدى ، يۈرىكىم ئاغرىۋاتاتتى ...
__كىرىپ تۇرۇڭ ، ھايال ئۆتمەي تىلفۇن قىلىمەن ، چۈشتىن كىيىنكى ئىش ئۇرۇنلاشتۇرغاندەك بولىۋىرىدۇ .
قىز ئەنزەرگە قاراپ تاتلىق كۈلۈپ قويدى ، خۇددى ئۇ ئەنزەردىن تۇلۇق خاتىرجەمدەك...ئەسلىدە ئۇنى مىنى تونۇپ قالسا جىدەل چىقىرارمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم ،جىدەل چىقىرىش ئەمەس ئەكسىچە ... ...
__ نىمە ئىش ئىدى ؟
دەماللىققا ئۇنىڭغا نىمە دىيىشىمنى بىلەلمىدىم ، كەلگۈچە خىيالىمدا بولسا ئۇنى كۇرۇۋىلا ئۇزۇمنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئاتىمەن ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاپ بارلىق غەم قايغۇلۇرۇمنى ئۇنتۇپ كىتىمەن دەپ ئويلىغانىدىم ، ئۇنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ مۇنداق قوپال ۋە كەسكىن بولىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۇرمىگەنىدىم ،
__گەپ بولسا تىزراق دىسەڭ ، مىنىڭ ئىشلىرىم بار ئىدى .
__ئەنزەر تونىمايۋاتامسەن ؟ مەن ئايگۈل ، سەن ياخشى كۆرگەن ...
__ئەمەس...سەن ئەمەس...
__سەن خاتا چۈشىنىپ قالدىڭ ...ئەنزەر قىلچىمۇ سەن ئويلىغاندەك ئىش يوق...
__بولدى قىلە ، ئەتىلىدىن بىرى توختىماي قىلغان ئۇچۇرلىرىڭ ،چۈشەندۇرۇشلىرىڭنى ئاڭلاپ مەنمۇ سىنى خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخشايمەن دىگەنىدىم ، شۇنداق بولىشىنىمۇ ئۇمۇد قىلاتتىم ، ئەمما تەتىل يىغقاندىن كىينكى بىر ھەپتە نەگە باردىڭ ...مەكتەپتە سەن ئۆيدە ، ئۆيدە سەن مەكتەپتە... ...يەنە تېخى مىڭ كوي پۇل ساڭا نىمىگە لازىم بولدى ؟! ھىچ ئويلىسام سىنىڭ ...
__مەن ساڭا ھەممىنى دەي ، چۈشەندۇرەي ، خالىيراق جايغا بارايلى .
__بايامقى قىزنى كۆردۇڭغۇ ، ئۇ مەن ئۇچۇن كۆپ ئۆزگەردى ، ئەتراپىمدا پەرۋانە ...ئەمدى ئۇنى رەنجىتىپ ،كۆڭلىگە ئازار بىرىپ يۈرگۈم يوق ...ھازىر شۇنداق ياخشى ئۆتىۋاتىمىز ، راستىنى دىسەم سەندىن كۆڭلۈم قالدى ،

---

مەيلى نىملا قىل ياكى قىلما ، قانداق يولدا ماڭ ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ ئىشى ، بىرسى تەرىپىدىن ئازار يىسە قانداق بولىدىغانلىقىنى بىشىمدىن ئۆتكۈزگەچكە ئۇنىڭغا ئازار بىرىشنى خالىمايمەن...قىسقىسى ، بەختلىكمەن ، ئەمدى تۇرمۇشۇمغا يەنە كىرىپ مىنى ئاۋارە قىلما !

يەنە نىمە دىيەلەيتتىم . يۈرىكىم ئاشۇ يەردە قولتۇقلىشىپ تۇرغان كىلىشكەن يىگىت ۋە چىرايلىق قىزنى كۆرگەن جايدا قېلىپ قالدى...
مەكتەپكە قايتىپ كەلدىمدە بارلىق زىھنىمنى ئۆگىنىش ، خىزمەتكە قاراتتىم ، بارغانسىرى شىركەتنىڭ خېلى چوڭ ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىدىغان ،بەزى ئىشلارغا خېلى مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان بولدۇم ، باشلىق بىلەن پات-پات سودا كېڭەشلىرىگىمۇ بېرىشقا مۇيەسسەر بولدۇم ...مەيلى ۋاقتىمنى قانچە زىت ئورۇنلاشتۇراي يەنىلا بىر نەرسەم كام ...كېچىدىكى نەچچە سائەتلىك ئۇيقۇمۇ ماڭا ئارتۇق ...يۈرىكىمنى ئاشۇ ياتاق بىناسى ئالدىغا ، قولتۇقلىشىۋالغان چىرايلىق قىز ۋە كىلىشكەن يىگىتنى كۆرگەن يەرگە تاشلاپ قويدۇم دەپ ئويلايتتىم ، ئەمما سول تەرىپىم پات-پات سىقىلىپ ، ئاغرىپ تۇرىدۇ...چۈشلىرىمدە دائىم ئەنزەرنى چۈشەيمەن...گاھى شىرىن گاھى ئازاب... ...

خاتىمە

ئايرىدورومدا فېي فېينى كۈتۈۋاتىمەن ، ئىككى يىللىق تىرىشچانلىقىم نەتىجىسىدە ئۈرۈمچىدە بىزنىڭ باش شىركەتنىڭ تارمىقى قۇرۇلدى ، ئۆز قولۇم بىلەن ئىگىلىك تىكلىدىم ،ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچۇمنىڭ قىزىنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ <دىرېكتور>دەپ چاقىرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ مەستىلىگىم كەلگەندى ، مانا ئەمدى مەنمۇ ئاشۇ ئاتاققا مۇيەسسەر بولدۇم . شىركىتىم ئىككى كۈندىن كېيىن رەسمىي تىجارەت باشلايدۇ ، فېي فېي ئىشخانا باشلىقى بولىدۇ . كېچىلىك ئىسمىندا ئىشلەيدىغانغا ئۇرۇم ئوقۇشۇپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى خىزمەتكە ئالدىم ، ياردەمگە مۇھتاج ئۇ قىزلارغا ئىقتىسادى جەھەتتىلا ياردەم قىلالىسام ئەمەس ، ئۇلارغا ھەققى چىنىقىش پۇرستى ، جاپانى يېڭىشنى ئۆگىنىش پۇرستى ھازىرلاپ بىرەلىسەم دەپ ئويلايمەن .كۆزلىرى بەختتىن كۈلۈپ تۇرغان قىزلارنى كۆرسەم ئۈچ كۈندەك ئۆتكەن ئۈچ يىلىم ئىسىمگە كىلىدۇ ...ئوڭ قولۇم بىلەن سول تەرىپىمنى بېسىپ بىردەم جىمغىنە تۇرىۋالىمەن ،بەزىدە <ئەنزەر!>دەپ ئاستا شۇئىرلاپمۇ قويىمەن ،ئاڭلاپ تۇرىمەن ، ئۇ ھازىر ناھايىتى بەختلىككەن ...ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىم ،ئىگىلىك تىكلەش خۇددى زەھەر تاشلىغانغا ئوخشايدىكەن...ئىنتايىن جاپالىق ،سىزنىڭ ھەر ۋاقىت بەل قويۇۋېتىشكە ئۈندەيدىكەن ، غەيرەتلىك ، ئىرادىلىك بولسىڭىزلا بۇ يولدا غەلبە قىلالايدىكەنسىز...

تامام.........................................شەھىرى لەنجۇ ......................

سەلكىنگە كەلگەندىم ، قۇرۇق كىلىشكە كۆڭلۈم ئۇنىماي ، باشقا توربەتتە ئېلان قىلىنغان ئازراق ئەجىرىمنى ئالغاچ كەلدىم .

مەن ئۈزۈمچىنى كۆردۈم



ئادىتىم بويىچە ئىشتىن چۈشۈپ كەچلىك بازارغا تاماق يېگىلى كەلگەنتىم. تاماقنى بۇيرۇتۇپ بولۇپ ئولتۇرۇشۇمغا كەينىمدىكى بىر نەچچە قىزنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلىشىپ سەت چىقراپ كۈلۈشلىرى دىققىتىمنى تارتتى. شۇنداق بۇرۇلۇپ قاراپ بىر قىز باللىنىڭ قولىدىكى تاماكىنى كۆرۈپلا ئىچىم غۇژژىدە بوپ قالدى.
«ھەممە مۇنبەرلەردە ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ غورۇرلۇق، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەخلاقلىق بولۇشى تەكىتلىنىۋاتقان تۇرسا، ماۋۇلارنىڭ ئولتۇرۇشنى كۆرۈڭ! گەپ قىلماي دېسە خۇددى مەن توسمىسام توسۇيدىغان ئادەم يوقتەك، گەپ قىلاي دېسە تەلەتىدىن گەپ ئۆتىدىغاندەك ئەمەس. . .»
«گەپ قىلايمۇ - قىلمايمۇ؟» دەپ ئويلىنىپ تۇرۇشۇمغا ئالدىمغا مەندىن 2 - 3 ياش چوڭراق بىر ئاكاش كېلىپ ماڭا چاي قۇيۇپ دىققىتىمنى بۆلىۋەتتى.
_ ۋۇي. . . مەن سىزگە قۇيسام توغرا بولاتتى، _ دېدىم مەن سەل خىجىل بولۇپ.
ئۇ سۆز كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:
_ ھېچقىسى يوق، كىم قۇيسا ئوخشاش. ھەممىمىز ئۇيغۇر ئەمەسمۇ؟! _ دېدى.
ئۇنىڭ گېپىدىن بۆلەكچىلا روھلىنىپ كەتتىم. ھازىرقىدەك ھە دېسە ئاچچىق يۇتۇۋالىدىغان كۈنلەردە مۇشۇنداق توغرا گەپلەرنى ئاڭلاشمۇ تەسلىشىپ كەتتى ئەمەسمۇ؟!

پىيالىنى ئالدىمغا قويۇپ تۇرۇشۇمغا بايىقى ناينىاقلارنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:
_ شۇنداق قىلىپ توي قىلمەن، دېگىنە ئاداش! خا خا. . .
_ بىكار ئولتۇرغاندىن تېگىپ قوياي دېدىمغۇ؟ ......ۋەيت!
_ ئۇ بىچارىگە ئىچىڭ ئاغرىپ قاپتۇدە؟
_ مەنمۇ ئۇنچە باغرى تاش قىزلاردىن ئەمەسقۇ، يىغلاپ، يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالسا رەت قىلىۋېرىشكىمۇ خىجىل بولىدىكەن ئادەم.
_ ۋىيەي، يىغلىدىما ئوغۇل بالا تۇرۇپ؟
_ تەگمىسىڭىز ئۆلىۋالىمەن، دەپ كۈندە يىغلايدۇ.
_ قارىغاندا دەۋر ئالماشقان ئوخشايدۇ، بۇرۇن بىز قىزلار يىغلايتتۇق، ئەمدە ئۇلارمۇ يىغلاپ باقسۇن، قانداق دېدىم؟
_ توغرا! كۆڭلۈمدىكىدەك گەپنى قىلدىڭ جۇمۇ ئاداش!
. . .
ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ماڭا ئوخشاش ئوغۇل باللارنىڭ بىر تىيىنغا ئەرزىمەس ئۆچ ئېلىش ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ بىردەم - بىردەم كەينىمگە قاراپ قويۇپ گەپ قىلىشقا ئاغزىمنى ئۇمەللەيتتىم - يۇ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي يەنە ئالدىمغا قاراپ ئولتۇردۇم. ئالدىمدىكى ئاكاش كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك مۇلايىم ئاھاڭدا سورىدى:

_ بۇرادەر، بۇگۈن كەيپىياتىڭ سەل ناچاردەك تۇرامدۇ نېمە؟
_ ماۋۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟
_ سېنى بىر نەرسە دېمىدىغۇ؟
_ مېنى بىر نەرسە دېمىگەن بىلەن ئوغۇللارنى ئۇنداق چۈشۈرسە مېنىڭ غورۇرۇمغا تېگىدىكەن.
شۇنداق دەپ تۇرۇشۇمغا سۇيقاش كەلتۈرۈلدى.
_ سىز نېمە بۇيرۇتقانتىڭىز؟ _ دەپ سورىدىم مەن ئۇ ئاكاشتىن.
_ سۇيقاش.
_ ئەمسە بۇنى ئىچىڭ! مەن ماڭاي!
ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدىم، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشكە رايىم قالمىغانىدى. بۇرۇنمۇ مۇشۇنداقراق ئىشلارغا يولۇققاندا «نېمە قىلاي ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈم ئاغرىتىپ» دەپ، پېشمنى قېقىپلا كېتىپ قالاتتىم.
_ توختا. . . ئولتۇرە! _ دېدى ئۇ ئاكاش ماڭا ئورۇندۇقنى ئىشارە قىلىپ.
ئېپادىسىزلا ئۇ ئاكاشقا قاراپ قويۇپ ئولتۇردۇم. ئۇ ئاكاش كەينىمدىكى قىزلارنى كۆرسىتىپ مەندىن سورىدى:
_ سەن ئاۋۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كەتمەكچى شۇنداقمۇ؟

_ شۇنداق. سىز قانداق بىلدىڭىز؟
_ بۇرۇن مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئاشۇنداقلارنى كۆرگەندە پېشمنى قېقىپلا كېتەتتىم. ئەمما كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئۇنداقلارنى بەك تولا كۆرۈپ پېشمنى قېقىپلا كېتىشىمنىڭ تازا توغرا ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلدىم.
_ ئەمسە قانداق قىلساق توغرا بولىدىكەن؟
_ سەن قىزلارنىڭ تاماكا چەككىنىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟
_ ھەئە، جىق كۆرگەن.
_ بىرەرسىنى توسۇپ باققانمۇ؟
_ ياق، ئۇلارنى توسۇپ بولغىلى بولامتى؟
_ توسۇپ باقماي قانداق بىلىسەن؟
_ بۇ . . .
_ قارا!. . . ئاۋۇ قىز بالا تاماكا چېكىۋاتىدۇ، سەن ئۇنىڭغا تاماكىنى تاشلىۋېتىشنى دېگىن، گەپ - سۆزدە سىيلىقراق بول!
_ تاشلارمۇ؟ قارىسام گەپ ئۆتىدىغاندەك ئەمەس.
_ دەپ باقماي قانداق بىلىسەن؟

_ ئەمسە. . .

_ ئوغۇل بالىدەك بولە!

مەن قەتئىيلىك بىلەن ئۇ ئاكاشقا قاراپ بېشىمنى لىڭشىتىمدە كەينىمگە بۇرۇلۇپ تاماكا چېكىۋاتقان قىزغا قاراپ ئەدەپ بىلەن:

_ ھەي قىزچاق، تاماكىنى تاشلىۋېتىڭ! _ دېدىم.

كۈلۈشۈپ ئولتۇرغان قىزلارنىڭ ھەممىسى ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن ماڭا قاراشتى.

_ ماڭا گەپ قىلدىڭىزما؟ _ دېدى تاماكا چېكىۋاتقان قىز بالا.

_ ھەئە!

_ ھەقىقي ئەركەك!. . . ماقۇل!

ئۇ شۇنداق دەپلا تاماكىنى تاشلىۋېتىپ ئالدىغا قاراپ ئولتۇردى. مەنمۇ قايتىدىن روھلىنىپ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، ئاجايىپ يېنىك بوپ قالدىم.

«ۋاھ! ئەسلىدە بۇ بەك تەس گەپمۇ ئەمەسكەنغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقي ئوغۇل بالىنىڭ ئۆزىنىڭ تاماكا چېكىشىنى

خالىمايدىغانلىقىنىمۇ بىلدىكەن. ھەجەپ ياخشى. . . بۇندىن كېيىن تاماكا چەككەن قىزلارنى نەدە كۆرسەم شۇ يەردە توسۇيمەن!»

_ قارا!. . . يەنە بىرى چېكىۋاتىدۇ، _ دېدى ئاكاش خىيالىمنى بۆلۈپ.

كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام ھېلىلا تاماكىنى تاشلىۋەتكەن قىزنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان قىز ماڭا كېسلى بارەدەك ھېجىيىپ قارىغىنىچە تاماكا ئىسىنى پۈۋلەۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغىمۇ بايىقىدەك تەلەپپۇزدا دېدىم:

_ تاماكا چەكمەڭ!

ئۇ مىيقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ يېنىدىكى دوستىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ:

_ نېمىشقا سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىغۇدەكمەن؟ _ دېدى.

شۇئان باشقا ئۈستەللەردە ئولتۇرغان كىشلەرنىڭمۇ دىققىتى بىزگە بۇرۇلدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي سەل تېڭىرقاپ قالدىم. دېمىسىمۇ مەن يا ئۇنىڭ ئاكىسى يا ئىنىسى بولمىسام ئەلۋەتتە گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ - دە؟!

بايىقى ئاكاشقا سوئال نەزىرىدە قاراپ قويۇپ يەنە كەينىمگە بۇرۇلۇپ دېدىم:

_ ئۇيغۇر قىزلىرى تاماكا چەكسە بولمايدۇ!

ئۇ ئادەمنىڭ جېنى چىققۇدەك قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ تاماكىنى قاتتىق شوراپ ئىسىنى پۈۋلۈۋېتىپ:

_ بۇ قايسى قانۇنىڭىزنىڭ قانچىنچى ماددىسى؟ _ دېدى.

شۇئان غەزەپتىن مۇشتلىرىم تۈگۈلۈپ ئورنۇمدا ئولتۇرالماي قالدىم.

_ ھەي!. . . تاماكىنى تاشلامسەن - يوق؟

ئاكاشنىڭ قوپال ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئاكاشنىڭ چىرايىدا بايىقى مۇلايىملىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك نۇرلىرىنى چېچىپ ئىنتايىن تەمكىن ھالەتتە ئاۋۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

_ سىزگە نېمە دەز كەتتى ئەمدى؟ _ دېدى بايىقى قىز بالا قىلچە پىسەنتىمۇ قىلماستىن.

ئاكاش ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قولىغا قۇرۇق پىيالىنى ئالدى - دە، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىشكە تەمشىلىپ قايتا سورىدى:

_ تاشلامسەن - يوق؟

ئۇ بىزەڭ يەنە بىر چاتىقىدا يوق تاماكىنى تېخىمۇ كۈچەپ شوراپ بىزەڭلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئىسىنى پۈۋلىشىگە ئاكاش چىنىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. . .

چىنە ئۇدۇل بېرىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگىلا تېگىپ ئۇنى كەينىگە تىك موللاق چۈشۈردى. ئاكاشنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ئاچچىقلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيتتى. پەقەت كۆكرىكى ئېگىز - ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ پېشانىسىدىكى قانلارنى سۈرتكىنىچە «يۇرە كېتەيلى!» دېسە «خەپ، كۆرسەنغۇ؟!» دېيىشىپ تېز - تېز قەدەملەر بىلەن كېتىپ قېلىشتى. . .

باياتىن بېرى بىزنىڭ ئۈستەلدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي ئويۇن كۆرۈپ ئولتۇرغان كىشلەرمۇ غۇلغۇلا قىلىشنى باشلىۋەتتى:

_ تازا خوپ بولدى، ياخشى گەپ قىلسا ئاڭلىمىغاندىكىن، ئاشۇنداق بولىدۇ.

_ شۇنى دەيمەن، قىز بالا تۇرۇپ تاماكا چەكسە ئۇيات ئەمەسمۇ؟

_ ئاتا - ئانىسى قانداقراق تەربىيلىگە بولغىيتكىن؟

_ خېلى بىر چاغلارغىچە ئۇنتالمايدىغان بولدى - دە؟!

_ ئاۋۇ يىگىتمۇ تازا ئوغۇل بالىدەك ئىشتىن بىرنى قىلدى.

. . .

بۇ ئاكاشتىن ھەم خۇش بولۇپ ھەم سەل قورۇنۇپ گەپ قىلالماي تۇرسام سۇيقاشچى كېلىپ خۇشال ھالدا:

_ ھەجەپمۇ ئوبدان قىلدىڭلار ئۇكام، بۈگۈن سىلەرنى مېھمان قىلاي! _ دېدى.

_ ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ بىز پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدۇق، خىجىل قىلماڭ! _ دېدى ئاكاش خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

_ ھەي. . . ئۇنداق دېمەڭ! ئاشۇنداق تاماكا چېكىپ مىللىتىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىۋاتقان قىزلىرىمىزنى كۆرگەنىدە سىلەرگە ئوخشاش ياخشى گەپ ئۆتمىسە جۇۋالدۇرۇز قىلالايدىغان يىگىتلىرىمىز بەك ئازلاپ كەتتى. شۇڭا ئۇنداق قىزلارمۇ كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن كۈندە دېگۈدەك كۆرىمەن. لېكىن بىز سودا قىلىدىغان بولغاچقا ئۇنداق دېيەلمەيدىكەنمىز. . . _ دېدى سۇيقاشچى سەل خىجىل بولۇپ.

_ شۇنداق ئاكا، مەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلۈمدە يېشىلمەي ئاتقان تۈگۈننى يەشكەندەك بولدۇم، ئەمدى نەدە كۆرسەم شۇ يەردە تونۇيمەن!
_ دېدىم مەن قەتئىيلىك بىلەن.
ئۇ ئاكاش كۈلۈپ كېتىپ سۆيقاشچىغا قاراپ:
_ مۇنداق بولسۇن ئاكا، پۇلىنىمۇ بېرەيلى، مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدىم، مېنىڭچە بۇ ئۆزىمىزنى مېھمان قىلسىڭىز توغرا بولىدۇ!
_ بولىدۇ، بولىدۇ. . . ئىككىڭلارنىلا مېھمان قىلاي! سىلەردەك جىگەرلىك ئەزىمەتلەرنى مېھمان قىلىۋالمىسام قانداق بولىدۇ؟
_ ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ. سىز دېگەن سودا قىلىدىغان. . .
_ بولدى تالاشمايلى! بىر - ئىككى چىنە سۆيقاش سودامنى يىقىتىپ قويمايدۇ. بولدى ھە!؟
_ سىزگە رەھمەت ئەمسە!
_ ھېچقىسى يوق! باشقا نەرسە يېگۈڭلار كەلسە تارتىنماي دەڭلار ھە؟!
_ ماقۇل، رەھمەت!
. . .
سۆيقاشنى بۇ ئاكامدىن پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ئىچكەچ بىردەم - بىردەم ئۇنىڭغا قارىغۇم كېلەتتى. سۆيقاش سوۋۇپ قالغاچقىمۇ بىردەمدىلا ئىچىپ بولدۇق. قايتاشىمىزدا ئاكاش مېنىڭ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

_ بۇرادەر! ئەمدى مېنى دوراپ تاماكا چەككەن قىزلارغا چىنە ئېتىپ يۈرمە يەنە، ئېسىڭدە بولسۇن، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىدە بىز ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز بار! پېشىڭنى قېقىپلا كەتسەڭ مەسئۇلىيەتتىن قاچقان بولىسەن، ئۇنداقلارنى سەن، مەن ئوڭشايمىز! قۇربىڭ يەتكىچە ئامال بار ياخشى يول بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشقىن، بايىقىدەك ھەددىدىن ئېشىۋالغانلارغا ئازراق نېمە قىپ قويساڭمۇ بولىدۇ.
_ ئاچچىقىڭنى كۆرسىتىپ قويساڭمۇ بولىدۇ؟
_ شۇنداق. ئۇلاردىن قورقمايدىغانلىقىڭنى، ياخشى نىيەت بىلەن گەپ قىلغانلىقىڭنى چۈشەنمىگەندە ئاشۇنداق قىل! غورۇرۇڭنى ھاراقەتلىشكە يول قويما!
_ ماقۇل، بىلدىم ئاكا! چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىشقا تىرىشىمەن!
_ ياخشى!
_ سىز بىلەن تونۇشۇپ قالسام بولامدۇ؟ پات - پات ئىزدىشىپ پىكىرلىشىپ تۇرساق دېگەن ئۈمىدتىمەن.
_ بولىدۇ. مېنى سەلكىن مۇنبىرىدىن تاپىسەن، خوش ئەمسە، ئاللاغا ئامانەت!
_ سەلكىندىكى ئىسمىڭىز نېمە؟
ئۇ كەينىگە قارىماي‌لا جاۋاب بەردى:

_ ئۆزۈمچى!
_ ھە؟. . . .

كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ قىن - قىنىمغا پاتمىغان خوشاللىق ئىچىدە ئۇنىڭ مەندىن بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىگە سۆيۈنۈش، ئېتىخارلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە قارىغىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم.
مەن ئۆزۈڭدىن بىرى تونۇشۇپ، سىردىشىپ بېقىش ئىستىكىدە بولىۋاتقان ئۆزۈمچى ئەسلىدە مېنىڭ يېنىمدىلا ئىكەنتۇق. . .

---

## پادىشاھ قىزىنىڭ مۇھەببىتى

**ئۆزۈمچى**

مەن ئۆزۈمدىن باشلىدىم!




Public Service Ads by Google

ئۆننىڭ ئاشۇ چاغدا دېگەن گەپلىرى تا ھازىرغىچە ئېنىق ئېسىمدە. بىر ئوغۇلبالا ئۆچۈن ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن قىزنىڭ ئۆز ئاغزىدىن "قىزلىقىمنى يوقاتتىم" دېگەن گەپنى ئاڭلاشتىن ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك؟! لېكىن ئاشۇ ئازابنى ئۇ ماڭا بەردى. قەلەم، تىل بەزىدە ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىدىكەن. "دەسلەپ ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالغانتىم، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك، چاقچاق چېقىپ پۈتۈن زېمىن دەھشەتلىك تەۋرەپ . . ." دېگەن سۆزلەرمۇ مېنىڭ ئۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. توۋا! ئەنە شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم ياش تۆككەنتىم. بىر قىزبالا ئۆچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ پاك ھېسسىياتىمنىڭ، ئۆنىڭغا ئاتاپ ئىجاد قىلىپ ئېيتقان ناخشىلىرىمنىڭ، قىسقىسى چىن ئەقىدەمنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاپ كەتكەنتىم. ئەگەر ئۇمۇ بىر چاغلاردا "سەرگەردان، كارتوس، بىغەم . . ." قاتارلىق تورداشلىرىمىز بىرلىشىپ يازغان چاتما ھېكايىدىكى قىز پېرسوناژدەك ئارتىستلىققا ئىمتىھان بېرىش ئۆچۈن مېنى ئوبيېكت قىلىپ تاللىغان بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر چاقچاق بوپ قالغان بولسا ۋە ياكى بەزى شېئىرلاردا ئېيتىلغاندەك چۈش بولۇپ قالغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى. لېكىن رېئاللىق ھامان رېئاللىق بولىدىكەن. ئۆننىڭ شۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ دېگەن بىر ئېغىز گېپىدىن كېيىن قىز بالا دېگەن شەيتانغا قەتئىي ئىشەنمەسلا بولدۇم. يۈرىكىم مۇز بولۇپ قاتتى. ئۆزۈمنىڭ 15 ياش ۋاقتىمدىكى سەبىي چاغلىرىمدىن باشلاپ يۈرىكىمنىڭ ئەڭ پاك، غۇبارسىز مۇھەببىتىمنى ئاتىماي بېرىپ ئۆننىڭ بەدىلىگە ئېرىشكىنىم ئازابلا بولدى خالاس. يۈرىكىم قانداقمۇ قاتماي تۇرالىسۇن؟ ئۆنىڭغا يېڭى ئاشىق بوپ قالغان چاغدا تەلەپ قويۇپ قايتا - قايتا رەت قىلىنىپ ئىچىش، چېكىشكە ئۆگىنىپ قالغان ئىدىم. يەنە ئۆننىڭ بىر ئېغىز "مەن ئىچكەن، چەككەن ئوغۇللارغا ئۆچ" دېگەن گېپى بىلەن ئىچىشنى، چېكىشنى تاشلىغان ئىدىم. ئەمدى ئۆننىڭ يەنە شۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئىچىشنى، چېكىشنى باشلىۋالدىم. بىر قىز بالىنىڭ مېنى بۇنچە كونترول قىلىۋالغانلىقىغا قەتئىي ئەقلىم يەتمەيدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بىرەر قېتىممۇ ئىچ - ئىچىمدىن چىقىرىپ كۈلۈپ باقماپتىمەن. قىزلارنىڭ ھەممىسى كۆزۈمگە شەيتان، ھىيلىگەر، قۇۋ . . . كۆرۈنەتتى. ئىللىق مۇئامىلە قىلسا چوقۇم غەرىزى باشقا، دەيتتىم، قوپال مۇئامىلە قىلسا تومۇر تۇتماقچى، دەپ ئويلايتتىم. قىزلار ماڭا گەپ قىلمىسا ئايلاپ - ئايلاپ بىرەر قىز بالىغا ئۆزۈم چىش يېرىپ گەپ قىلغۇمۇ كەلمەيتتى. ئۆزۈم بارلىقىمنى

ئاتىۋەتكەن. "ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بېرىپ بولۇپ بىر گەپ بولسۇن" دەپ قويسا چىن ئەقىدەمنى ئىككىلىمەنمەي باغلىۋەتكەن شۇ بۇزۇقتىن كەلمىگەن ۋاپا باشقىلاردىن كېلەرما؟ ئۇ چاغلاردىكى ئەڭ ياخشى بۇرادىرىم يەنىلا هاراق! مەن هاراق ئىچىپ مەست بولۇۋالسام،لا ئازابلىرىمنى ئۇنتۇپ ھېچقانداق غېمى يوق كىشىدەك ئېچىلىپ كۈلەلەيتتىم. كۈلۈپ ياشىسام، كۆڭلۈم خۇشال بولسىلا بولدى، دەپ قارايتتىم. "تۆت كۈنلۈك ئالەمدە ئازابلىنىپ نېمە كەپتۇ" دېگەن گەپ مېنىڭ تۇرمۇش مىزانىم ئىدى. ئىشقىلىپ كۈندە ئىچىمەن. سورۇن دېگەندە تولا ئولتۇرۇپ ئاغىنە دېگەن بىلەنمۇ تونۇشۇپ، ئۇرۇشۇپ . . . ئۆزۈمنى بەكلا تاشلىۋېتىپتىكەنمەن. قىلغان ئىشلىرىمنىڭمۇ تولىسى چالا. باشلىقتىن كۈندە گەپ ئىشىتىپ گەپلىرىمۇ تەسىر قىلماس بوپ كەتكەن ئىدى. . بەزى چاغلاردا مەست بوپ قالسام كۈلۈپ، تېلىقىپلا قالىمەن. باشقىلارنىمۇ كۈلدۈرۈپ "دۇنيا نېمىدېگەن گۈزەل!" دەپ قالىمەن. يەنە بەزى چاغلاردا مەست بولۇپ قالسام بۇ دۇنيا شۇنداق رەھىمسىز، زۇلمەت بىلىنىپ، ھەممە ئادەم كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغلاردا قەستەن خەقنىڭ گېپىدىن قۇسۇر ئىزدەپ ئىككى ئېغىز ئالدىمغا ئۆتتۈۋالسىلا ئۇرۇپ يا بولمىسا تاياق يەپ. . Â ئىشقىلىپ كۈنلەر شۇ تەرىقىدىلا ئۆتەتتى. مۇھەببەت دېگەنگىمۇ ئىشەنمەسلا بولدۇم. قىزلاردىنمۇ كۆڭلۈم سوۋۇدى. ئىچمىسەم كۈنۈم ئۆتمەيدىغاندەكلا بوپ قالدى.

بىر كۈنى4-5 ئاغىنەم بىلەن ئولتۇرۇپ تازا قىزىپ قالغان چاغ ئىدى. توساتتىن ئارىمىزدىكى بىرەيلەن يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرسىنى چاقىردى. شۇنداق قارىسام نەشە چېكىپ، يانچۇقچىلىق قىلىپ، سېسىق نامى پۇر كەتكەن بىزنىڭ قوشنا مەھەللىدىكى ئالىم چېكىلۇككەن. ئۇنىڭ چېچى ئالدىغا چۈشۈپ كۆزىنىمۇ توسۇۋالاتتى، كەينى بولسا پاتىنىڭدا، ئىككى تەرىپى قۇلىقىنى كۆرۈنمىگۈدەك دەرىجىدە توسۇۋالغانتى. بۇ چاچ پاسونىنى بىزنىڭ تەرەپلەردە ئوغرى - يانچۇقچىلار بەك ياخشى كۆرىدۇ "چېكىلوكتۇ" دەپ. ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن تۈزۈك پاراڭلىشىپ باقمىغان بولسامۇ مىجەزىنىڭ ماڭا ياقمايدىغانلىقى، چىقىشالمايدىغانلىقىمىزنى پەرەز قىلىپ كۆڭلۈمدە "مۈشۈ گۆيىنى بىر ئۇرۇپ ئاچچىقنى چىقىراي" دەپ ئويلاپ، سالمىنىمۇ تۈزۈك ئىلىك ئالماي، گەپمۇ قىلماي ئولتۇردۇم.

باللار ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭدىن گەپ سورىدى:

_ ھە بالاڭزا! نەدىن كېلىپ؟......چاقىرمىسام قارىمايسەن دېگىنە؟!

ئۇ نەشە چېكىۋالغان چېغى. كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، خۇددى توڭگۇزغا ئوخشاپ قالغاندى. ئۇ

كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، قاشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

_ ياق، ياق! . . .

_ بايا باللا بىلەن ئولتۇرۇپ بىر قاپاق جىق كېتىپتۇ - دە، _ دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپى تۈگمەيلا.

_ ئۇنى بىر دېمە...... ھە راست، ئاداش! _ سەن بىلەن تۈنجى قېتىم ئولتۇرىشىمىزكەن. مەن كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈۋالاي ھە؟ _ ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنىمۇ كۈتمەيلا يېنىدىن بىر ساندۇق كۆتۈرۈپ ئەكەپتۇ. يەنە ئىچتۇق. ئىچىپ پاراڭ تازا قىزىغاندا ئۇ نەشخور ئورنىدىن تۇرۇپ: .

_ بايا چېكىپتىمەن، سىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچىپتىمەن. كەينىنى قىلسام ھەممىسىنىلا قىلىدىغىنى مەن. بۈگۈن مەن مېھمان قىلاي، _ دېگەچ ماڭا قاراپ، _ سەن بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق، بۇندىن كېيىن بىرەر ئىش بولسا سېنى ئىزدەيمەن جۇمۇ؟! _ ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ماڭا مەنىلىك ھىجىيىپ قويدى. جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا، دەپ كونىلار ھەجەپمۇ توغرا دەپتىكەن. "ھەقىچان ئەتە - ئۆگۈن ماڭا زاڭ مال ئۆتكۈزگىلى ياكى ساقلاپ بەرگىلى كېلەرسەن؟ ۋاي بولدى جىق ئويلىمايچۇ، ئەتە كىم تونۇيدۇ سېنى" ئىچىمدە شۇلارنى دېگەچ ئۇنىڭغىمۇ مەنىلىك ھىجىيىپ قويدۇم ۋە:

_ چاتاق يوق ئاداش! قولۇم كۆكسۈمدە! _ مەيدەمگە شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ قويدۇم. ئۇمۇ كۈلۈپ كېتىپ: سېنى جىگىرى بار، دەپ ئاڭلىغان......

_ جىگىرىم بولمىسا ئۆلمەمدىم مەن؟ _ سورۇندىن "پاراققىدە" يالغان كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مەن ئوبدان بىلىمەن بۇ گۈيلارنى. ھىجىيىپلا قويسام كۈلمەيدىغان گەپلەرگىمۇ زورلاپ قورساقلىرىنى تۇتۇپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇمۇ كۈلكە ئارىلاش:

_ خا خا خا`````` گەپكىمۇ ئۇستىدە سەن! ماندا بولسۇن، كەيپىڭنىڭ ئاخىرىنى ئايشەم زابوينىڭ كەپسىدە چىقارمامدۇق؟ _ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل جۇدۇنۇم ئۆرلىدى. گەرچە ئۆزەم هاراق ئىچىپ مەست يۈرۈپ زابويلاردىن پەرقىم قالمىغىنى بىلەن ئۇنداق يەرلەرگە قەتئىي ئاياق دەسسەپ باقمىغان ئىدىم. ئۇ دېگەن "ئايشەم زابوينىڭ كەپسى" ئەمەلىيەتتە باشقا يۇرتلاردىن، چەت يېزىلاردىن كەلگەن بۇزۇقلارنىڭ ئۆز تېنىنى ساتىدىغان جايى ئىدى. بۇرۇنمۇ

جىق باللار زورلىغان ئىدى، قەتئىي كىرمىگەن. مېنىڭ نەزىرىمدە ھەققىي ئوغۇل بالا ئۆنداق ئىشنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىدىن باشقىسى بىلەن قىلماسلىقى كېرەك. ئەمما ماۋۇ گۇي كەيىپچىلىكتە ئۆپكىدەك قىزىرىپ، ھە دېسە "نېمە يەيسلەر، نېمە ئىچىسلەر، نېمە چېكىسلەر. . .؟" دەپ ئىككى - تۆت تال پۇلنى كۆز - كۆز قىلىپ ماڭا قوقاق سالماقچى. مەن ئۇنىڭ پۇلنى ھەممىمىز كىرسەك يەتمەيدۇ، دەپ ئويلاپ كەيىپچىلىكتىنمۇ ئىشقىلىپ ئويلانمايلا دەپ سالپتىمەن:

_ چاتاق يوق! ساڭا بۇگۇن بىر قېتىم مېھمان قىلىۋالىدىغان پۇرسەت بېرەي! ئەمما ھەممىمىز ھازىر كىرىپ ئەتە قايتىپ چىقىمىز جۇمۇ!؟

_ چاتاق يوق ئاداش! شۇ يەردىن چىقماي بىرەر يىل تۇرساڭمۇ ماڭا ھېساب! ۋەيـــــــــــت! _ سورۇندىن يەنە ئەبجەش كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

_ سەن ئەمەس مەن، قىزبالىنىڭ قۇچىقىغا كىرىۋېلىپ ئانىسىنى ئەسلەيدىغان. ۋەيت! _ دېدىم مەن.

ئۇنى گەپتە چېقىۋالدىم دېگىنىم بىلەن ئىچىمدە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى. كاللامۇ خېلى قىزىپ گەپتە سەندىن قالامدىم، دەپ سۆزلەۋېرىپتىمەن.

_ غەيرەت ئاداش! ئۇ يەرگە كىرىپ باققاندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟ ۋەيـــــــــــت~!

يېنىمدا ئولتۇرغان مەمەت تۇماقنىڭ بۇ گېپى بىلەن ھەممەيلەن بايىقىدىنمۇ بەكرەك سەت چىقىرىشىپ كېتىشتى. مەمەت تۇماق مەن بىلەن باشقىلارغا قارىغاندا خېلى يېقىن ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇرۇن باللا شۇنچە زورلىسىمۇ قەتئىي كىرمىگەنلىكىمنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا بايىقى ھەزلەك سۆزنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇردى:

_ ئاغىنەم، قارىغاندا "قىز" كەنسەندە؟ ۋەيـــــــــــت!

قەستەن ئاچچىقىمنى كەلتۈرمەكچى بولغاندەك قورساقلىرىنى تۇتۇپ قېقىلىپ - قېقىلىپ كۈلەتتى.

._ مەن باغۇ قارا! كۈندە ساڭا ئوخشاش كەيپى توشۇپ قالغان باللانى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن شۇ يەرگە كىرىپ رەسمىيەت ئۆتتۈېتىپ ئۈخلىمسام، ئۇيقۇم كەلمەيدۇ!

ئامالنىڭ بېرىچە ئۇنىڭدىن ھەرقانداق تەرەپتە ئۇستۈن تۇرىدىغانلىقىمنى ئىسپاتلىماقچى بولدۇم.

_ ئەمسە بۇ يەردە قۇرۇق گەپ ساتماي كىرىپ چىقمامدۇق؟

_ كىرسەك كىردۇق!

_ يۈرۈڭلار ئەمسە!......... _

"تويە مانا! گەپدانلىق قىلمەن، دەپ ساڭا نىم قويۇپتۇ؟" ئىچىمدە ئۆزۈمنى ئەيىپلەيتتىم. نامنى ئاڭلىسامۇ قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرۇپ، ئىشك ئالدىدىن يولنىڭ ئۇ چېتىدىن ئۆتسەممۇ قۇسقۇم كېلىدىغان، بارچە ئىپلاسلىقنىڭ ئۇۋىسىغا ئۆز رازىلىقىم بىلەن كېتىۋاتىمەن. دەسلەپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەيدەمنى كېرىپ قويۇپ ماڭغان بولسامۇ ئۇ يەرگە يېقىنلاشقانسېرى ئۇلار بىلەن تەڭ مېڭىپ يەنە ئاستا - ئاستا كەينىدە قالدىم. ئۇلاردىن بىر ئامال قىلىپ ئايرىلىپ ئۇ يەرگە كىرمەسلىكنى ئويلايتتىم. لېكىن ئوغۇلبالىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گېپىنى قايتۇرۇۋېلىشى تازا ئەقىلگە سىغمايدۇ - دە!؟ مېڭىۋاتىمەن، مېڭىۋاتىمەن . . . ئۇلارنىڭ ھەزىل چاقچاقلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. كاللامدا چىگىش خىيال. مېنىڭ شۇ يەرگە كىرمەيدىغان مىجەزىمنىمۇ خېلى ھۆرمەتلەپ بېشىدا كۆتۈرىدىغان ئاغىنىلىرىم باتتى.ئەگەر بۇ ئىش قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ ئۇلار بىلىپ قالسا ئۇلارنىڭ يۈزىگە قارارمەن؟ ھـــــــــــي........ دەسلەپتىلا ئۇرۇپ ئاغزى - بۇرنىنى ماكچايتىۋېتىدىغان ماز گۇيكەنتۇق ئۇ! كېتىۋاتىمەن. . .

_ ئاداش! قورقۇۋاتامسەن؟ _ ئاۋۇ گۇينىڭ سېسىق گېپى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى، _ قورقما! مەن با!

_ ماڭەۋا! بېشىم سەل قېيىۋاتىدۇ شۇ. ھېچ گەپ يوق!

شۇ باھانە بىلەن يول ياقىسىدىكى دەرەخقە تايىنىپ يەنە ئويلاندىم. توساتتىن كۆڭلۈم "پاللىدە" يورۇپ كەتتى. "توغرا! ئۇ يەرگە كىرەي، كىرىپ ئاشۇ بۇزۇقلارغا ئۆزىگە ئوخشاشلارنى كۆرسە قۇسقۇسى كېلىدىغان، قىلچە كۆزىگە ئىلمايدىغان ئوغۇللارنىڭ كۆپلىكىنى، ئۇزىنىڭ جەمئىيەتنىڭ داشقىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قوياي! ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنى ئۇنچىۋالا قالتىس چاغلاپ كەتمەيدىغان بولسۇن!" بۇ ئەقلىمدىن شۇنداق خۇش بولدۇم. قايتىدىن قەددىمنى رۇسلاپ يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭدىم. . .

بۇ جىنايەت كامىرىغىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ئىشك ئالدىغا كېلىپ بىرەر تونۇش كىشلەرنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىپ توختىماي ئەتراپىمغا قارايتتىم. مانا! بوسۇغىدىنمۇ ئۆتتۈم. كىرىپلا بىر خىل قاڭسىق پۇراق كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى. كىرىۋىدۇق ئىككى ياندا ئولتۇرغان "خېنىم" لار ئورۇنلىرىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇشتى. قارا

ماۋۇلارنىڭ ھالىنىڭ چوڭلىقنى؟ تېنىنى پۈلغا ساتىدىغىنىغا . . . قاراشلىرىدىن ئۆرگىلەي! كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پۈتۈمنىڭ ئۇچىدىن بېشىمنىڭ دوقىسىغىچە قاراپ قويۇشلىرى ئوغامنى قايىنتىپ. ئارىدىن سېمىز، ئاق يۈزلۈك، گىرىمنى نېسگە ئالغاندەك قىلىۋالغان، بەدىنىدىكى گۆشىنىڭ نەچچىگە بۆلۈنگەنلىكىنى سانىۋالغۇدەك بىرى كېلىپ سېغىزنى ئۆچى باردەك چاينىغاچ سەت ھجىيىپ:

_ نەچچە ئادەم؟ _ دەپ سورىدى.

ئۇ مەندىن 2 - 3 قەدەم نېرى تۇرسىمۇ تېنىدىن چىقىۋاتقان كۈچلۈك ئەتىر پۇرىقى بىلەن ھاراق پۇرىقى بۇرنۇمغا گۈپپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

_ ئۆزەڭ ساناپ باقمامسەن؟ _ ئۇنىڭغا قارىماي باشقىلارغا كۆز يۈگۈرتكەچ جاۋاب بەردىم، _ دەسلەپ ئولتۇرغاندا يالغۇز ئىدىم، كەينىمدىن بىر نەچچىسى كەلدى، بۇ يەرگە ماڭغاندا 3 - 4 سى قوشۇلدى، يولدا 10 - 20 سى بار. . .

_ ئاداش كۆڭلۈڭگە ياققانىنى تاللا! كۆزۈڭ چۈشكەننى، دەي دېسەم سېنىڭ بۇنداق قىزلارغا كۆزۈڭ چۈشمەيدۇ، _ دېدى مەمەت تۇماق يېنىمغا كېلىپ بوش ئاۋازدا.

_ ھــــــــــوي! بۇ ئاداشنىڭ خېلى ئوقۇرى ئېگىز ئوخشىمامدۇ؟ سىزلەپ گەپ قىلسام سەنلەيدىيا؟ _ دېدى بايىقى پور كۆتەك سېغىزنى چاينىغاچ ئىككى مېتر ئالىيىپ. توساتتىن نەزىرىم بۇ يەردىكى گەپ - سۆزلەر بىر خىيالىدا يوق مۈشۈك ئويىناپ ئولتۇرغا بىرىدە توختىدى. ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش نېپىز، بەزىبىر يەرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىيىم كىيمىگەن ئىدى. شۇنداق ئاددىي كىيىنگەن، گىرىمنىمۇ سۇسلا ماسلاشتۇرۇپ قىلغان بولۇپ ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى باشقا يەرلەردە كۆرسەڭ ئۇنىڭ بۇ يەردە تېنىنى ساتىدىغانلىقىنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمەيسەن. پور كۆتەكنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرمايلا ئۇنى چاقىردىم:

_ ئاۋۇ . . . _ ئۇ كۆزىنى توسىۋالغان چاچلىرىنىمۇ ئوڭشىماستىن ماڭا ھېچقانداق ئىپادىسىزلا قارىدى، - ھە ئە، سېنى دېدىم. سېنى بىر ئاخشام سېتىۋالايچۇ!

_ ھوي! سېتىۋالايچۇ، دەپ . . . بوتكىدىكى پۈتىڭىز ئەمەس ئۇ! چىرايلىق گەپ قىلمامسىز؟ _ پور كۆتەك چالۋاقاپلا كەتتى، _ قانداق دېگەن بالا بۇ؟ قارىسام خېلى ئوڭ، قاملاشقان بالىكەنسىز، ئىلمىي گەپ قىلىپ خۇشال ئويناپ

چىقىپ كەتمەمسىز؟ ھازىرقى بالىلارنىڭغۇ چىرايىغا قاراپ باھا بەرگىلى بولمايدىكەن . . .

ئۇنىڭ گەپلىرىگە چىدىمىدىم.

_ ئىشىڭنى قىلەۋە بۇزۇق! ساڭا گەپ قىلغۇمىۇ يوقلىقنى بىلمىدىڭما؟ نېمانداق ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىسەن، سەت كۆرۈنۈپ؟!

_ كىم بۇزۇق كەن؟ _ ئالدىمغا دېۋەيلەپ كېلىدۇ، _ ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە جۇمۇ ھاراملىق!

_ نېمە دېدىڭ؟ _ دەپ قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا تەمشەلدىم.

_ دەيمەنغۇ تازا! ھارامــ........

"پـــاڭ!!!!!!"

بار كۈچۈم بىلەن بىر تەستەك سالپتىمەن. پور سېسىق يەرگە "پاققىدە" يىقىلىۋىدى. كۆڭلۈمدە ئۇرۇپ، دەسسەپ باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن، دېگەن ئوي كېچىپ مۇشتۇمنى تۈگۈپلا ئالدىمغا ماڭدىم. ئاڭغىچە بايىقى مەن تاللىغان "خېنىم" قولۇمدىن تارتقىنىچە يەر ئاستى ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى. بەك مەست بولغاچقىمۇ ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقالمىدىم. سىرتتا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەيمەن. ئۇ مېنى ياتىقىغا ئەكىرىپ بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ماڭا تەڭلىدى.

_ سەن كالپۇكۇڭنى تەگكۈزۈپ قويغان تاماكىنى چېكەمدىم؟ _ كۆزۈمنى چوڭ ئېچىپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم. ئۇ باشقا بىر تال تاماكىنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى ۋە چاقماقنى يېقىپ:

_ ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭ! ئىشىنىڭ كەينىنى ئويلىمايدىكەنسىز!

تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ كۈچەپ شورىغاچ بۇ گۇناھ پۇراپ تۇرىدىغان كامىرغا سەپ سالدىم. كامىر كىچىكلا. ئىشىكتىن كىرىپ ئۇدۇلدا كىيىم ئىشكاپى، ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ چوڭايتىپ چاپلاپ قويغان سۈرىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ سۈرەتتىكى ھالىتى شۇنچە ئوماق، سەبىي. كۆڭلۈمدە "چوقۇم بۇزۇلمىغان چاغلىرىدا چۈشكەن سۈرەت" دەپ ئويلىدىم. سول تەرەپتە ئىككى ئادەم قىستىلىشىپ پاتقۇدەك كارىۋات. كارىۋاتنىڭ ئايىقىدىكى تەكچىدە 3 - 4 تۆت تەشتەك ئەتىرگۈل. تاملاردا جېكسون، لىيۇدېخۇا، چېڭلۇڭ، جەنفور . . قاتارلىق مەنمۇ ياخشى كۆرىدىغان چولپانلارنىڭ رەسىمى چاپلاقلىق ئىدى. يەنە تامغا غوۋا يېنىپ تۇرىدىغان قىزىل رەڭلىك ياڭاق چوڭلۇقىدىكى

چىراقلار يۇرەك شەكلىدە ئېسىقلىق. ئەگەر بىرەر قىز دوستۇمنىڭ ھوجرىسى بولغان بولسا يېرىم سائەت توختىماي ماختاركەنمەن.

_ ھۇجرام بوپ قويامدىكەن؟ _ ئۇ كۈلۈمسىرەپ مەندىن سورىدى.

_ مۇشۇنىمۇ ھوجرا دەمدا؟ توخۇ كاتىكىغا يەتمەيدىكەن.

گەپتە ئۇنى چۈشۈرۈشنىلا ئويلايتتىم. كۆڭلۈمدە بولسا"ھەممە ئوغۇللار ماختاپ مۇشۇ ھالغا قالغان ئادەمسەن، بۈگۈن ماختىمايدىغان يىگىتكە ئۇچرىدىڭ!" دەپ ئويلايتتىم.

_ ئۇغۇ شۇ! قېنى ئولتۇرۇڭ! _ دېدى ئۇ مېنى كارىۋاتقا تەكلىپ قىلىپ. مەن ئاستا كېلىپ بىر قولۇمدا تايىنىپ پۈتۈمنى ئالماپ ئولتۇردۇم.

_ بايا مېنى ئىشنىڭ كەينىنى ئويلىمايدىكەنسەن، دەيسەنغۇ؟ سەن خاتالاشتىڭ! مەن بۇنداقلاردىن قورقۇپ قالمايمەن. يامنى كەلسە بىر ئۆلۈم!

_ مەن سىزنى ئويلىمايدىكەنسەن، دېمىدىم. ئويلىمايدىكەنسىز، دېدىم، _ دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

قىزلار مېنى "سەن" دېسە ئاچچىقىم كېلەتتى، بۇ مجەزىمنى قانداق بىلگەندۇ؟ ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

_ مەن بىلمەن، سىز بايىقى ئاغىنىلىرىڭىزگە ئوخشىمايسىز. ئويلاپ باقمامسىز؟ بۇ يەردە جېدەل چىقارسىزچۇ ساقچىلاپ تۇتۇپ كەتسە ئاتا - ئانىڭىز، خۇلۇم - قوشنىلىرىڭىز، تونۇش - بىلىشلىرىڭىز سىزنىڭ قەيەردە جېدەل چىقارغانلىقىڭىزنى بىلسە يۈزىڭىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىسىز؟

قارىماققا ئۇ ئەستايىدىل گەپ قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆزەمنىڭ بۇ ئىشلارغىچە ئويلاپ كەتمىگەنلىكىمنى ھېس قىلىپ سەل خىجىلمۇ بوپ قالدىم. ئەمما گېپىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي ئۇنىڭ تاماكا چېكىشكە تەمشەلگەنلىكىنى كۆرۈپ گەپنى بۇرىدىم:

_ تاماكا چەكمىگىنە! قىزلارنىڭ تاماكا چېكىشىنى ياقتۇرمايمەن! ,

_ ماقۇل!

ئۇ تاماكىنى تاشلىۋەتتى. چىرايىدىن بىر خىل خۇشاللىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

_ نېمىشقا ياقتۇرمايسىز؟

سورىغاچ بىلىكىمگە ياماشتى.

_ سەنمۇ چەكسەڭ، مەنمۇ چەكسەم ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا نىم پەرق قالىدۇ؟ _ ئاندىن ئۇ ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا دېدىم:

_ قولۇمنى قويىۋەت!

قولۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزماسلىقنى مەقسەت قىلىپ كىرگەن تۇرسام مەن. ئۇمۇ قولۇمنى قويىۋەتتى ۋە تورۇسقا قارىغاچ:

_ سىز بىر كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قېلىشقا ئىشنەمسىز؟ _ دەپ سورىدى.

_ مېنى بىر كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان قىزلار جىق! ئىشىنىمەن.

ئەمەلىيەتتە ئىشىنىشىم قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ مەن 4 - 5 يىل قوغلىشىپمۇ ياخشى كۆرۈلۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان تۇرسام. پەقەت ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچىلا بولاتتىم.

_ مەنمۇ سىزنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئىشىنەمسىز؟ _ دېدى ئۇ.

_ بەلكىم ياخشى كۆرۈپ قالغانسەن، مەندە چىراي دېسە چىراي بار. بەدىنىممۇ ئۇسسۇل ئارتىستلىرىدىن قېلىشمايدۇ. بولىدىغان، تارازىدا توختايدىغان گەپ قىلىمەن. ئۇششاق - چۈششەك، ئاقمايدىغان پاراڭ سالمايمەن. _ ئۆزەمنى ماختاپ قويدۇم.

_ ئانچە - مۇنچە ئۆزىڭىزنى ماختاپمۇ قويىدىكەنسىز ھە؟ ھى ھى ھى...... _ ئۇ كۈلگەچ يەنە بىر تال تاماكا تۇتتى. تاماكامنى تۇتاشتۇرغاندا كۆزۈمگە مختەك قادىلىپ مەنىلىك قارايتتى. لېكىن سەزمىگەنگە سېلىۋالدىم. _ ماختىغۇچىلىكىم بار ئۆزەمنى، شۇڭا ماختايمەن. سەنمۇ ماختىغۇدەك تەرىپىڭ بولسا ماختىمامسەن ئۆزەڭنى؟ _ غەزىپىم قايتىدىن ئۆرلەۋاتاتتى.

_ مېنىڭغۇ ماختانغۇدەك تەرىپىممۇ يوق . . .

_ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە؟ نېمىگە ماختىناتتىڭ؟ ئوغۇللارنى ئالداپ، تېنىڭنى سېتىپ، مىللىتىمىز ياشلىرىنىڭ روھىنى چىرىتىپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەنلىكىڭگە ماختىنامتىڭ؟ ئىست، ياشلىقىڭ!

نى - نى ئوغۇلباللارنىڭ قەلبىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى، كەلگۈسىگە بولغان جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ ئاخىرى مىللىتىمىزنى سېستىپ تۈگەشتۈرىسىلەرغۇ سىلەر! ئىست، ئاتا - ئانامنىڭ سېنى باققان ئەجرى! ئاكاڭ ياكى ئىنىڭ بوپ قالغان بولسام سېنى كۆيدۈرۈپ كۈلۈڭنى ئادەم ئاياغ باسمايدىغان يەرگە . . . _ ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ بوش ئاۋازدا دېدىم، _ تۇپراقمۇ ئۆز قوينىغا ئالمايدۇ سەندەكلەرنى!

ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. مەن گەپلىرىم بۇنداق تەسىر قىلمىدى، ئۇمېنىڭ ھېسسىداشلىقىمغا ئېرىشمەكچى بولىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

_ سىز دېگەندەك ئاكام ياكى ئىنىم بوپ قالغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى، _ ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەك ئارىلاش چىقىۋاتاتتى.

_ ئاكاڭ ياكى ئىنىڭ بولمىغىنى بىر ھېسابتا ياخشى بوپتۇ. بولمىسا ئۇلار قانداقمۇ يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەر؟ ئويلاپ باقمامسەن ھەي، رەسۋا! ئاناڭ ئۆز قىزىنىڭ تېنىنى سېتىپ يۈرگىنىنى بىلسە نومۇستىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالا؟! ئاتاڭ بىلسە ياشاشتىن ئۈمىدىنى ئۈزەر بەلكىم؟

_ ئۇنداق قىلمايدۇ.......

ئۇ ئەمدى ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. قىز بالىنىڭ يېشىغا ئىشەنمەيمەن مەن. يىغلىساڭ يىغلاۋەر! بەش - ئون مىنۇت يىغلاپ توختاپ قالسەن، دەيتتىم ئىچىمدە.

_ تولا سۈيدۈكۈڭنى ئاققۇزۇپ مېنى ئالدايمەن دېمە! قىز بالىنىڭ يېشىنى جىق كۆرگەن مەن! _ دېدىم مەن. ئۇنىڭ يىغىسى بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتاتتى.

_ ئەمدى يىغلىساڭ يەيسەن جۇمۇ؟

شاپىلاقنىڭ تەتۈرىنى تەڭلەپ تۇردۇم. ئەگەر توختىمىسا ئۇرۇپ، دەسسەپ تازا ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالماقچى بولغانتىم. بۇنداقلارغا گېپىممۇ خېلى توشۇپ قالغانتى. ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ يىغلىماسلىققا شۇنچە تىرىشسىمۇ ئۆپكىسىنى باشقۇرالمايۋاتىلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. "بوپتۇلا، يەنە بەش مىنۇت يىغلىسا ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ" دېدىم ئىچىمدە. ئۇ دېگەندەك بىردەم يىغلىۋېلىپ ئالدىمغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

_ رەھمەت مېنى مۇشۇنداق تىللىغىنىڭىزغا، مۇشۇنچىلىك گەپلەرنى قىلىپ بەرگىنىڭىزگە! بۇنداق گەپلەرنى ھەر قانداق ئادەمدىن ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. سىز راستلا مەن ئويلىغاندەك بالىكەنسىز. ۋىجدانلىق . . .

_ ۋاي ، ۋاي ، ۋاي! بولدى قىلە!سېنىڭ قىلتىقىڭغا چۈشىدىغان غەيرەت ئەمەس مەن! _ مېنى كۆپتۈرۈپ ماختىماقچى بولمانلىقىنى بىلىپ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم.

_ راست دەۋاتىمەن. سىزنى ئالدايمەن دېمىدىم، _ ئۇ ئالدىمغا كېلىپ يەردىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، _ يىغامنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت! ئىچىم خېلى بوشاپ قالدى، ھى ھى . . . _ كۈلۈپ قويدۇ تېخى. "ئىشتىنىڭ پاسكىنا بولىدۇ"مۇ دېمىدىم. پۇلى جىق بولغاندىكىن ئەپ كىيەر! كاللامدا نۇرغۇن خىيال. ئوقۇغان ئەسەرلىرىمدىكى ھەر خىل سەۋەبتىن بۇ يولغا ماڭغانلار؛ بىلىپ - بىلمەي بۇ يولغا كىرىپ قېلىپ چىقالمايۋاتقانلار؛ بىلىپ تۇرۇپ كىرىپ، بىلىپ تۇرۇپ چىقمايۋاتقانلار . . . ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرىنىڭ تېگىدە چوقۇم گەپ بار، دەپ ئويلىدىم. مىللىتىمىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ھەرگىزمۇ قىزىنىڭ تېنىنى سېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يول قويىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغاندۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆزىدىن ئاڭلىماقچى بولدۇم.

_ بايا نېمىشقا ئۇنداق قىلمايدۇ، دەيسەن؟ ئاتا - ئاناڭ بىلەمدا؟ نېمىشقا توسۇمايدۇ؟ _ دەپ سورىدىم مەن.

ئۇ بىردەم بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

_ ئەسلى ھېچكىمگە دەپ باقمىغان بۇ ئىشلارنى، سىزگە دەپ بېرەي. ئىچىم بوشاپ قالار، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، سىز باشقىلارغا دەپ داۋراڭ سېلىپمۇ يۈرمەيسىز. ئەتە - ئۆگۈن باشقا جايلاردا ئۇچرىشىپ قالسامۇ تونۇماسقا سېلىۋالسىز ھەقچان!

مانى قارا؟ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا، دېمىسىمۇ كېيىنچە باشقا جايلاردا ئۇچرىتىپ قالسام ئەلۋەتتە تونۇماسقا سېلىۋالىمەن - دە؟ يېقىن تونۇشۇمدەك مۇئامىلە قىلسام بولالاتتىمۇ ئەمسە؟ قارىغاندا بۇمۇ خېلى ئەقىللىقكەن جۇمۇ! ياخشى، مەن مۇشۇنداقلار بىلەن ئەقىل سىنىشىدىغانغا ئامراق.

بەلكىم كۈلۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشىم مۇمكىن، _ دېدىم ئىپادىسىزلا ئۇنىڭغا قاراپ.

_ ھې ھې.......... دېگىنىمدەك چىقىۋاتىدۇ گەپلىرىڭىز. مەن سىزگە پىۋا ئەكىرىپ بېرەي، مەن سىزگە گەپ قىلىپ بەرمىسەم بايا مېنى سېتىۋالدىم، دېگىنىڭىز بىلەن قولۇڭىزنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمايسىز ھەقچان؟ _ دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرغاچ ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ. تو‌ۋا~~~~~~~~~~! ئەجەپ يامان نېمىكەنا؟ لېكىن بۇ يەرنىڭ

پۇلىسنى سىرتتىن نەچچە ھەسسە قىممەت، دەپ ئاڭلىغان. بىكاردىن - بىكار مېنى گەپكە سېلىپ يالغان ھېكايىدىن بىرنى توقۇپ مېنى قويماقچى بۇ!

_ ۋاي، بولدى. پىۋا ئىچمەيمەن.

_ خاتىرجەم بولۇڭ! مەن مېھمان قىلمەن. قويمىچى كۆرۈۋاتىسىز ھە؟

_ ئۇنداق بولسا ئىختىيارىڭ. مېھمان قىلمەن دېسەڭ يانمايمەن!

_ ئوماقلىقىنى . . .

ئۇ شۇنداق دېگەچ چىقىپ كەتتى. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ ھېكايىسىنى پەرەز قىلىۋاتاتتىم. "ئۇ ھېكايىنى باشلىسا ئاخىرىنى مەن چۈشۈرىۋەتسەم مېنى ئالدىيالمىغانلىقىغا قايىل بولسا . . . ئەمما ئاتا - ئانىسى بىلىپ تۇرۇپ يول قويغان ھېكايىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن. مابىتى بۇزۇۋېتىپ تاشلىۋەتكەن بولسا ئوغۇلبالىنىڭ دەردىدە مۇشۇنداق بوپ قالغانمىدۇ يە؟ ئۆگەي دادا ئۆگەي قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغان بولسىچۇ؟ ئۆگەي ئاپا ئۆگەي قىزنى باشقىلارغا تۇتۇپ بەرگەن بولسىچۇ؟ ئۆيى نامرات بولسا ئۆيدىكىلەرنى بېقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ يە؟ ياق، ياق! نامرات ئادەملەردە پۇل بولمىغان بىلەن ۋىجدان بار. ھەرگىز بۇنداق ئەخلاققا مۇخالىپ ئىشلارنى قىلمايدۇ. . . ئىشىك ئېچىلىپ ئۇ تۆت بوتۇلكا پىۋىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

_ قانداق ھېكايىدۇ، دەپ پەرەز قىلىۋاتامتىڭىز؟ خىيالىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم ھە؟ ھى ھى . . . _ ئۇ شۇنداق دېگەچ پىۋىنى كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئالدىدىكى گىرىم بۇيۇملىرى قويىدىغان جايغا قويدى. تىۋۋا، تىۋۋا~~~! جىنمۇ نېمە ماۋۇ؟ نېمە ئويلىسام شۇنى بىلىۋېلىۋاتىدا؟ شۇنداق بىلىندۇرمەيمەن، دەپ كىرسەم بۇ يەرگە! ئۇ پىۋىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاچ سورىدى:

_ بايا ئاغىنەم سۈيۈقتىن بىر بولاق بېرەيمۇ، دېۋىدى، _ ئۇ شۇنداق دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋۋەتتى. مانا! ئەمدى خاتالاشتىڭ! مەن ئەزەلدىن نەشە چەكمەيمەن. ئۇنىڭغا "كۆتە ئۇنداق نەرسەڭنى!" دېمەكچى بولۇشۇمغىلا پىۋىنى رومكىغا قۇيۇپ ماڭا قاراپ:

_ لېكىن سىزنىڭ چەكمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلگەچكە كۆتە ئۇنداق نەرسەڭنى، دەپ ئالمىدىم. _ ئۇ شۇنداق دېگەچ رومكىنى ماڭا ئۇزاتتى. مەن قېتىپلا قالدىم. قانداق بىلىۋالغاندۇ بۇ؟ رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ ئىچكەچ ئۇنىڭغا قارىدىم.

_ ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنى چۈشەنمەك بەك تەس ئەمەس. بولۇپمۇ بۇنداق جايدا ھېچكىم ئەپتى - بەشىرىسىنى يوشۇرالمايدۇ، ياسالمىلىق قىلسا زىيان تارتىدىغان تۇرسا؟ ھەيران بولماڭ! مەن يەنە سىزنىڭ بۇنداق يەرگە تۇنجى قېتىم كىرگەنلىكىڭىزنىمۇ ھەم قىزلار بىلەن ئۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغىنىڭىزنىمۇ بىلىمەن. مېنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالىسىز!

_ سېنى چۈشىنىپ نېمە قىلاي، _ رومكىنى ئۇنىڭغا بەرگەچ دېدىم، _ مەن بىرسى بىلەن يۈرۈپ باقمىغان شۇڭا ئۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىدىم. ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم بىلەن قانداقمۇ ئۇنداق ئىشنى قىلغۇسى كەلسۇن ئادەمنىڭ، _ دېدىم مەن. بۇ گەپلەرنى ئەزەلدىن بىر قىز بالا بىلەن دېيىشىپ باقماپتىكەنمەن. خىجىل بولغاندەك بولدۇم، تۇرۇپلا نېمىشقا بۇنداق نېملەردىن خىجىل بولغۇدەكمەن، دېگەن خىيالىم ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللىدى. ئۇمۇ بىر رومكىغا پىۋىنى قۇيۇپ ئىچمەكچى بولىۋىدى ئەمدى گەپ قىلاي، دېسەم:

_ ھى ھى...... ئىچمە، دېمەكچىمۇ؟ خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ! ئوينىشىپ قويدۇم. سىز خاپا بولسىڭىز بەك ئوماقلىشىپ كېتىدىكەنسىز، _ شۇنداق دېگەچ رومكىنى ماڭا بەردى. كۆڭلۈمدە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىۋالغىنىغا تېخىچە ئەقلىم يەتمەيۋاتاتتى.

_ كىچىك ۋاقتىمدا بىر قىز بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆيدە مېنىڭ گېپىم گەپ ئىدى، _ ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ كۆزىنى كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدىكى رەسىمگە تىككىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى، بىر ئۇزۇن ھېكايىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، پىۋىلارنى يېنىمغا ئەكېلىۋېلىپ كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىگە سۈرۈلۈپ تامغا يۆلىنىپ ئاڭلىماقچى بولدۇم. قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى ئەستايىدىل، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشقا ئۈندەيتتى.

_ قىز بالا بولسامىمۇ بەك شوختۇم، _ دېدى ئۇ، _ دائىم ئوغۇللارنى بوزەك قىلىپ ئويناپتتىم. باشقا قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى مەن بىلەن بىللە ئوينىشىغا قوشۇلمايتتى ھەم مەنمۇ قىزلار بىلەن ئويناشنى خالاپمۇ كەتمەيتتىم. دادام زەرگەرچىلىك قىلاتتى. ئېسىمگە كېلىپ پۇلدىن قىسىلىپ باقماپتىمەن. قاچانلا سورىسام قانچىلىك سورىسام بېرىۋېرەتتى. بىر قىز، دەپ مېنى بەك ۋاي دەيتتى. ئاپام بولسا ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى قىلغاچ قولۇم - قوشنىلارنى ئانچە - مۇنچە يىپ - يىڭنە ئىشلىرىنى قىلاتتى. پۇل ئۈچۈن ئەمەس، بىكارچىلىقتىن

زېرىكمەسلىك ئۈچۈن قىلاتتى. مەكتەپتىمۇ تۈزۈك ئوقۇغۇم كەلمەدى. ھە دېسە باشقىلارنى بولۇپمۇ ئوغۇللارنى بەك بوزەك قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىرىمغا شۇنداق سەت كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىدىم. شۇڭا باشلانغۇچنى مىڭ تەستە پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇم كەلمەدى. دادامنىڭ كۆندە دۇكانغا پۇل سورىغىلى بىر - ئىككى قېتىم بېرىپ قويغىنىمغا خۇش. باشقا ئىشلىرىم بىلەن كارى بولمايتتى. ئاپام يۈرۈش - تۇرۇشۇمنى سورىسىمۇ قوشۇمامنى تۈرۈپ، ئالىيىپ قويساملا ئالدىمدا پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى. . .

_ ئائىلە تەربىيىسى بىر بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. سېنى بەك ئەتىۋارلىۋېتىپتۇ. خىيالىمدا يوق دەپ سايتىمەن.

_ئۇنداق ئەمەس، _ دېدى ئۇ، _ دادام ماڭا پۇل بېرىۋەرگەن بىلەن ئايلاپ گەپمۇ قىلمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى چوڭ بولغاندا بىلدىم. ئەسلى مەن ئاپامنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىمدا مېنى تەكشۈرۈپ قىز بالا ئىكەنلىكىمنى بىلگەن چاغدا دادام مېنىڭ تۇغۇلۇشۇمغا قوشۇلماپتىكەن. قىز بالا ئۆيدىكىنى تالاغا توشۇيدۇ، دەپ ئاپامنى مېنى ئالدۇرۇۋېتىشقا قىستاپتىكەن، ئاپام ئۇنىماپتۇ. ئۇ چاغدا كۈندە ئۇرۇش - جېدەل بولۇپ تۇراتتىكەنتۇق. بىر نۆۋەت مەن تۇغۇلۇشقا ئاز قالغان چاغدا قاتتىق ئۇرۇشۇپ دادام ئاپامنىڭ قورسىقىغا بىرنى تېپىپتىكەن ئاپام بىر ئىگىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرالماي قاپتۇ. دادام ئاپامنى دوختۇرغىمۇ ئاپارماپتۇ. قولۇم - قوشنىلار كىرىپ ئاپامنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپتىكەن مەن ساق تۇغۇلۇپتىمەن. لېكىن ئاپام بۇنىڭدىن كېيىن پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەس بولۇپ قاپتۇ. دادام بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسنى مەندىن كۆرىدىكەن. ئاپام بولسا مېنى "خۇدا بەرگەن بالام" دەپ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنى بەكمۇ كېچىكىپ ھېس قىپتىمەن.

_ قاچان ھېس قىلدىڭ؟ _ بۇ ھېكايىغا قىزىقىپلا قاپتىمەن

_ توي قىلىپ بولۇپ.

_ نېمە؟ سەن تېخى توي قىلىپ بولغانما؟ _ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن.

_ شۇنداق. لېكىن ئۈچ يىل ئۆي تۇتۇپ ئاجرىشىپ كەتتىم.

_ھە؟ _ ئىشەنمەيلا قالدىم، _ قارىسام مەندىن كىچىكتەك تۇرىسەن. . . سەن قانچە ياشتا توي قىلغان؟

_ 16 ياشتا، _ ئۇ ھېچ ئىپادىسىزلا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، _ ئۇ چاغلاردا مەن توي قىلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ

---

بىلمەيتتىم.

_ ئەمىسە توي قىلمىساڭ بولمامدۇ، بىلمىگەندىكىن.

ئۇ سۆزكۆلۈمسىرەپ قويۇپ چىرايىغا ئۆچمەنلىك، يىرگىنىشلىك نۇرى چاچتى.

_ ھەممىسى ئاشۇ دادامنىڭ ئويۇنى! ئەينى ۋاقىتتا مەن بىر ئوغۇلبالىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. ئۇ باشقىلارغا ئوخشىمايتتى. ئىنتايىن جىمغۇر، لېكىن مەن بىلەن بىللە بولسا شوخلىشىپ كېتىدۇ، _ ئۇنىڭ ئىللىق تەبەسسۇم ئەمدىلا يۇگۈرگەن چىرايىنى يەنە ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان غەمكىنلىك قاپلىدى، _ ھەممە ئىشتا مېنىڭ گېپىمنى يېرمايدىغان دادام شۇ بىر ئىشتا گېپىمگە كۆنمىدى. بىر ئاغىنىسى بولىدىغان ئۇ ئاغىنىسىمۇ زەرگەر مەندىن سەككىز - ئون ياش چوڭ بالىسىغا ئەپ بېرىمەن، دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. ئۇنىڭ ئوغلىمۇ ھەر قېتىم ئۆيىمىزگە كەلگىنىدە ماڭا شەھۋەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپلا يۈرەتتى. ئۇ چاغلاردا بىلمەپتىمەن، ھازىرقىدەك ئەقلىم بار بولغان بولسا تويغۇزۇپ قوياتتىم ئۇنى. مېنى ئۇلار ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆردى. ئاپامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە دادام بىلەن بىر ئاغىنىسى بىر سودىدا كېلىشەلمەي ئاخىرى مېنى سودىغا ئارىلاشتۇرۇپ "قۇدا بولىمىز" دېگەن باھانە بىلەن تويۇمنى قىلىپ سودىسىنىمۇ پۈتكۈزۈۋالماقچى بوپتۇ. مەن ئوغۇل دوستۇمنى ئىزدەپ ئۇنىڭغا يىراقلارغا قېچىپ كېتىش، بۇ يەرگە چوڭ بولمىغۇچە قايتىپ كەلمەسلىك توغرىسىدا گەپ قىلغان بولسامىمۇ ئۇ قوشۇلمىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ ئۆيدە قالمىسا ئاتا - ئانىسى بەك ئەنسىرەپ كېتىمىش. ۋۇ لاتا! ئۇ بىر بالا بولسا مەنىمۇ بىر بالىغۇ؟ دەپ ئىدىيەمدىن قەتئىي ئۆچۈرمىدى. تېخى ماڭا نەسىھەت قىلىپ قىزبالىنىڭ يېشى چوڭىيىپ كەتسە يامان بولىدۇ، تويۇڭنى قىلىۋالغىنىڭ ياخشى، دېمەسىمۇ شۇ ئاچچىغىمدا ئۆيگە يېنىپ كېلىپلا دادامغا توي قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىمنى دېدىم. ئەسلى مەقسىتىم توي قىلىپ ئاشۇ لاتىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويۇش ئىدى. بىراق مەن زور خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن. داداملار مېنى ئىزدەم پاتىپاراق بولۇپ قۇدامنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن، دەپ تۇرغاندا مەن تۇيۇقسىز كېلىپ توي قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىمنى دېگەندىكىن دادامۇ، ئاپامۇ، يىگىت تەرەپمۇ مېنىڭ بەكۋاشلىقىمنى ئوبدان بىلگەچكە يەنە ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلماسلىقىم ئۈچۈن بەش كۈن ئۆيدىن سىرتقا چىققۇزماي ئالتىنچى كۈنى تويۇمنى قىلىۋەتتى. . .

_ سەندىن چوڭ بولغاندىكىن سېنى قەدىرلەپ ئۆتتۈشى كېرەك ئىدىغۇ؟ _ سورىدىم مەن.

_ ئوغۇللار ئاشۇنداق دۆت!
_ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمە!
_ سىزنى دېمىدىم.
_ مەنمۇ ئوغۇلبالا تۇرسام؟
_ ئوغۇلبالىلارمۇ بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.
_ شۇنداقمۇ؟ ئاخىرىنى دېگىنە قېنى!
_ ئۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئاران بىر ئاي ئۆيدە ئۇخلىدى. باشقا چاغلاردا مەندىن بۇرۇنقى مابىتى بىلەن ئوينىپ يۈردى. نەچچە قېتىم ئۆيگە بېرىپ كەلمىسەم ئىزدەپ بېرىپمۇ قويمىدى. ئاتا _ ئانام قوشنىلارنىڭ تاپا _ تەنىلىرىدىن قورقۇپ يەنە ئاپىرىپ قويدى.
_ نېمە؟ . . . ئاجرىشىپ كەتسەڭ بولمامدۇ؟
_ ئاجرىشىمەن، دېسەممۇ ئۇنىمىدى. مەن سودا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بوپ قالسام كىملەرگە قاش ئېتىپ يۈردۈڭ؟ دېگەندەك يوق يەردىن پۈتاق تېپىپ ئۆيگە كەلسىلا مېنى ئۇرىدۇ. باشقىلاردىن ئاڭلىسام شۇ ئاشنىسى بىلەن ھەتتا مەھەللىدىمۇ قولتۇقلىشىپ يۈرىدىكەن. مەنغۇ كۆرۈپ قالمىدىم. ئەمما قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن مەن قالامدىم؟ مەنمۇ ئۆينى تاشلاپ باشقا يەرلەردە ھەتتا باشقا شەھەرلەردە ئويناپ يۈردۈم. تېخى ئىككى قېتىم بىر دىسكوخانىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ مېنى تونۇماسقا سېلىۋالدى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ باشقىلاردىن ئاڭلىسام دىسكوخانىغا بېرىپسەن، دەپ يەنە ئۇردى. مەنمۇ ئۇنىڭ تاياقلىرىغا كۆنۈپ قالدىم. ئايال كىشى دېگەن ھەممىگە كۆنۈپ كېتىدىكەن. لېكىن غورۇرۇم پەقەت يول قويمىدى. يا ئۆي ئۆيدەك ئەمەس يا ئاجرىشىپ كەتكەنگە ھېساب ئەمەس نېمە كۈن بۇ ماڭا، دەپ توي قىلىپ ئۈچ يىل بولغاندا ئۇنىڭ تامىقىغا چاشقان دورىسى سېلىۋەتتىم. . .
_ ئۆلدىما؟
_ ياقەي، ئەسكىگە ئۆلۈم يوق، دېگەن بىكار ئېيتىلمىغان. ئۇ دوختۇرخانىدا ساقىيىپ چىقتى. چىققاندىن كېيىن مېنى شۇنداق قاتتىق ئۇرۇۋەتتى، تاسىمىسى بىلەن ئۆيدىكى ئورۇندۇق، چۆگۈن . . . ئىشقىلىپ قولىغا چىققان

نەرسىلەر بىلەن ھارغۇچە ئۇردى. ئىشكنى ئېچىدىن تاقىۋالغاچقا قوشنىلارمۇ كىرەلمەي تاياقنى ھوشۇمدىن كەتكۈچە يەپتىمەن. ھوشۇمغا كەلسەم دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. ئوڭ پۇتۇم ئىككى يەردىن سول پۇتۇم بىر يەردىن سۇنۇپتۇ. قورسىقىمغا بەك دەسسىۋەتكەچكە باللىق بولالمايدىغان بوپ قاپتىمەن. ئۇ مۇشۇنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن خېتىمنى بېرىۋەتتى. ئاتا _ ئانامغا ئۈچ يىلغىچە تۇغمىسا نېمە ئىش قىلىمەن بۇ قېچىرنى، دەپ يەنە ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىۋالدى. ھە بوپتۇ، دېمەي نېمە ئىلاج؟ ئاياللار بەزى چاغلاردا ئەرلەردىن بەك چىدامىلىق!
_ ئۇنداق بولسا قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟
_ ۋاي - ۋۇي! سىز ساقچى بولسىڭىز بولغۇدەك، _ ئۇ ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ، _ سىز سورىمىسىڭىزمۇ مەن دەپ بېرىمەن. ھەممىنى تولۇق دەيمەن، پىۋا ئىچىپ ئولتۇرۇڭە!_ يەنە كۈلۈمسىرىدى. نېمىشقىكىن باشقىلار ماڭا كۈلۈمسىرەپ گەپ قىلسا ياۋاشلاپلا قالىمەن. بۇ مېنىڭ تومۇرۇممىكىن يە؟! نېمىلا بولمىسۇن خەقنىڭ گېپىنى بۆلىۋېتىشىمۇ بىر خىل ئەدەپسىزلىك! ئۇنىڭ گەپلىرىدىنمۇ ياكى سوغۇق پىۋىنى ئىچىپمۇ كەيپىم خېلى يېشىلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى يەنە سۈكۈتنى بۇزدى.
_ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئاتا - ئانامغا گەپمۇ قىلماس بولدۇم. بارلىق ئادەملەردىن بولۇپمۇ ئەر كىشى دېگەن نەرسىدىن بەك يىرگىنەتتىم. بەزىدە ياشاپ نېمىمۇ قىلارمەن، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. لېكىن ھاياتلىق دېگەن يەنىلا تاتلىقكەن. ئۆيىمىزنىڭ ئۇدۇلىدا ناۋايلىق قىلىدىغان بىر بالا بولىدىغان مەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ بىر مەزگىل كەينىمگە كىرىپ قوغلىشىپ يۈردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە مەن توي قىلىپ بولساممۇ ئۇ مېنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ ساقلاپتۇمىش. بەش ۋاخ ناماز ئۆتەيدىغان ساپ دىيانەتلىك بالىكەنتۇق ئىشىنىپلا قاپتىمەن. ئايال كىشى دېگەن بەك ھېسسىياتچان كېلىدىكەنمىز. ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە نىكاھ ئوقۇتۇپ بىر ئۆيگە كىردۇق. دەسلەپ بىرنەچچە ئاي شۇنداق ياخشى ئۆتكەن. ماڭا بەك كۆيۈنەتتى. ئۇ بىلمىسە كېرەك ھەركۈنى قورسىقىمنى سىلاپ «تېپىۋاتامدۇ؟ مىدىرلىدىمۇ؟ . . .» دەپ سورايتتى. . .
شۇ چاغلاردا شۇنچىلىك ئازابلىنىپ كېتەتتىم. نېمىشقىمۇ بۇرۇنلا قېچىپ باشقا ئەرگە تەگمىگەندىمەن؟ دەپ ئۆزەمنى ئەيىپلەي كېتەتتىم. بەخت قانچە تېز كەلسە شۇنچە تېز كېتىدىكەن. بىر كۈنى بەك چىدىيالماي ئۇنىڭغا ھەقىقي ئەھۋالنى دەپ ئەگەر بالا ئۈچۈن مەن بىلەن توي قىلغان بولسا مېنىڭ خېتىمنى بېرىۋېتىشنى ئۆتۈندۇم، بۇنداق

ياشاشقا زادىلا چىدىمىغان ئىدىم. ئۇمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلماي چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كەتتۇق. مەن توغرا
چۈشىنىمەن بىر ئەرگە ئەلۋەتتە ئۆز مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان، چىرىقنى ياندۇرۇپ ئولتۇرىدىغان بالا
بولمىسا بولمايدۇ - دە؟ بۇ ئىشنى چوڭلار بىلگەن بولسىمۇ ھېچنېمە دېمىدى. ئۇلار نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئەينى ۋاقىتتا
مېنى ھېلىقى ئاغىنىسىنىڭ ئوغلىغا بېرىپ خاتا قىلغانلىقىنى ئۇلارمۇ ھېس قىلغان ئىدى. بىر مەزگىل ئۆيدە
تۇرغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن تۇرىۋەرگۈم كەلمىدى. ئەمما بىرەر ئىش قىلاي دېسەم قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمىسە؟
ئاخىرى بىر دوستۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن سىلەرنىڭ بۇ شەھەرگە «ئوقەت» قىلغىلى كەلدۇق. دەسلەپ ئېغىر گۇناھ
ئۆتكۈزگەندەك ھېس قىلىپ تازا كۆنۈپ كېتەلمىدىم. كېيىنچە باشقىلارنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن خېلى ئىشنىڭ ئېپىغا
كىرىۋالدىم. مەن بۇ ئىشنى قىلمىسام قانداق جان باقىمەن؟ ئاتا - ئانامنىڭ پۇلىنى قەتئىي خەجلىمەيمەن. ئۇلار
مېنى مۇشۇ كۈنگە قويغاندىكىن تازا پۇشايمان قىلسۇن! دەيمەن.
ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىر ھازا جىمىپ كەتتىم. ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ئۆيىگە كەتكۈزۈۋېتىشىم كېرەكتۇ؟ لېكىن
ئۇنىڭغا نەسىھەت ئارتۇقچە ئىشتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەرگە كىرىشىم بىرەرسىگە نەسىھەت
قىلىپ «ۋىجدانلىق، غورۇرلۇق، مىللەت سۆيەر . . .» بولۇۋېلىش ئەمەس. مىللەتنى سۆيىمەن، مەن ۋىجدانلىق،
دەپ شوئار توۋلىغان بىلەن قىلغان ئەمەلىي ئىشىم ئىسپات بولالمايدۇ. تۇرۇپ ئۇنىڭ دادىسىغا ئاچچىقىم كېلەتتى
يەنە تۇرۇپ بۇرۇنقى ئېرىگە ئاچچىقىم كېلەتتى يەنە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلەتتى. كاللامدىكى تۇگۈن پەقەت
يېشىلمەيۋاتاتتى. گۇناھنى كىمگە ئارتىشىمنى بىلەلمىدىم. دادىسىغا ئارتاي دېسەم ئۇنىڭ ئاغىنىسىنىڭ ئوغلى
ئالىمەن دەپتۇ. بۇرۇنقى ئېرىگە ئارتاي دېسەم بۇمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ مابىنىغا كۆرسىتىپ قويماقچى
بولۇپ تېگىپتۇ. بۇنىڭغا ئارتاي دېسەم دادىسى ئۆزىنىڭ سودا ئىشىنى پۈتتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن، پۇل ئۈچۈن قىزىنى
ۋاستە قىلىپ تاللاپتۇ. نېمانداق مۇرەككەپ. . .
سىزچۇ؟ _ ئۇ بېشىنى سىڭايان قىلىپ كۈلۈمسىرەپ خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى.
_ مەن نېمە بوپتىمەن؟ _ مەقسىتىنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قارىدىم. شۇ تاپتا ئۇ نېمە دېسە شۇ
گەپنى ئاڭلىغۇم بۇ ئارقىلىق ھېسداشلىق قىلىۋاتقىنىمنى بىلدۈرگۈم كېلەتتى. ئامال بار ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئۆتمۈشىنى
ئۇنتۇپ ھالال ئىش قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇ چىرايىمغا تىكىلىپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

_ سىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق يەرگە كىرىپ قالدىڭىز؟ سىزدەك باللارغا ياراشمايدۇ بۇيەر.
_ كەيىپچىلىكتە گەپتىن - گەپ چىقىپ ئاچچىقىمدىلا كىرىپ قاپتىمەن، _ گېپىمنى تۈگىتىپ يەنە ئۆزگەرتىۋالماقچى
بولدۇم. بايا كىرىشتىن بۇرۇن نېمە گەپلەرنى ئويلىغان مەن؟ ئەمدى ئەجەپ راست گەپ قىلىپ كەتتىميا؟
راستىمنى دېسەم ئۇنىڭ ھەممە گەپلىرىگە ئىشەندىم، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنى ئالدىغۇم كەلمىدى.
_ سىز بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ باققانمۇ؟ _ دېپ سورىدى ئۇ.
_ ئەلۋەتتە! سەندە بار يۈرەك مەندىمۇ بار! قانداق بەختلىك قىز بالا ئۇ؟ ھېكايىڭىزنى مەنمۇ بىر ئاڭلاپ باقايچۇ؟
_ ئۇ گەپ قىلغاچ ئاستا يېنىمغا سۈرۈلۈپ كېلىپ يوتامغا بېشىنى قويدى، _ رەت قىلماڭ! بەرىبىر ئەتىدىن باشلاپ
بىر - بىرىمىزنى تونۇمايمىز. يوتىڭىزدا يېتىپ ھېكايىڭىزنى ئاڭلىۋالاي. رۇخسەت قىلىڭ.
ئۇ بېشىنى يوتامغا قويۇۋىدى يوتىلىرىم تىترەپ كەتتى. سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ:
_ بۇ ياققا كېلىپ ئولتۇرە ئەمسە، _ دېدىم يېنىمنى ئىما قىلىپ.
ئۇ كارىۋاتقا چىقىپ مېنىڭ بېلىمدىن تۇتۇپ بېشىنى مۈرەمگە قويۇپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيالغا چۆشۈپ كەتتى.
سۆزۈمنى باشلىشىمنى كۈتۈۋاتسا كېرەك. بىر رومكا پىۋىنى ئىچىۋېتىپ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ دەسلەپ ھېلىقى
بۈرۈۈقنى قانداق ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى، ئەتىگىنى، چۈشلۈكى مەكتەپكە ئەكېلىپ، چۈشتە ۋە كەچقۇرۇن
مەكتەپكە ئاپىرىپ قويغانلىرىمنى، مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇ توغرىلىق ئۇرۇشقانلىرىمنى، ئىجاد قىلىپ
ئېيتقان ناخشىلىرىمنى، مەكتەپتىن ئۇنى دەپ قوغلانغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ ئاخىرىدا شۇ تاتلىق گەپنى ماڭا
دېگەنلىكىگىچە ھەممىنى بىرنى قويماي سۆزلەپ بەردىم. ئويلاپ باقسام قىزلارنىڭ كۆڭلىدىكى گېپىنى باشقىلارغا
دەپ ئېچىنى بوشىتىۋېلىش، چارىسى بوپ قويىدىكەن. مېنىڭ كۆڭلۈممۇ خېلى كۆتۈرۈلۈپ يېنىك بوپ قالدىم.
بۇرۇندىن ھېچكىمگە ئىچ گەپلىرىمنى دېمەيتتىم، ئويلاپ باقسام ئىچىدىكى گەپنى بىراۋلارغا دەۋېلىشمۇ خېلى
ئەركىن قىلىپ قويىدىكەن ئادەمنى. ئۇ ئەركىلەپ:
_ ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بوپ قالغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟! ماڭا كۆندە ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز،
مەن سىزگە ھازىرقىدەك يۆلىنىپ مۈگدىنىپ ئولتۇرۇپ كەتسەم. . . _ ئۇ شۇنداق دەپلا سۈكۈتكە چۆشۈپ كەتتى.
_ نېمە بولدۇڭ؟ _ گەپ قىلە! جىمپىلا كەتتىڭغۇ؟ _ سورىدىم ھەيران بولۇپ.

ئۇ بىردەم ئۆكۈنۈش ئىچىدە جىم ئولتۇرۇۋېتىپ:
_ لېكىن قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ سىلەردەك باللار بىزنى ياراتمايسىلەر! بىزدەكلەرنى كۆزگە ئىلمايسىلەر! _
_ مەن قاچان ساڭا شۇنداق دېدىم؟
_ مەن بىلمەن.
_ تۈزۈك گەپ قىل ھە؟! ئادەم بىلەن ئادەم باراۋەر. ھەممىمىز خۇدانىڭ بەندىسى. سېنى كۆزگە ئىلمىغۇدەك گەپلەرنى قىلمىغاندىمەن، _ ئامال بار ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەسلىكنى ئويلايتتىم.
_ ئۇنداق گەپلەرنىغۇ قىلمىدىڭىز. سىزنىڭ كەسپىڭىز بار، مۇئاشىڭىز بار. ئەتراپىڭىزدا قىزلارمۇ پەرۋانىدەك ھەقچان.
_ خاتالاشتىڭ! قىزلار مېنىڭ مىجەزىمگە كۆنەلمەيدۇ. سەن دەپ باقە! مېنىڭ مۇشۇ مىجەزىمنىمۇ ياقتۇرىدىغان قىزلار چىقارما؟
_ مەن ياخشى كۆرىمەنغۇ؟ ھېچكىم ياخشى كۆرمىسىمۇ مەن ياخشى كۆرسەملا بولدى.
ئۇ ئەركىلەپ ھىجىيىپ قويۇۋىدى نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. . .
گەپلىرىمىز تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. ئۇنىڭغا خىزمەتلىرىمنى، ئىش ۋاقتلىرىدىكى خېرىدارلار بىلەن ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قىزىقچىلىقلارنى سۆزلەپ ئۇنى كۈلۈپ تېلىقتۇرۇپ قوياتتىم. ئۇمۇ توي قىلىشتىن بۇرۇنقى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى، باشقىلارنى قانداق بوزەك قىلغانلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. بەزى گەپلىرىگە گەپ قىستۇرۇپ ئۇنى جىلە قىلىپ تازا كۈلەتتىم ئۇ جىلە بولۇپ مۇرەمگە شاپىلاقلاپ كېتەتتى. گاھىدا ئاغزىلىرىنى ئۈمچەيتىپ قارىۋالاتتى. نېمە قىلساڭ قىلىۋالمامسەن، دەپ كارىم بولمىسا يەنە ھىجىيىپ مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك «ئومىقىم، ئومىقىم!» دەپ تېخى. ئۇنىڭ بىلەن ياخشى كۆرىدىغان يامان كۆرىدىغان نەرسىلىرىمىز ھەققىدە ھەتتا يەيدىغان نەرسىلەرگىچە پاراڭلاشتۇق. پەقەت زېرىكىش ھېس قىلمىغانكەنمەن. ئۆمرۈمدە بىرەر قىز بالا بىلەن بۇنداق ئېچىلىپ - يېيىلىپ، كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ باقماپتىكەنمەن. شۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىپ تاڭغا يېقىن پۈتۈنلەي تەسىرىدىن بولسا كېرەك بەك ئۇيقۇم كەپ كەتتى. لېكىن بۇنداق يەردە ئۇخلاشنى خالىمايتتىم. ئۇمۇ بىلگەندەك ئىككىنچى قەۋەتتىكى مېھمانخانىدىن ئۇنىمىغىنىمغا

ئۇنىماي يېنىدىن پۇل چىقىرىپ بىر ياتاق ئالدى.
_ بۇيەر خېلى پاكىز، _ دېدى ئۇ ياتاققا كىرگەندىن كېيىن.
_ بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ، مېنىڭ ئالدىمدا كىملەر كىرىپ نېمە ئىشلارنى قىلىپ چىقىپ كەتتى بۇيەردىن، بۇنى سەن بىلەمتىڭ؟ _ دېدىم مەن.
_ ئۇغۇ شۇ. مەن چۈشۈپ كەتتىم ئەمسە!
_ ماقۇل. ئۆزەڭنى ئاسرا! _ بۇ گەپ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتتىكىن، راستىمنى ئېيتسام ئۇنىڭ بىلەن يەنە پاراڭلاشقۇم باتتى.
_ راستلا چىقىپ كېتەيما؟ _ ئەتەي تەنە قىلىپ سوراۋاتاتتى.
_ چىقىپ كەتكۈڭ بولسا زورلاپ ئېپ قالغىلى بولاتتىمۇ؟ _ كۈلگۈم كېلىپ باشقا ياققا قارىۋالدىم. ئۇ بەك خۇش بوپ كەتكەن بولسا كېرەك كەينىمدىن كېلىپ قۇچاقلىۋالدى. بۇ قىلىقلىرىنى ياقتۇرۇپ كەتمىسەممۇ قوپاللىق بىلەن رەت قىلىۋېتەلمىدىم. -
_ چىقىپ كەتمەيمەن تازا! سىز ئۇخلاڭ. مەن سىزگە قاراپ ئولتۇرىمەن. يالغاندىن كۆزۈمنى يۇمۇۋالماقچى بولۇپ شۇ يۇمغانچە ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. ئويغانسام يېنىمدا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاخشام ئىچكەن ھاراق ئۆزۈمگە پۇراپ پىۋا چىشلىۋالغان چېغى باشلىرىممۇ ئېغىر، كۆڭلۈم ئاينىپ تۇراتتى.
_ تېنچلىقمۇ؟ ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ؟ _ ئۇ يەنە كۈلۈمسىرەپ سورىدى.
ياخشى. . . سەن ئۇخلىمىدىڭما؟
_ ياق! سىزگە قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇخلىغاندىكى ھالىتىڭىز بەك ئوماقكەن. ھە راست! يەنە تېخى جۆيلىدىڭىز.
_ ئۇنداق ئەمەستۇ؟ مەن ئەزەلدىن جۆيلىمەيدىغان تۇرسام؟
_ ئىچىۋالغاندا جۆيلۈپ قويىدىغانسىز؟
_ ئەمسە نېمە دەپ جۆيلىدىم، _ قانمىغان ئۇيقۇمنى ئېچىپلاۋەتتى بۇ.
_ دىلخۇمار! سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەن ساڭا ئاشىق، دېدىڭىز. ھى ھى ھى....... Â
ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ دىلخۇمار ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلگەن ئىدىم.

_ ماگەۋا! ئۇنداق ئاسان بىرسگە ئاشىق بوپ قالمايمەن مەن،_ سۆزلىگەچ سائەتكە قارىسام ئىشقا چىقىشمغا ئازلا ۋاقىت قاپتۇ. ئالدىراپلا يۈزلىرىمنى يۇيۇپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشماقچى بولدۇم.

_ مەن ئىشقا ماڭاي!

_ يەنە بىردەم توختاپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟ سىزگە ناشتىلىق ئەكىرىپ بېرەي!

_ بولدى. شۇ تاپتا گېلىمدىن بىر نەرسە ئۆتمىكىمۇ تەس. ماقۇل ئەمسە! كېيىن كۆرۈشەيلى!

_ نېمە؟ كېيىن كۆرۈشەيلى؟ سىز دېدىڭىز ھە؟! _ كىچىك باللاردەك خۇش بوپ كەتتى ئۇ. «كېيىن كۆرۈشەيلى» دېگەن گەپنىمۇ قانداق دەپ سالغاندىمەن. ھە مەيلى، ئىچىم پۇشۇپ قالغان چاغدا مۇڭدىشارمەن. ھازىرچە مېنى چۈشىنىدىغان ئادەم مۇشۇ بولغاندىكىن.

_ تېلېفون قىل! _ ئۇنىڭغا تېلېفون نومۇرۇمنى دەپ بېرىپ ئالدىراپلا چىقىپ كەتتىم. ئۇ كۈنى كەييياتىم بىرتەرەپتىن ياخشى بولسا يەنە بىرتەرەپتىن ئۇنىڭ ھېكايىسى قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەۋاتقان چاغدىكى غەمكىنلىك قاپلىغان چىرايى، ماڭا ئەركىلىگەن چاغدىكى كۈلكىسى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئۆز - ئۆزەمدىن توختىماي سورايتتىم «ئەجىبا مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟» شۇنداق دېسەملا كالالامدا ئىككى غەيرەت پەيدا بولاتتى. بىرى: «ياخشى كۆرۈپ قالساڭ نېمە بوپتۇ؟ مۇھەببەت دېگەن شەرتسىز بولىدۇ. ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، يامان يولدىن قايتۇرساڭ بولىدىغۇ؟ . . .» دەيتتى. يەنە بىرى:«بولمايدۇ! سەن قانداق ئادەم؟ ئۇ قانچىلىغان ئەركىشى بىلەن يېتىپ تېنىنى بۇلغاپ بولدى، سېنىڭ پاك تېنىڭ ئۇنىڭغا ماس كەلمەيدۇ . . .» دەيتتى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلىرىم ئۇنىڭ بىلەن خۇشال ئېچىلىپ پاراڭلاشقان گەپلەرنى ئويلاپ خېلى ئېچىلىپ قالغان ئىدى. ئەمدى بۇرۇنقىدەك كۆڭدە ھاراق ئىچمەس بولدۇم. كەچلىكى تورخانىغا كىرىپ مۇنبەرلەردىن ھەرخىل مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئىزدەپ ئوقۇيتتۇم، ئىسلام تور بېكەتلىرىگە كىرىپ زىيارەت قىلاتتىم. مەقسىتىم قەلبىمدىكى ئىككى غەيرەتنىڭ قايسىسىنىڭ گېپىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىسپات تېپىش، كۆڭلۈمنى توختىتىش ئىدى. بىر كۈنى تورخانىدا ئولتۇرسام سىرتتىن باللار يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ، ئۇستى - بېشى ھۆل. «نېمە بولدۇڭلار؟» دېسەم:«سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. بەك سوغۇق!» دېمەسمۇ خۇشلۇقۇمدا كومپيۇتېرنى ئۆنتۈپ سىرتقا ئۆزەمنى ئاتتىم. يامغۇرغا بەك بەك ئامراقچۇ مەن.

تالا ھەقىقەتەن سوغۇق ئىدى. لېكىن كۆڭلۈم شۇنداق ئازادە. يامغۇردا ئاستا غىڭشىپ كېتىۋاتسام يانفونۇم سايرىدى. شۇ تاپتىكى خۇشاللىقىمدا گەپدانلىقىم تۇتۇپ ئۆلۈۋالىمەن، دېگەن ئادەمنىمۇ خۇش قىلىپ نىيىتىدىن ياندۇرۇۋېتىدىغانغا ئىشەنچىم باتتى. تېلېفوننى خۇشال ئالدىم.

_ ئەسسالـــــــۇم ئۇستام! _ مەن بىرەر ئاغىنەم ئىچىمىز، دەپ تېلېفون قىلغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن. تېلېفۇن ئۇرغا ئۇكەنتۇق.

_ كەسە خېنىم، كەسە! كەپقاپلىغـــــــــۇ؟ ھا ھا ھا ``````

ئاۋازىنى ئاڭلىمغىلى ئىككى ھەپتىدەك بوپتىكەن، شۇنداق جاراڭلىق ئاڭلىنىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇلاپلا: :

_ كەلدۇۇۇۇۇۇۇۇۇۇۇۇق! ھا ھا ھا ````````

_ قانداق ئەھۋالىڭىز ئوماق!

_ ياخشى، ياخشى! ئالامەت! ئۆزەڭچۇ؟

_ سىز ياخشى بولسىڭىزلا مەنمۇ ياخشى. سىز يامغۇرغا ئامراقلىقىڭىزنى دېگەنتىڭىز ئۇنتۇپ قالمىدىم. شۇڭا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ، دەپ تېلېفون قىلغان. سىزنى سېغىندىم.

_ شۇنداقمۇ؟ ئەمسە كېلە! مەن خەلق مەيدانىدا.

_ ماقۇل قېچىپ كەتمەڭ ھە؟ ھې ھې ھې...... ھازىرلا بارىمەن. خوش!

_ ھە!

كۆپ ئۆتمەيلا ئۇ كەلدى. مەن باشتا دېمىگەنمۇ ئۇنى سىرتتا كۆرگەن ئادەم ھەرگىز ئۇنىڭ ھېلىقىدەك ئىش قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمايدۇ، دەپ. ئۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىكى تۇتۇپ، ئاپپاق مايكا، پادىچىلار شىمى كىيىۋالغان تۇرقى، شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرى بىلەن خېلى - خېلى قىزلاردىن قېلىشمىغۇدەك ھەتتا ئېشىپ چۈشكۈدەك چىرايلىق بوپ كەتكەنتى. ئۇنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا خۇشال بوپ كەتتىم.

_ ئۇزاق ساقلىتىۋەتتىمۇ؟ _ ئۇ يېنىمغا كېلىپ سورىدى.

_ ھە ئە! ئىككى سائەت بولدى مەن ساقلىغىلى، ھېچكىمنى بۇنداق ساقلاپ باقمىغان، _ دېدىم كۈلگۈم كەلسىمۇ ئۆزەمنى زورىغا بېسىپ.

_ ساقلايسىز تازا. مېنىڭ يىگىتىم بولغاندىكىن نېمە بولاتتى؟

_ كىم سېنىڭ يىگىتىڭكەن؟

_ بولدى، بۇنى تالاشماي بىللە ئايلىنايلى! _ ئۇ كۇنلۇكنى ئامال بار مەن تەرەپكە تۇتاتتى.

_ ماڭا كۇنلۇك بولمىسىمۇ بولىدۇ. ئۆزەڭگىلا تۇتە!

_ ياق! سىز مەندىن مۇھىم. ئاغرىپ قالسام ھېچنېمە بولمايدۇ، لېكىن سىز ئاغرىپ قالسىڭىز خىزمىتىڭىزگە تەسىر يېتىدۇ ھەم مەن بەك ئەنسىرەيمەن.

_ پاھ! گەپكە ئۇستىلىقىنى. . .

كۇنلۇك ئاستىدا پارالىلىشىپ ماڭغاچ باغۋەنىنىڭ ھېلىقى «يامغۇردا قالغان ئاشىق - مەشۇقلار» يادىمغا كېلەتتى. يۇرتىمىزدا يامغۇر ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ماڭا ئوخشاش يامغۇر مەستانىلىرى كەچ بوپ كەتكىنىگە قارىماي بىللە ئايلىنىشىپ يۇرەتتى.

_ مەن نېمە دېگەن بەختلىك، _ دېدى ئۇ بېشىنى مۈرەمگە قويۇپ.

_ قانداق دەيسەن؟

_ ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم بىلەن يامغۇردا سەيلە قىلالىدىم. بۇ تۇنجى قېتىم يامغۇردا بىر ئوغۇلبالا بىلەن سەيلە قىلىشىم. سىز بىلمەيسىز، بۇ مەن ئۆزۈندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرى. بۇرۇن يامغۇردا دائىم ئۆزەم يالغۇز قالاتتىم. كۆڭلۈمدە ئۆزەم ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمنى قولتۇقلاپ ئەركىلەپ مېڭىشنى ئويلايتتىم. مانا بۈگۈن بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. رەھمەت سىزگە! _ ئۇ شۇنداق دېگەچ بېشىنى مەيدەمگە قويدى. نېمىشقىكىن ئۇ «رەھمەت سىزگە!» دېگەندە ئانچە خۇش بولمىدىم.

_ مەنمۇ بىر قىزبالا بىلەن تۇنجى قېتىم يامغۇر سەيلىسى قىلىۋاتىمەن. مەنمۇ بەك خۇشال! ساڭىمۇ رەھمەت!

_ رەھمەت دېمەڭ! بىر خىللا ئاڭلىنىدىكەن.

_ مانى؟ ئۆزەڭ دەيسەن؟ مېنى دېگىلى قويىماسەن؟

_ ھە ئە! سىز دېمەيسىز، مەن دەيمەن، _ ئۇ ئەمدى بوينۇمدىنلا قۇچاقلىۋالدى. مەنمۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ بەللىرىدىن بوشقىنا قۇچاقلىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئويلىغۇممۇ يوق ئىدى. لېكىن كۆڭلۈم يەنە بىر

---

قىسمىلا.

_ سىزگە بىر گەپنى دەي دېگەن.

_ دېگىنە!

_ مەن ئۇ ئىشنى قىلمايۋاتىمەن. ھازىرچە بىكار، لېكىن 3 - 4 كۈنگە قالماي مېۋە - چېۋە ساتماقچى. سىز كېتىپ جىق ئويلاندىم. بۇنىڭدا سىز ئۈچۈنمۇ ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ ياخشى. ئۆيدىن بىرنى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. ئۇ ئىككى ئايلىق ھاياتىم بىلەن خوشلاشماقچى. قانداق قارايسىز؟

_ راستىما؟ _ كۆڭلۈم «ۋاللىدە» يورۇپ كەتتى. «خۇشاللىق كەلسە قوشلاپ» دېگەندەك، يامغۇر ياغسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن سەيلە قىلسام، ئەمدى ئۇمۇ ھېلىقى ئىشىدىن قول ئۈزسە . . . خۇشاللىقىمدا ئۆزەمنى باسالماي ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ ئۆزەمگە قاراتتىم.

_ سىزنىڭ خۇش بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، ھى ھى ھى. . . _ ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى كۈلۈمسىرىشى باشقا چاغلاردىكىدىنمۇ ئىللىق، ئوماق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنى تارتىنمايلا باغرىمغا چىڭ باستىم. ھېچنېمە دېگۈم كەلمىدى. ئۇمۇ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشىنىمەن، مېنىڭچە ئۇمۇ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىدۇ. شۇنداق قۇچاقلىشىپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپتىمىز. بۈگۈن كەچنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كوچا ئايلىنىپ ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلدىم.

_ بۈگۈن كەچنى بىللە ئۆتكۈزەيلى! _ دېدىم مەن خۇشال ھالدا.

_ ماقۇل! مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان.

_ يۇر ئەمسە!

_ ئۇ مېنى قولىنى قويۇۋەتسە خۇددى مەن قېچىپ كېتىدىغاندەك مەھكەم قولتۇقلىۋالغان ئىدى. بىللە ماڭدۇق. شۇ تاپتا كۆزۈمگە بارچە نەرسە ئىللىق، گۈزەل كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ياشلار يولىدىكى تەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى توپا - چاڭلارنى يامغۇر سۈيى يۇيۇپ ياپپېشىل قىلىۋەتكەن ئىدى. يەرمۇ ئەينەكتەك سىيلىق، كوچا چىراقلىرىنىڭ، ئەتراپتىكى دۇكانلارنىڭ چىراقلىرىنىڭ شولىسى چۈشۈپ تېخىمۇ كۆركەم قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر سۈيى ھۆل قىلىۋەتكەچكە ئۆزۈن كەتكەن ياشلار يولىدا يولنىڭ ئۈستىمۇ تەك شاخلىرى، ئاستىمۇ تەك شاخلىرىدەك

ئۆزەڭنى خۇددى ئەينەك ئۈستىدە ماڭغاندەك ھېس قىلىسەن. نېمە دېگەن گۈزەل مەنزىرە بۇ؟! بۇرۇن ھېس قىلماپتىكەنمەن.

_ نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

_ ھېچنېمە.

_ دېگۈڭىز يوق!

_ ئۇنداق ئەمەس، مەن ئىلھام ئىزدەۋاتىمەن. بىرەر مەنزىرە تەسۋىرى ياكى شېئىر يېزىپ قالارمەنمىكىن، دەپ.

_ سىز يازغۇچىلىق قىلامسىڭىز؟

_ مەن دېگەن كۆمۈلۈپ قالغان ئالتۇن. ھى ھى ھى. . . يازغۇچىلىقمۇ قىپ قويىمەن. يېزىپ مۇنبەرگە يوللايمەن، مۇنبەردە نۇرغۇن تورداشلار كۆرۈپ باھا بېرىدۇ. پىكىر ئالماشتۇرىمىز.

_ نېمە ئۇ مۇنبەر دېگەن؟

_ سەن بىلمەيسەن راست! مۇنداق بولسۇن ئەتە كەچتە سېنى تورخانىغا ئەكىرىپ مۇنبەرنى كۆرستىپ قوياي!

_ نېمىدېگەن ياخشى! ماقۇل. گەرچە بىلمىسەممۇ ئۇ يەر چوقۇم جەمئىيەت ئويناپدىغان باللار كىرمەيدىغان، ئىلمي، مەدەنىيەتلىك كىشىلەر توپلىشىدىغان جاي!

_ ئۇ جاي ئەمەس. ئۇ دېگەن مەۋھۇم دۇنيا! !

_ مەرھۇم دۇنيادىكى ئادەملەرنى قانداق كۆرىسىز؟ شېئىرلىرىڭىزنى قانداق ئوقۇپ بېرىسىز؟ مەرھۇم دېگەن ئۆلۈپ كەتتى دېگەن گەپقۇ؟:

_ ئــــــاھـــــــــــاي! مەرھۇم ئەمەس، مەۋھۇم!

_ مەۋھۇم دېگەن نېمە گەپ؟

_ ۋاي بولدىلا! ساڭا چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن. ئەتە كىرسەڭ چۈشىنىپ قالىسەن. باشقا گەپ دېيىشەيلى!

_ ماقۇل!

بىللە كېتىۋاتىمىز. گەپلىرىمىز، كۈلكىلىرىمىز توختاپ قالىدىغاندەك ئەمەس. بېكەتنىڭ كەينىدىكى كەچلىك بازارغا بېرىپ سۇيقاش ئىچتۇق. ئۇنىڭغا «ئىككى قاچا ئالايلى» دېسەم ئۇنىمىدى «بىر قاچىنى ئىچىپ بولالمەيمەن، سىزلا ئىچىڭ. مېنىڭ قورسقىم توق» دەپ. شۇنىڭ بىلەن بىر قاچا سۇيقاشنى كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇپ تەڭ ئىچتۇق. ئۇ بىر چوكا مەن بىر چوكا يەپ. باشقىلارنىڭ سوغۇقتا تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەك «ئۇنچە سوغۇق ئەمەسقۇ؟» دېيىشىپ بىر - بىرىمىزنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇپ باقاتتۇق. ئۇنىڭ بىلىكى مۇزلاپ كېتىپتۇ، لېكىن دېسەم قەتئىي ئۇنىمايدۇ «توڭۇمىدىم» دەپ. مېنىڭ بىلىكىمنى تۇتۇپ بېقىپ «سىز توڭۇپ كېتىپسىز، ئەتە زۇكامداپ قالمەڭ يەنە!» دېگەنتى مەنمۇ ئۇنىمىدىم نەدە توڭۇيمەن مەن! يۈرىكىم شۇنداق ئىللىق! ھەنىم بولسا كەلگۈسى مىللەتنىڭ ئانىسىدىن بىرى توغرا يولغا قايتماقچى. ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. كەچتە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇخلىدۇق. ئۇنى قۇچاقلاپ شۇنداق راھەت ئۇخلاپتىمەن. ئەتىسى قوپۇپ ئىككىمىزلا زۇكام. . .

شۇنداق قىلىپ ئۇ نەچچە كۈندىن كېيىن قول هارۋىسىدىن بىرنى ئېلىپ ئەتىگىنى مېۋە - چېۋە بازىرىغا بېرىپ ئالما، نەشپۈت، بانان . . . لارنى توپ سېتىۋېلىپ سودا بازىرىدا پارچە سېتىپ بىر ئوبدان سودىنىڭ ئېپىغا كىرىۋالدى. دەسلەپ ئۇنى ھېلىقى جايدا كۆرگەنلەر كۆزىگە كىرىۋېلىپ بوزەك قىپتۇ. بۇنى ئۇ ماڭا دېمىدى. بەلكىم ئۆزىنىڭ يۈزىدىن مېنىڭ يۈزۈمنى ئاياپ دېمىگەن بولسا كېرەك! بۇنى سودا بازىرىدا رەخت ساتىدىغان ئاغىنەمدىن ئاڭلاپ قالدىم. ئۇ بىزنىڭ بىرنەچچە قېتىم تورخانىدا بىللە ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرگەن ئىدى. ئاڭلاپ بەك ئاچچىقىم كەلدى. توغرا ئىش قىلمىغاندا كارىڭ يوق، بېرىپ كۆڭلۈڭنى ئېچىپ كېلىسەن. ئەمدى بىر ھالال ئوقەتكە كىرىشىپ ئۆزىنىڭ جېنىنى جان ئېتىۋاتسا . . . ئاغزىمغا ھەرخىل گەپلەر كېلىدىغۇ ئويلىسام. ئۇ رەخت ساتىدىغان ئاغىنەممۇ 12 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ سودا قىلغان بولۇپ جەمئىيەتتىكى باللار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا جېكىلەپ باشقىلار ئۇنى ئاۋارە قىلمىسۇن، بىر يۇرتلۇقنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىر قېتىم ئۆتكۈزۈۋېتەي، يەنە بوزەك قىلسا مەندىن ياخشى كۆن كۆرمەيدۇ، مابىتى غەيرەتشۇنداق دېدى دەپ قوي، دېدىم. كېيىن ھەسەن پاچاقتىن سورىسام ئوغرى - يانچۇقچىلارمۇ ئۇنى بوزەك قىلماس بوپتۇ.

ھەركۈنى مەن ئىشتىن چۈشۈشۈمگىلا ئۇ تېلېفون قىلاتتى. بىللە تاماق يەپ تورخانىغا كىرىپلا مۇنبەرنى ئاچاتتۇق. ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە خەت بېسىشنى، كوت - كوتتا پاراڭلىشىشنى، ئويۇن ئويناشنى . . . ئىشقىلىپ زېرىكمەيدىغان ئىشلارنى ئۆگەتتىم. ئۇنىڭمۇ قىزغىنلىقى يۇقىرى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. بىرەر كۈن ئىشىم چىقىپ كىرەلمىسەم بىرمۇنچە

خەت قالدۇرۇپ قويدۇ تېخى.

كېيىنچە مۇنبەر ئۇنىڭغا بەك تەسىر قىپتۇ. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ھېس قىلدىم. مۇنبەردىكى بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك، ئىلغار ئىدىيىلىك ياشلىرىمىزنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىرى، جەمئىيەت، مىللەت، يۇرت، قىز، ئانا . . . ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى ئۇنى خېلى ئويلاندۇرۇپتۇ. مېنىڭمۇ ئۈمىد قىلىدىغىنىم شۇ ئىدى. كۈندە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ مەنمۇ ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسەم چىدىيالمايدىغان بوپ قالدىم. كونىلارنىڭ «كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ؟» دېگەن سۆزى ھەقىقەتەن توغرىكەن. ئۇنىڭغا كۆنۈپ قاپتىمەن.

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ يەنە باشقا ئىشىم چىقىپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىسىمۇ تېلېفون قىلمىدى. «ئاغرىپ قالغانمىدۇ؟ ھېلىقى سويىملار يەنە بوزەك قىلغانمىدۇ يا؟ سودا سانائەتنى باشقۇرغۇچىلار ماللىرىنى مۇسادىرە قىلغان بولسا ماڭا تېلېفون قىلاتتى. . .» تۆگمەس تەشۋىشلەر ئىچىدە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلسام «بۇ نومۇر توختىتىۋېتىلدى» دەيدۇ. تېخىمۇ ئەنسىرەپ ئۆيىگە بارسام تاقاق. ئۆي ئىگىسىدىن سورىسام «بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۆينى قايتۇرۇۋېتىپ كەتتى، نەگە بارىدىغانلىقىنى دېمىدى» دېمەسمۇ بېشىمغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك قېتىپلا قالدىم. كۆڭلۈم بىر نەرسىنى سەزگەندەك ئۇدۇل تورخانىغا چاپتىم. كوت - كوتۇمنى ئېچىپلا يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوپ قالدىم. ئۇ ماڭا مۇنۇ سۆزلەرنى قالدۇرغان ئىدى:

«غەيرەت! مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئەڭ خۇشال بولغان، ئۆزەمنى ئەڭ بەختلىك دەپ ئويلايدىغان ئىش _ سىزنى ئۇچراتقىنىم. مېنىڭ خاتا يولدىن قايتىشىمغا ياردەم قىلغىنىڭىزغا، ماڭا ھەقىقىي مۇھەببەتنى ھېس قىلدۇرغانلىقىڭىزغا كۆپ رەھمەت! مەن بىلىمەن، بىزگەرچە مۇھەببەتلىشىشكە ئىنتايىن ماس كەلسەكمۇ ئەمما ھالال ئەر - خوتۇن بولالمايمىز. مېنىڭ سىزگە خوتۇن بولۇشقا سالاھىيىتىم توشمايدۇ. سىزمۇ مېنى ئالمايسىز ھەقىچان؟ مېنى <جېنىم خوتۇن، سەت خوتۇن . . .> دەپ ئەركىلىتىشلىرىڭىزنى، بىللە سەيلە قىلغان يامغۇرلۇق تۈنلەرنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرىمەن. سىزگە كۆز تەگمەسلىكىنى ھەر ۋاخ نامىزىمدا ئاللاھتىن تىلەيمەن. مېنى ئىزدىمەڭ، بىكار ئاۋارە بولىسىز. مەن ئاتا - ئانامنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ سىز دېگەندەك ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشقا تىرىشىمەن. ئاللاھ سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! سالامەت بولۇڭ!»

ئۇنىڭ خەتلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم. كۆزلىرىم ئىمىر - چىمىر بولۇپ بەللىرىمنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندا

ئاندىن ئاستا تۇرۇپ بىز بىللە يامغۇردا سەيلە قىلغان، بىللە تاماق يېگەن جايلارغا . . . تورخانىلارغا بېرىپ ئۇنى ئىزدىدىم. ئۇنىڭ راستىنلا كەلمەسكە بەلكىم مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئۆزەمنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئادەم نېمە دېگەن دۆت ھە؟ دائىم يوقاتقان چاغدا ئەسلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ توساتتىن تېلېفون قىلىپ «جېنىم! سىزدىن قانداقمۇ ئايرىلىپ كېتىشكە چىدىيالايمەن، چاقچاق قىلىپ قويدۇم» دەپ ئالدىمدا پەيدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. لېكىن كوت - كوتتا قالدۇرغان خەتلىرىنى ئويلىسا ملا بۇ خىياللىرىم كۆپۈككە ئايلىناتتى. مېڭىپ - مېڭىپ ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپ تونۇشقان جايغا كەلدىم. يولنىڭ ئۇ چېتىدە تۇرۇپ ئۇ يەرگە قاراپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغلارنى، بىللە يامغۇردا سەيلە قىلغان، بىر قاچا سۇيقاشنى تەڭ ئىچكەن چاغلاردىن تارتىپ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ماڭا قالدۇرغان خەتلىرىگىچە ئويلىدىم. ئۇ يەرگە كىرىپ سوراپ باقماقچى بولۇپ دەرھال نىيىتىمدىن ياندىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئۇنداق يەرگە قەتئىي قايتا قەدەم باسمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن. شۇلارنى خىيال قىلغاچ كۆزۈمدىن ئىككى تامچە ئېقىپ چۈشتى. قىزبالا ئۈچۈن كۆزۈمدىن ئىككىنچە قېتىم ياش چىقتى. ئاۋازنى قويۇۋېتىپ يىغلىغاندىكى ئازاب ئۈنسىز يىغلىغاندىكى ئازابنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە دال بولالمايدىكەن. ئويلاپ باقسام تۇنجى ياخشى كۆرگەن قىزىمنىڭ ئاغزىدىن ئۆزىنىڭ قىزلىقىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئاڭلىغان چاغدىكى ھېسسىيات ئازاب ئەمەسكەن. مەن ئازابنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىمايتتىم. ئويلا - ئويلا ئاخىرى بىر قارارغا كەلدىم. تورخانىغا ئۇچقاندەك بېرىپ كوت - كوتۇمنى ئاچتىمدە ئۇنىڭغا خەت قالدۇردۇم:

«سېنى ئالىمەن!!! سېنى ئالىمەن!!!سېنى ئالىمەن!!! سېنى ئالىمەن!!!سېنى ئالىمەن!!! سېنى ئالىمەن!!!سېنى ئالىمەن!!! سېنى ئالىمەن!!!سېنى ئالىمەن!!! سېنى ئالىمەن!!!سېنى ئالىمەن!!! سېنى ئالىمەن!!! . . . »

----------------------------------------2----------------------------------------

ئۇ كەتكەندىن كېيىنكى كۈنلىرىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مىنۇتلارنى ئەسلەش، ئۇنى سېغىنىش بىلەنلا ئۆتتى. ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىپ "ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ" دەيتتىم. ئۇدا بىر ئاي كۈندە تورخانىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سۆز قالدۇرۇپ قويدۇم. لېكىن ئۇنىڭدىن قىلچە سادا يوق. مېنىڭ ئۇ چاغلاردىكى ھېسسىياتىمنى

ئايرىلىشنىڭ تەمىنى تېتىپ باققانلار چۈشىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۈرۈنقى خىزمەت ئورنۇمدىن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان جايغا يېقىن يەردە ئىشلىدىم. بىزنىڭ بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتى تازىلىق ئۆيى بولۇپ، تازىلىق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن بۇ «گۇناھ كوچىسى»نى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. قاتار - قاتار كەتكەن ئون نەچچە دۇكاننىڭ ھەممىسى شۇنداق جاي ئىدى. بەزىلىرى مونچا، بەزىلىرى كىنوخانا، بەزىلىرى سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنى، ئىككىسى تېخى ۋىدىئوسىكىسمۇ يوق ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا تىجارەت قىلىدۇ. ھەر كۈنى 5 - 6 نۆۋەت تازىلىق ئۆيىگە چىقىپ تاماكا چەككەچ بۇ يەرنى كۆزىتىمەن. بۇ يەرگە ئادەمنىڭ ھەرخىلى كىرەتتى. گاھىدا ياش باللارنىڭ كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرسەم ئۇلارغا ئېچىنىپ دېرىزىدىن بېشىمنى چىقىرىپ تووۋلاپ ئۇلارنى كەينىگە يېنىشقا ئۈندىگۈم كېلەتتى. بېشىغا دوپپا كىيىۋالغان، ساقىلى مەيدىسىدە بار، يول مېڭىشىمۇ خېلى تەسكە چۈشىدىغان، «بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان»لارنى كۆرسەم ئىچىم ئاچچىق بولۇپ يىغلاپ ئۇلارغا يالۋۇرغۇم كېلەتتى. بەلكىم ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىسى ئەمەس، نەۋرە - چەۋرىسى باردۇ. كۆڭلۈمدە بولسا «تۇرمۇش ئوچىقىدا تاۋلانغانلار چېغىدا بۇنداق يەردىن ئاشۇ ئىشتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتسا خام ياشلارنىڭ كېلىشىمۇ بەك ئەيىب ئەمەسكەن» دەپ قالاتتىم. بىر قېتىم بىر مويسىپىت، بېلى مۈكچەيگەن ئادەم بېشىدا دوپپا، ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. غەزىپىم تاشتى گەرچە ياشانغانلارنىڭ كىرىشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم بولمىسىمۇ ئۇنى بىر قېتىم بولسىمۇ توسىۋېلىش خىيالىغا كەلدىم. توساتتىن بىر ئاممىۋى ھاجەتخانىدىن بىر خەنزۇ چىقىپ قولى بىلەن كىرىشكە ئىما قىلدى. توۋا! باياتىن بېرى يولنى ئوڭلاپ ماڭالمايۋاتقان ئادەم ئەمدى ئالدى - كەينىگە قارىماي ھجىيىپ يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. قاراپ خىيالىمغا مۇنبەرلەردە يوللانغان مىللەت، كەلگۈسى، يۇرتىمىز. . . توغرىلىق يېزىلغان تېمىلار كەلدى. ئاشۇنداق تېمىلارغا «يازماڭلار قېرىنداشلار! پايدىسى يوقكەن . . .» دەپ ئىنكاس يازغۇم كەپ كەتتى. لېكىن باھادا كېلىشەلمىگەن بولسا كېرەك بىردەمدىلا يېنىپ چىقتى ۋە بەلكىم ئۇ يەردىكىلەرنى ياراتمىغاندۇ. قارىماققا ئۇيەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يېشى چوڭراقتەك قىلاتتى. ئۇ يەنە ماڭدى. كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە بىرى چاقىرماقچى بولۇۋىدى دېرىزىدىن بېشىمنى چىقىرىپلا تووۋلىدىم:

_ چوڭ ئاتا(تۇرپاندا دادىمىزدىن چوڭ ئادەملەرنى چوڭ ئاتا دەپ ئاتايمىز)! ئاۋۇ ئۇدۇلدىكىسىگە كىرسىلە! "
ئۇ ئۇياق قاراپ، بۇياق قاراپ ئاران دېگەندە مېنىڭ تۇرغان ئورنۇمنى بىلدى ۋە بىلمىگەن قىياپەتتە كىرىۋېلىپ:
_ نېمە دەيسىز؟
زەردە بىلەن تېخىمۇ ئۈنلۈك تووۋلىدىم:
_ ئاۋۇ ئۇدۇلدىكىسىگە كىرسىلە شۇنداق ئوماق، نەۋرىلىرىگە ئوخشاش چىرايلىق سەتەڭلەر بار. شۇلارنى ئوينىمىسىلا باشقىسى بىكار! _ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىۋىدىم «مەن.... ھاجەت قىلىۋالاي.....دېگەن......» دەپ بىرنېمىلەرنى غۇدۇڭشىغىنىچە تېز - تېز قەدەم بىلەن ھوقۇشتەك ئەتراپىغا شارت - شۇرت قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى شۇنداق كۈلكىلىك ھەم ئېچىنىشلىق ئىدى.

كۈندە كۆزىتىمەن. بۇيەرگە سۈت ساتىدىغان، كۆمۈر ساتىدىغان . . . مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىكلەر، كىچىكلەر، ھەتتا 12 - 13 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى باللارمۇ كىرەتتى. «ئۇلارغۇ كىچىك بىلمىسۇن، ئاۋۇلار چوڭ بولغاندىكىن، تەربىيە قىلسا بولمامدىغاندۇ» دەپ ئۇيەردىكىلەرگە تېخىمۇ ئۆچ بوپ كەتتىم. ئۇيەرگە قارىغانسېرى بۇ ئىشلارنى ئۆزۈمنىڭ تىزگىنلىيەلمەيدىغانلىقىمنى ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ جاننى ئالقانغا ئەپ قويۇپ ئىچىگە كىرىپ ھەممىسنى ئۇرۇپ، دەسسەپ باشقا كەلگەننى كۆرمەكچىمۇ بولاتتىم. لېكىن ئۇ ئىشلىرىمنىڭمۇ پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ئويلىسام ھۆكرەپ يىغلىغۇم، شۇ يەرگە كىرىۋاتقانلارغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ بولسىمۇ كىرمەسلىككە دەۋەت قىلغۇم كېلەتتى. كېيىنچە ئۇيەرگە قارىماس بولدۇم. ئۆزۈمگە ئۆزۈم كۆڭۈل ئاغرىقى ئىزدەپ نېمە قىلاي؟ مەن قاراپ قويغانغا ئازىيىپ قالمايدۇ ئۇنداقلار. . .

ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانغا دەل يەتتە ئاي بولغان كۈنى سەل ئىچىم پۇشۇپ ئازراق ئىچكۈم كېپ قالدى. سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنىغا كىرىپ پىۋا ئىچىپ ئولتۇرغاچ يەنە ئۇنى ئويلاپ خىيالغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا بىرى كېلىپ:
_ ئاداش، چاقمىقىڭنى بېرىپ تۇرە! _ دېگىنىچە مەن تەپكە كېلىۋاتاتتى. چىرايىغىمۇ قارىماي چاقماقنى تۇتقۇزۇپ قويدۇم.
_ ۋوي! غەيرەتقۇ سەن؟! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ياۋ پانا. . . باكەنسىلە ھە؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ھېلىقى ئالىم چېكىلۈك. ئۇنى كۆرۈپ خېلى كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۆزۈڭدىن بۇيان ئۇنىڭغا "رەھمەت" دېمىسەممۇ ئوبدان بىر مېھمان قىلىۋېلىش ئويۇم باتتى. چۈنكى ئۇ مېنى دىلخۇمارغا تونۇشتۇردى ئەمەسمۇ؟ گەرچە بىۋاستە ئۇ ئارقىلىق تونۇشمىغان بولسامۇ كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە ئۇنىڭغا رەھمىتىم باتتى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن كىرمىگەن بولسام دىلخۇمار بىلەن تونۇشالمايتتىم - دە؟

_ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ئورنۇمدىن تۇرۇپ خۇشال ھالدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم.

_ يوقاپلا كەتتىڭغۇ؟ بىر يىل يېتىۋالساڭمۇ ماڭا ھېساب، دەپ قويسام شۇ يەردىن چىقماي يۈرەمسەن يە؟ _ دېدى ئۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنچىلىك دوستانە ھەم سەممىي ئىدى.

_ ئا........چاقچاق قىلمىغىنە~! ئىشلەپ شۇ! ھە، ئۆزۈڭچۇ؟ چېكىلۈك ئەمەس لى لىيەنجې دېسەك بولغۇدەك ئەمدى.

ئۇنىڭ ھازىرقى چاچ پاسونىمۇ ئۆزگىرىپ قاپتۇ. بۇرۇنقى رامبۇل قوينىڭ قوڭىدەك چېچىنى قىسقارتىپ شۇنداق يارىشىملىق قىلىۋاپتۇ. چېھرىدىن كۈلكە ئۆچمەيتتى. بەلكىم مىجەزى شۇنداقتۇ ۋە ياكى مېنى كۆرۈپ خۇشالدۇ.

_ مەن ھازىر ساتراچلىقنى ئۆگىنىۋاتىمەن ئاداش. بۇرۇنقى ئالىم چېكىلۈك يوق. ھازىر مېنى ھەممىسى "ئالىم ساتراچ" دېيىشىدۇ! ئۆزگىرىپ كەتتىم ھازىر، _ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزلىدى ئۇ.

_ ھا ھا. . . ئەمدى چاچ ئالدۇرىدىغان پۇلۇم تېجىلىپ قالغۇدەكتە؟

_ چاتاق يوق! قولۇم كۆكسۇمدە ئاداش! ھى ھى . . .

ئۇلارمۇ 5 - 6 دەك بولۇپ سورۇن تۈزۈشۈپ ئولتۇرماقچى بولغان ئىكەن. مېنى سورۇنغا تەكلىپ قىلىپ ئاغىنىلىرىگە تونۇشتۇرۇپ نېمە ئىچىدىغانلىقىمنى سورىدى:

_ ئاداش، كۆڭلۈڭ نېمە تارتىدۇ؟ ھاراق - تاماكىنى تاشلاپ، بەش ۋاخ نامىزىمنى باشلىۋالغان دېگىنە! بۈگۈن بۇ ئاغىنىلىرىم يوقلاپ كەپتىكەن. مەن كەيپ قىلماي، سەن نېمە ئىچكۈڭ بولسا تارتىنماي دەۋەر! _ ئۇنىڭ گەپلىرىدىن كەيپىياتىم تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. مانا! ئادەم ئۆزگىرىمەن دېسە يېرىم يىل بۇرۇنقى ئوغرى - يانچۇقچىلىق قىلىپ، كەيپىنى كەيپكە ئۇلايدىغان ئادەمدىن تەقۋادار مۇسۇلمانغا نېمىشقا ئۆزگىرەلمىگۇدەك؟ پاكىت ئالدىڭدا تۇرسا ئىشەنمەي تۇرالمايسەندە؟ ئەمما قانداق كۈچنىڭ دەستىدىن ئۆزگەرگەنلىكىگە ھېچ ئەقلىم يەتمايۋاتاتتى.

_ پاھۇي! ياخشىغۇ! ئەكېلە قولۇڭنى! _ ئۇنىڭ بىلەن قايتا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋەتتىم، _ كەيپتىن زېرىكىپسەندە؟ _ دېدىم ئۇنىڭدىن "نېمىشقا ئۆزگەردىڭ؟" دەپ سورىيالماي.

_ ئۇنداق ئەمەس، _ ئۇ كۈتكۈچىنى چاقىرىپ ئۆزىگە ئىچىملىك، باشقىلىرىمىزغا پىۋا بۇيرۇتۇپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، _ دادام تۈگەپ كەتتى ئاداش! _ نەپەسنى بولۇشىغا ئېلىپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى، _ ئىنىم كىچىك مەكتەپتە ئوقۇتمىسام بولمايدۇ، ئاپامنىڭ يېشى چوڭىيىپ قالدى، ئېتىزلىقتا مەن ئىشلىمىسەم يەيدىغان، ئىچىدىغان، كىيىدىغاننى خۇدايىم ئاسماندىن تاشلاپ بەرمەيدۇ - دە؟ دادامنىڭ قەدرى بەك ئۆتۈلدى. رەھمەتلىك دادام قازا قىلىدىغان چاغدا "ئالىم! ئاپاڭغا ياخشى قارا! ئىنىڭغا ياخشى قارا. . ." دەپ كۆزى يۇمۇلماي كېتىپ قالدى، _ ئۇ كەيپىياتنى بۇزماي، دېدىمۇ غەشلىك قاپلاپ تۇرغان چىرايىنى سىلكىپ تاشلاپ زورىغا كۈلۈمسىرەپ:

_ ئۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى! ئاران بىر كۆرۈشكەندە خۇشال بولىدىغان پاراڭ قىلايلى! _ ئۇنىڭ كۆز ئۇچقۇنلىرىدىن خېلى جىق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىقنى ئاز تېتىمىغانلىقنى ھېس قىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

_ كېيىن ئايرىم پاراڭلىشىۋالارمىز، _ دېدىم ئۇنىڭغا مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ.

_ ماقۇل، چاتاق يوق!

سورۇندا شۇنداق كۆڭۈللۈك ئولتۇردۇق. مەن قاتارلىق بىرنەچچەيلەن پىۋا ئىچتۇق. ئۇ ئىچىملىك ئىچىپ ئولتۇردى. سورۇن بىر ئوبدان كېتىۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز مەندىن سوراپ قالدى.

_ ھېلىقى مابىتنىڭ بىلەن قانداق بوپ كەتتىڭلار؟ _ ئۇ شۇنداق سەممىي تەلەپپۇزدا گەپ قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇرغان ھېلىقى پور كۆتەك مابىتى ئالىمغا دەپ قويغان بولسا كېرەك، ئۇمۇ بىر نەچچە قېتىم بىزنى كۆرۈپ قالغانىدى. شۇڭا ھەيرانمۇ بولمىدىم. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق گەپنى يوشۇرماي دەۋەتمەكچى بولدۇم.

_ ھەــــــــــــــــــــەي، ئاداش! مەنمۇ بىلمەيلا قالدىم. بىر ئوبدان يۈرۈۋاتاتتۇق. بىر مەزگىل يوقاپ كېتىپ كوت - كوتۇمغا خەت قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. . .

_ نېمە دەپ؟

_ مېنى ئىزدىمەڭ! بىز ماس كەلمەيمىز، سىزنى ئۇنداق ئەسلەيمەنەي، بۇنداق ئۇنتالمايمەنەي . . . دېگەندەك كىتاب سۆزلىرى.

_ ئۇنى ياخشى كۆرەمتىڭ؟

_ دەسلەپ بىلەلمىگەن. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ھېس قىلدىم، _ تۇنجى قېتىم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى بىرسىگە دېيىشىم. باشقىلارمۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ بىزنىڭ پارىڭىمىزغا دىققەت قىلىۋاتاتتى. يېنىمدا ئولتۇرغان بىر ئاغىنىمىز سەل قىزىپ قالغاندەك تۇراتتى. Â

_ ئالامسەن؟ _ دەپ سورىدى ئۇ.

_ ياخشى كۆرىمەن، دېگەندىكىن ئەلۋەتتە ئالىمەندە؟! _ دېدىم ئىككىلەنمەيلا.

_ ئەمسە ئىزدەيلى!

_ نەدىلىكىنى بىلمىسەم يە؟

ئالىم بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزدى.

_ ئاداش، ئۇ ساڭا بىر دوستى بىلەن كەلگەنلىكىنى دېگەنمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كاللامغا بىر ئەقىل كەلگەندەك خۇشلۇقتىن يۈرىكىم دۇپۇلدەپ كەتتى. ئۇ ماڭا بۇ يەرگە بىر دوستى بىلەن تەڭ كەلگەنلىكىنى دېگەن ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ دوستىدىن ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى سورىۋالسام بولىدۇ - دە؟ نېمىشقا بۇنى ئويلىمىغاندىمەن. توۋا! ئادەم ھىجران قايىنىمغا چۈشۈپ كەتسە كالۋالىشىپلا كېتىدىكەن دېسە!

_ توغرا، _ دېدىم مەن ھاياجىنىمنى باسالماي، _ ئاشۇ دوستىنى ئىزدىسەكلا ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالايمىز! خۇشاللىقتىن قوللىرىمنى ئۇۋۇلاپ كەتتىم.

_ ۋاي - ۋۇي! مانى قارا! بۇرۇن ئويلىمىغانمىتىڭ؟

_ خۇدادىن تىلەپ ئولتۇردۇڭ دېگىنە؟ Â

_ خۇدا ساڭا ئاسماندىن تاشلاپ بەرمەيدۇ، سەۋەب قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟

_ بۇنى ھىجرانىنىڭ ئوتىدا يۈرىكى قوقاستەك پۇچىلىنىپ ئەقلىدىن كېتىش، دەيمىز. ھا ھا ھا . . .

سورۇندىكى بالىلار بىر ئېغىز دىن سۆزلەپ مېنى ئوبدانلا سەگىتىپ قويغانىدى. بۈگۈن بۇ بالىلار بىلەن بولۇپمۇ ئالىم بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن ئالەمچە خۇشال ئىدىم.

_ ئەمسە ھازىرلا بارايلى. ئۇنىڭ ئادرېسىنى بىلىۋالسام قانچە يىراقتا بولسىمۇ بارىمەن. بۈگۈن بىلىۋالسام ئەتە يولغا چىقىمەن. ئۇنىڭ ئادرېسىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن سىلەرنى ئۆزۈم بىر قوللۇق مېھمان قىلىمەن . . .

_ توختاپ تۇرا! سەن بىلمەيدىغان ئىشلار بار تېخى!

سۆزۈم تۈگىمەيلا ئالىم مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى. شۇ تاپتا بىر سېكۇنتمۇ ماڭا بىر سائەتتەك بىلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۈكۈتتە ئولتۇرۇۋېرىشىغا چىدالمىدىم.

_ تېز دېگىنە ئاداش! نېمە ئىشلار ئۇ؟ كۆڭلۈمنى بىر قىسما قىپ قويدۇڭ.

ئۇ تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇرۇپ ئاغىنىلىرىگە بىر قۇر مەنىلىك قارىۋېتىپ ئاندىن ماڭا قاراپ:

_ ئەسلى بۇ ئىشلارنى ساڭا دېمەي دېگەن. لېكىن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىكەنسەن. مەن سەن بىلەن تونۇشماستىلا باشقىلاردىن ئاڭلاپ سېنىڭ مىجەزىڭگە قول قويغانىتىم. تونۇشقاندىن كېيىن سېنى سىناپ باقماقچىمۇ بولغان. كۆڭلۈمدە «بەز يېمەيدىغان مۈشۈك يوق» دەپ ئويلايتتىم. ئۇ ئويۇممۇ خاتا چىقتى. سېنى ئىزدەپ بېرىشقا يۈزۈم چىدىمىدى. چۈنكى مەن سېنى بېرىشنى خالىمىغان يەرگە زورلاپ قويدۇم ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ئوبدان ئۆچرىشىپ قالدۇق. بۇمۇ ياخشى بولغىنى تەقدىر - پېشانە دېگەن شۇدە! _ دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ.

ئۇنىڭ تېزراق «مەن بىلمەيدىغان ئىشلار»نى دەپ بېرىشىگە ئالدىراتتىم.

_ ئاداش! مېنى شۇنچىلىك چۈشەنگىنىڭگە رەھمەت! بۇ گەپلەرنى كېيىن دېيىشۋالايلى. بولىدىغان گەپتىنلا چۈشەمسەن؟ _ شۇ تۇرقۇم خۇددى كىچىك بالىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بالىلارمۇ بۇ تۇرقۇمغا قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئالىم ماڭا بىر پەس قارىۋەتكەندىن كېيىن ھەممىنى دەپ بەردى.

_ سەن ھېلىقى چاغدا ئۇرغان قىزىڭلا ئېسىڭدىمۇ؟

_ ھېلىقى پور كۆتەكما؟

_ ها ها ها.... ئۇنداق دېمە جۇمۇ! مۇشۇ ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن.

_ نېمە؟ قانداق ئىش بوپ كەتتى بۇ؟ _ بىر تەرەپتىن خۇش بولسام يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ گەپىنىڭ مېغىزىنى دېيىشنى ئۈمىد قىلىپ تىت - تىت بوپ تۇراتتىم.

_ ھەيران بولما! ئۇ چاغدا مەن ئۇنى تۇسۇۋالمىغان بولسام ئۇ خوجايىنلىرىغا دېگەن بولسا ساڭا بوش ئىش يوق ئىدى، ھې ھې . . . _ ئۇ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى. ئەمدى چىدىمىدىم.

_ ئــــــا...... مېنى گەپكە سېلىۋاتامسەن يا ئۆزۈڭنىڭ مابىتىنى ماختاۋاتامسەن؟ مەن بىلمەيدىغان گەپ مۇشۇما؟ _ سەل چېچىلىپ قالدىم.

_ ھى ھى ھى..... _ ئۇ باشقىلار بىلەن تەڭ كۈلۈپ كەتتى، _ ئاچچىقىڭ كەلسە راست ئۇماق بوپ كېتىدىكەنسەن ھە؟ ھا ھا ھا . . .

_ ئادەمنى ساز قىلمىغىنەۋا! _ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇ يەرگە ئۆزۈملا بارماقچى بولدۇم، _ بار بولغاندىكىن كېيىن ئولتۇرۇۋالارمىز. خوش!

_ ۋاي، ۋاي، ۋاي! ئاداش چاقچاقنى راستقا ئېلىۋالدىڭمۇ؟ _ ئۇ كەينىمدىن كېلىپ قولۇمدىن تارتتى، _ ئولتۇرە! بۇ قېتىم راست دەپ بېرىمەن. ئوغۇلبالا دېگەن سوغۇققان بولىدىغان.

گەپ قىلماي ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

_ دىلخۇمار، _ سۆزىنى باشلىدى ئۇ، _ ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن چىرايلىق ھەم فىگورىمۇ قاملاشقان. بىزنىڭ مابەتنىڭ دەپ بېرىشچە ئۇ كەلگىلى قىسقا ۋاقىت بولغان بولسىمۇ نۇرغۇن خېرىدار ئۇنى دەپ كېلىدىكەن. لېكىن ئۇ كىچىك بالىلار بىلەنلا بىرگە بولىدىكەن. باشقىلارغا «كېيىنچە»دەپ قويىدىكەن. خوجايىنىمۇ ئاۋۋال ئۆزى تەمىنى تېتىپ بېقىپ ئاندىن قاتتىق قول بولۇش ئۈچۈن ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپتىكەن. خوجايىنىنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ خوتۇنىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ يولغا سېلىپ قويۇپ ئۇنىڭغا پىچاق بىلەۋاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن سەن تونۇشۇپ قاپسەن ھەم ئەتىسىلا «ئاپام ئاغرىپ قاپتۇ» دەپ ئۆيەردىن يېنىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن تورخانىلارغا كىرگىنىڭنى بىزنىڭ مابەت كۆرۈپ قېلىپ ساڭا ھەم دىلخۇمارغا ئاچچىقى بولغاچ خوجايىنىغا ھەممىنى دەپتۇ.

_ ئۇنىڭ ماڭىمۇ ئاچچىقى بار، دەيلى. دىلخۇمارغا نېمىشقا ئاچچىقى باركەن؟ _ ھەيران بوپ سورىدىم، _ ئەينى ۋاقىتتا ئۇ دىلخۇمارنى دەپ مەندىن تاياق يېگەن تۇرسا؟

_ گەپ دەل مۇشۇ يەردە ئەمەسمۇ؟ ئۇ دىلخۇمارنى دەپ سەندىن تاياق يېسە، دىلخۇمار قوپۇپ سېنىڭ قولۇڭدىن تارتىپ ئەكىرىپ كېتىپ ئەتىسى سېنى دەپ ئۆيەردىن بۇنىڭغا «خوش»مۇ دېمەي كېتىپ قالغان تۇرسا؟!

بىلمەمسەن، قىزبالىلار بەزى يەرلەردە بەزىبىرخىل بوپ قالىدىغۇ؟! _ ئۇ پۈتۈنى ماڭا ئىما قىلىپ، _ خوشە ئاداش! بۈگۈن ھەممە گەپنى ساڭا دەپ بېرەي. ئالدىرىماي پاراشىلىشايلى. بۈگۈنلا ئۆيەرگە بارىمەن، دېگەن ئويۇڭدىن ۋاز كەچكىن. ئەتە بىللە بارىمىز، قانداق؟

مەن رومكىنى كۆتۈرگەچ «ماقۇل» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا قېشىمنى ئېتىپ قويدۇم.

_ ھە ئەمدى بولدىغۇ مانا، _ ئۇ ماڭا بىر تال تاماكا تۇتقاچ، _ كېيىنكى ئىشلارنى ئاڭلىساڭ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالماي قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن ئاداش!

_ ئۇنداق بولمايدۇ. دەۋەرگىن. بۈگۈن سىلەر بىلەن تەڭ كېتىمەن. گېپىڭنى ئاڭلايمەن، دېدىم مەن.

ئاخىرىنى بالدۇرراق بىلىش ئۈچۈن مۇنداقلا دەپ قويغانىتىم.

_ ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ.

_ دېگىنە قېنى!

_ سەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇ خوجايىنىنى پىتلىرى چېقىپ ئارام بەرمەپتۇ. ئىككىڭلارغا ئاچچىقى كېلىپ گېپىدىن چىقمايدىغان بىرنەچچە ئوغرى - يانچۇقچى شوركىلىرىنى سودا بازىرىغا ئەۋەتىپ ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ. «مۇئاشنى جىق بېرىمىز، 2/3 ئۆلۈش بويىچە مۇئاش بېرىمىز . . .»دەپ ياخشى گەپ قىلىپ بېقىپتۇ. ئادەتتە ئۇلارغا تاپقان پۇلىنىڭ 1/3 ئۆلۈش بويىچە مۇئاش بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپمۇ قايتىپ كېتىشكە قوشۇلمىغاندىكىن قاتتىق قوللۇق قىلماقچى بوپتۇ. بىراق سەن ھېلىقى ھەسەن پاچاقنا ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشنى تاپىلىغاندىكىن ئۇ دەسلەپ قارشى تۇرۇپتۇ. سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاڭلىسا تىلى كالۋالىشىدىغان يانچۇقچىلار ئۇنىڭغا چېقىلالماي خوجايىنىغا دەپتىكەن. خوجايىنى سېنىڭ قانداقلىقىڭنى شوركىلىرىدىن سوراپ نامىڭنى، ئەتراپتا قانچىلىك يۈزۈڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھەسەن پاچاقنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا كۈنىگە 20 يۈەن بېرىدىغانلىقىنى بەزى ئىشلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋېلىشنى، ئەگەر سەن سوراپ

قالساڭ «دەپ قويدۇم، ھېچكىم بوزەك قىلمىدى . . .» دەپ قويۇشنى تاپالاپتۇ.
_ نېمە؟ ھەسەن پاچاق 20 يۇئەنگە سېتىلىپ كېتىپتىما؟ ئۇ مېنىڭ سەككىز يىللىق يېقىن ئاغىنەم ئىدىغۇ؟ _ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم، _ خەپ ئەتە كۆرۈشۈپ پۇلغا تويمايدىغان گېلىنى بوغۇزلاپلا ۋەتمەيدىغان بولسام، _ شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋالدىم. ماڭا كېرىكى دىلخۇمارنىڭ ئىشلىرى ئىدى.
_شۇنىڭ بىلەن، _ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، _ ئۇلار دىلخۇمارنى كۇندە بوزەك قىلىپ، ماللىرىنى دەسسەپ - چەيلەپ، ھارۋىسىنىڭ چاقىغا پىچاق تىقىپ، ئۇنىڭ بۇرۇن قانداق ئىش قىلغانلىقىنى خۇددى تەشۋىقات قىلغاندەك كوچىدىلا ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە توۋلاپ ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ «باھا قويۇڭلار! بىر كېچىلىكى مانچە پۇل . . .» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇنى ھاقارەتلەپتۇ. بىچارىنى ياقىلاپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئوغۇلبالىدەك گەپ قىلىدىغانلاردىن بىرىمۇ چىقماپتۇ. تېخى بەزى چوڭ - چوڭ ئادەملەرمۇ ئۇ يانچۇقچىلارغا يوشۇرۇن ھالدا تېلېفون نومۇرلىرىنى يېزىپ تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئىشلارنى سودا بازىرىدىكى بازار ئوينايدىغان ئاغىنىلىرىمدىن ئاڭلىدىم. ئۇلار يانچۇقچى بولغان بىلەن خېلى غورۇرى بار. بىراق ئۇلارغا نېمە ئامال؟ ئۇلار ئۆز ئالدىغا بازار ئوينىغاچقا ئۇنداق ئارقا تېرىكى بار بازارچىلارغا ئارتۇق گەپ قىلالمايدۇ - دە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە دىلخۇمارمۇ كۇندە چىقىدىكەن. ئۇلارمۇ كۇندە بوزەك قىلىدىكەن. . .
_ ئۇ ئىشنى قىلغۇزمىساممۇ بوپتىكەن، _ ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە رومكا ئىچىۋەتتىم. بوغۇزۇمغا بىرنەرسە كەپلىشىپ، كۆزلىرىم ئاچچىق بوپ كەتتى. ماڭا دەي، دېسە مېنىڭ ئۇلار بىلەن ئازارلىشىپ قېلىشىمنى خالىمىغان گەپ. بىچارە! مېنى دەپ، مەندىن ئەنسىرەپ، مېنىڭ ئۇنىڭ ھالال ئىش قىلغانلىقىمدىن خۇش بولغانلىقىمنى بىلگەچكە مېنى، مېنى، مېنى خۇشال قىلىمەن دەپ . . . ئۆزى بىلەن ھېسابلاشماپتۇ. ھەي دۆت! ماڭا دېسەڭ بولماسمىدى؟ سەن ئۇچۇن جان كەتسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ؟ ئاشۇلارغا سېنى بوزەك قىلدۇرۇپ قويارمەنما؟ ياق، ياق! ئۇ مېنىڭ ئۇلاردىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. ئۇ چوقۇم مېنىڭ ئۆزى بىلەن يۈرىۋاتقىنىمنى، مېنىڭ ئۆزىنىڭ يىگىتى ئىكەنلىكىمنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمىغان گەپ. چوقۇم شۇنداق. چوقۇم مېنىڭ ئابرويۇمنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى، باشقىلارنىڭ ماڭا مەسخىرە نەزىرىدە قارىشىنى خالىمىغان گەپ! ئاھ خۇدا! ئازغان بەندەڭ ئۆز يولىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى قوغدىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ؟

_ يىغلاۋاتامسەن؟ _ دەپ سورىدى ئالىم مۈرەمدىن بوشقىنا سىلكىگەچ.
ئويلىغانسېرى ئىچىمدىكى ئاچچىق گېلىمغا كەپلىشىپ تۇرۇۋالدى. كالپۇكلىرىمنىمۇ باشقۇرالماي قېلىۋاتاتتىم. شۇنچە ئۆزەمنى تۇتىۋالساممۇ ئاۋازىم ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقىپ كەتتى.
_ يا.... ياق!
«ئوغۇلبالا يىغلىسا قانداق بولىدۇ» دەيتتىم ئىچىمدە. نەپسىمنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتىۋالماقتا ئىدىم. مۇشتلىرىم تۈگۈلۈپ قوللىرىم ئاچچىقتىن تىترەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرىۋەتكۈم كەپ كەتتى. ئۇ نىجىسلارغا بولغان ئاچچىقىمنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىنمۇ؟
_ ھېچقىسى يوق ئاداش! _ ئالىم مۈرەمگە بوش شاپىلاقلاپ، _ يىغلا! ئوغۇلبالا يىغلىسا بولمايدۇ، دەپ قانۇن بولمىغاندىكىن يىغلاۋەر! بۇ ئاغىنىلەرنىمۇ مېنى كۆرگەن كۆزۈڭدە ئۆز كۆر! ئۇلارمۇ ھەممە ئىشنى بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە دىلخۇمارغا ئىچ ئاغرىتىپ تۇرۇپمۇ ياردەم قىلالمىغان بالىلار مۇشۇلار شۇ! يىغلا ئاداش! دىلخۇمار سېنىڭ، مېنىڭ ھەممىزنىڭ يىغلىشىغا ئەرزىگۇدەك قىز! ئاۋازىڭنى قويۇۋېتىپ يىغلىۋالساڭ ئىچىڭ بوشاپ قالىدۇ. . .
ئۇنىڭ گەپلىرى قانچە داۋاملاشسا مېنى شۇنچە يىغا تۇتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تەستە بېسىۋېلىپ ئۇنى ئەسلىمەكتە ئىدىم. ئۇنىڭ ئوماق كۈلۈشلىرى، ئەركىلەپ باتناشلىرى، مېۋە سېتىۋاتقاندا خېرىدارلار بىلەن قانداق قىزىقارلىق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئاۋازلىرىدىن ھەتتا ھەرىكەتلىرىن تارتىپ دوراپ بېرىشلىرى، بىللە يول ماڭغاندا «ھېرىپ كەتكەن بولسىڭىز يۈدۈۋالاي» دەپ ئېگىلىپ مېنى دۈمبىسىگە چىقىشقا ئىما قىلغانلىرى، ئۇنىمسام - ئۇنىماي مېنى يۈدۈۋالغانلىرى، قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى . . . كۆز ئالدىمغا كېلىپ يۈرىكىم لەختە - لەختە بوپ كەتتى. ھەممىسى يالغانكەنتۇق! ھەممىسى يالغانكەنتۇق! پەقەت مېنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا، مەن ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىپتىكەن. «ئـــــــــاھ! جېنىم، باغرىم، مەن ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن يارىم! شۇنچە ئىشلارنى ماڭا قىلچە تۇيدۇرماي قېپسەن؟ ماڭا دېسەڭ بولماسمىدى؟ ساڭا نېمە كەلگۈلۈك بۇ؟ مەن بەختىڭنى بەردىم، دېسەم ئەسلى سېنى تېخىمۇ بەختسىزلىك پاتقىقىغا تاشلاپتىمەن. . . نېمشقا ماڭا دېمەيسەن؟ نېمشقا؟ نېمشقا؟ . . .» دەپ ئۇنىڭدىن سورايتتىم. «مەنمۇ نېمشقا بىلمىگەندىمەن؟ مەن نېمانچە دۆت! كۈلۈپ

يۇرسلا بەختلك ھېسابلانمايتتى ئەمەسمۇ!؟ نېمىشقىمۇ بىرەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ياردەملشىپ بەرمىگەندىمەن؟ تېخى ئۇزى پىشلسۇن، بارمىغىنىم ياخشىراق، دەپ كېتىپتىمەن. مەن نېمانچە دۆت؟؟؟ نېمىشقا بىلمىگەندىمەن؟ نېمىشقا؟نېمىشقا؟ . . .» دەپ ئۆزۈمدىن سورايتتىم. «ئـــــاھ خۇدا! نېمىشقا بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىدىكى قارىنى يوقاتمايسەن؟ نېمىشقا رەزىللىك ھەقىقەتنى يېڭىۋالىدۇ؟ نېمىشقا بىر ئوبدان ھالال ئىش قىلىپ جان بېقىۋاتقان ئاجىز قىز بالىنى ئۇنچە كۆپ كۆلپەتلەرگە سالىسەن؟ بۇ دۇنيا نېمىشقا بۇنچە رەھىمسىز؟ ھەممە بەندەڭنى ئىنساب - ديانەت بىلەن يارىتالىڭغۇ؟ ئۇلارمۇ سېنىڭ بەندەڭغۇ؟ئۇلاردا ۋىجدان، ئىنساب يوقما؟ نېمىشقا يوق؟ نېمىشقا؟ نېمىشقا؟ نېمىشقا؟ ھەممىسى نېمىشقا؟؟؟ . .. »دەپ غايىپتىن سورايتتىم.

ئويلىغانسېرى چىداپ ئولتۇرالمىدىم، ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم – دە، ئۇلارغا قاراپ:

_ ئاغىنىلەر! مەن بېرىپ ئۇ ھېجىقىزنى چاناپلاۋېتەي! ....... مەن چىدىمىدىم!!!

شۇنداق دەپ ئۇلارنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سىرتقا ئېتىلدىم. بىراق ئۇلار تەڭلا كېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى.

_ ئاداش! ئۆزۈڭنى بېسىۋال!

_ ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ ئاداش!

_ مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلايلى، ئاداش!

ئۇلار بار كۈچى بىلەن تۇتۇۋالسىمۇ يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىشكە تىرىشاتتىم.

_ ياق! ھازىرلا بېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆزۈمنى كۆرىدىغان يەردە كۆرىمەن. يامنى كەلسە بىر پاي ئوق! بۇنداق خەققە بوزەك بوپ ياشىغاندىن ئۇنداقتىن بىرنى بولسىمۇ يوقىتىپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكەن ياخشى!

_ سەن ئۇيەرگە كەتسەڭ ئاپاڭچۇ؟

_ ئاپام! . . .

كاللام پارتلاپ كېتەيلا دېدى. ئالىمنىڭ بۇ گېپى بىلەن تۇرۇپلا قالدىم. توغرا! مەن كەتسەم ئاپام قانداق قىلىدۇ؟ سىڭلىمچۇ؟ ھەممە ئېغىرچىلىق ئەمدى پۈت - قولۇم بىكار بولىدىغان بولدى، دەپ مەندىن پەخىرلىنىپ يۈرگەن دادامغا قالامدۇ؟ ئـــــاھ، خۇدا! مېنى نېمىشقا قىلمەن دېگەننىمۇ قىلالمايدىغان ئاجىز ياراتقان بولغىيدىڭ؟

_ ئەمسە خەق مېنى مۇشۇ كۈنگە قويسىمۇ چىداپ تۇرىمەنما؟ _ دەپ سورىدىم ئۇلاردىن. شۇ تاپتا كاللامدا ھېلقى ھېجىقىزغا بولغان ئۆچمەنلىكتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى.

_ ياق، ئاداش! _ ئۇ مېنى ئورنۇمغا تارتىپ ئەكېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، _ مېنىڭمۇ، بۇ ئاغىنىلىرىمىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا ساڭا ئوخشاشلا ئاچچىقىمىز بار. ئون جېنى بولسىمۇ ھەممىسنى ئۆلتۈرۈۋەتسەكمۇ دەردىمىز چىقمايدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ مابىتىمغىمۇ نومۇسسىزلىق قىپتىكەن. ئۇيەردىن چىقىپ كېتىمەن، دېسە بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن نۆۋەتلىشىپ. . .

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. Â

_ ئۇ ئادەم ئەمەسكەن! _ دېدىم مەن. غەزەپتىن ئولتۇرالماي قېلىۋاتاتتىم. ئادەم رەزىللىشىپ كەتسە ھايۋاندىن ئۆتە بوپ كېتىدىكەن _ ھە؟

_ ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ قويىشىمىز كېرەك!

_ بىزنىڭمۇ ئاچچىقىمىز با ئاداش!

_ بىرلىشىۋالساقلا ئۇ بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

_ شۇنداق، ئۇلار 40 بولسىمۇ بىز تۆت بولساقلا بولدى

ياندىكى ئاغىنىلەرمۇ بىر ئېغىزدىن سۆز قىستۇردى.

_ ئەمسە ئىشنى نەدىن باشلايمىز؟ _ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ سورىدىم.

_ ئاداش! ھازىر كەچ بوپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇيەردە ئۇ گەپلەرنى دېيىشكىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ مەسلىھەتلىشەيلى. بۇلارمۇ ئىشتىن چۈشسۇن. بىز ئولتۇرغىلى خېلى ۋاق بولدى، _ دېدى ئالىم. مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى توغرا كۆرۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن ماڭدىم.

شۇنداق قىلىپ ئالىمنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇق. يولدا كېتىۋاتقاچ ئەخلەت ساندۇقلىرىنى، دەرەخلەرنى، ئېلان تاختىلىرىنى، تېلېفون بوتكىلىرىنى . . . تېپىپ، ئۇرۇپ . . . دېگەندەك ئاچچىقىمىزنى چىقىرىپ ماڭدۇق. ئۆيىگە كېلىپ مەسلىھەتلىشىپ ئاۋۋال چىرايلىقچە خېرىدار بولۇپ بېرىپ، دىلخۇمارنىڭ ھېلقى دوستىدىن ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ ھېلقى شورىكلارنى تونۇتقۇزۇپ، پەردە ئارقىسىكى ئادەم ئوتتۇرىغا چىققاندا پاكىتلارنى ئالدىغا تاشلاپ، ئالىمنىڭ مابىتىنىمۇ گۇۋاھچى قىلىپ ئاندىن بىر مەزگىل ئۆتكۈزۈپ

بالىلارنى يىغىپ ئۇنىڭ دۇكىنىنى ئۇرۇپ - چېقىپ، ئوت قويىۋەتمەكچى بولدۇق.
مەسلىھەت پىشىپ بولغۇچە تاڭمۇ ئېتىپ قالدى. ئۇدۇللا ئىشقا بېرىپ بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سورىدىم. كەچتە ئالىم بىلەن دېيىشىپ قويغان يەردە كۆرۈشۈپ ئۇيەرگە كىردۇق. كىرىپلا يەنە بۇرۇنقى ئەسلىمىلەر، ئۇنىڭ تارتقان كۆلپەتلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئۇدۇل كىرىپ ئاشۇ لاتىنى بوغۇزلىۋېتىشكە تاس - ماس قالدىم. لېكىن بايا يولدا ئالىمغا «نېمىلا ئىش بولمىسۇن، چىرايلىق كىرىپ چىرايلىق چىقىپ كېتىمىز، ئۆزۈمنى بېسىۋالىمەن! . . .» دەپ ۋەدە بېرىپ قويغاچقا ئۆزۈمنى زورىغا تۇتىۋالدىم. چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئالىم دىلخۇمارنىڭ دوستىنى تاللىدى. مەن ئالدىمغا كەلگەندىن بىرىنى تاللىغان بولۇپلا ئىچىگە كىرىپ كەتتىم.
بۇنىڭ ھوجرىسى دىلخۇمارنىڭكىگە پەقەت ئوخشىمايتتى. كىرىپلا سېسىق، قاڭسىق پۇراقتىن يۆتىلىپ كەتتىم.
_ زۇكام بوپ قاپسىزمۇ نېمە جېنىم؟
ئۇ بىرنېمە ئۆزىگە ماس كەلمىگۈدەك ناز بىلەن يۇزۇمگە قولىنى ئۇزاتتى.
_ ئىشىكنى قىلە پاسكىنا! ماۋۇ سېسىق پۇراقتىن كۆڭلۈم ئېلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. . .
_ بۇرۇن كىرىپ باقمىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ؟ دىلخۇمار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتىڭلارنى بىلمەن جۇمۇ!
ئۇنىڭ ئىسمى چىقىشىغىلا يەنە ياۋاشلاپ، قۇلاقلىرىم دىڭ بولۇپ كەتتى.
_ ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتەمتىڭلار؟ _ دەپ سورىدىم مەن.
_ ئەلۋەتتە. مەن ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى. ئۇ ھەممە گەپلىرىنى ماڭا دەپ بېرەتتى.
_ بايىقى ئالىم بىلەن كىرىپ كەتكەن پاسكىنچۇ؟
_ ئۇ پەقەت دىلخۇمارنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ ئوتتۇرىدىن نان يېگەن شاپاق.
_ ئۇنداقتا ئۇ دىلخۇمارنىڭ ئادرېسىنى بىلەمدۇ؟
_ بىلىدۇ. لېكىن دەپ بەرمەيدۇ.
_ نېمىشقا؟
_ دەپ بەرسە خوجايىن ئۇنى قوغلىۋېتىدۇ.
_ ئەمسە سەن بىلەمسەن؟

_ بىلىمەن. دىلخۇمار ماڭا سىزنىڭ بىر كۈنلەردە كېلىپ ئۆزىنى ئىزدەيدىغانلىقىڭىزنى، شۇ چاغدا مېنىڭ سىزگە دەپ بېرىشىمنى تاپىلاپ كېتىپ قالغان. خاتىرجەم بولۇڭ! مەن سىزنى بايا ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ يوق، دەپ سىناپ باققانتىم. ھەقىقەتەن دىلخۇمار دېگەندەك جىگەرلىك ئەزىمەتكەنسىز. مەن سىلەرگە ياردەم قىلىمەن. بۇ ئىشنى مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. باشقىلار مېنىڭ دىلخۇمار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىمۇ بىلمايدۇ. شۇڭا خوجايىن سىز كەلگەندە ئالدىڭىزغا بايىقى ئالىم بىلەن كىرىپ كەتكەن شۇمنىڭ چىقىشنى تاپىلىغان.
_ ئەمسە ئۇ ئالىم بىلەن كىرىپ كەتتىغۇ؟
_ سىلەر ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگىلىمەكچى بولدۇڭلار! ئەمەلىيەتتە خاتالاشتىڭلار! ئۇ دېگەن بىزنىڭ خوجايىننىڭ ئاشنىسى. ئۇ ھەرگىزمۇ سىلەرگە دىلخۇمارنىڭ توغرا ئادرېسىنى دەپ بەرمەيدۇ. شۇڭا ئالىم ئۇنى تاللىشىغىلا مەن ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىپ تۇرۇۋالغان. پەرىزىمچە سىزگە كىم بولسا بولىۋېرىدۇ. بەربىر قولىڭىزنىڭ ئۈچىنىمۇ تۇتقازمايسىز. ھې ھې . . .
ۋاااااااھ! مەن بىكار ئاللاھتىن ئاغرىنىپتىمەن. ئەسلى ئاللاھ مېنى يۆلەۋېتىپتۇ. ھەي! يەتتە ئاي مۇشۇ يەرنىڭ ئىشىكىدىن قانچە قېتىم ئۆتۈپ بىرەر قېتىممۇ كىرمىگىنىمنى. رەھمەت ئاللاھ! مېنى يۆلىگىنىڭگە رەھمەت!
ئۇ ماڭا دىلخۇمار كەتكۈچە قالدۇرۇپ قويغان ئادرېسنى ھەم تېلېفون نومۇرنى ئېيتىپ بەردى. كەچ بولغاندا ئاستا ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۇ مېنىڭ ئۇخلىشىمغا قاراپ ئولتۇرغان ياتاق ئۆيىنى ئېلىپ ئەسلىمىلەرنىڭ كەينىگە ئۆلاپلا ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنى ئويلاپ يېتىپ ئاخشام ئىچكەن پىۋىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى بىر كېچە - كۈندۈز ئۇخلىمىغاچقىمۇ تاڭغا يېقىن ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. . .
چۈشۈمدە ئۇنى كۆرۈپتىمەن. ئۇ ماڭا يىراقتىن كۈلۈمسىرەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك. مەن ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قارىغاچ قوللىرىمنى كەڭ ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭغۇدەكمەن. قەدەملىرىم شۇنچىلىك ئاستا، شۇنچىلىك ئېغىر. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ:"سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم"دەپ بوينۇمدىن چىڭ قۇچاقلىۋاپتۇدەك، مەنمۇ تويماي ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ ئۇنى بارغانسېرى چىڭ قۇچاقلىغۇدەكمەن. بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىشىپ تۇرغۇدەكمىز. ئۇنىڭدىن :"كوت - كوتتا خەت قالدۇرۇپ قويسام نېمىشقا جاۋاب يازمايسەن؟" دەپ سوراپتىمەن. ئۇ ماڭا: "سىزنى سېغىنسۇن، دەپ. قانداق مېنى ياخشى كۆرەمدىكەنسىز؟ مېنى

سېغىندىڭىزمۇ؟" دەپ سوراپتۇدەك. مەن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇۋېتىپ، بارلىق مېھرىم بىلەن ئۇنىڭغا ئوتلۇق بېقىپ بېشىمنى ئاستا لىڭشىتقۇدەكمەن. ئۇ خۇشال بولۇپ "ئاخىرى سىزنى ئىقرار قىلدۇردۇم، ئاخىرى كۆڭلىڭىزدىكى گەپنى قىلدىڭىز" دېگۈدەك. مەن يەنە ئۇنى قۇچاقلىۋاپتىمەن. . .

ئىشىك ئېچىلىپ ئويغىنىپ قارىسام ئالىم خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى.

_ قوپە ئاداش! خوتۇنۇڭنى ئالغىلى بارىمىز. ئۇخلاۋېرىدىكەن، _ دېدى ئۇ.

_ تۈنۈگۈن كەچ ئۇخلىمىغاچقىمۇ بەك تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئۇزۇن بوپتىكەن بۇنداق ئۇخلاپ باقمىغىلى. . .ھە، راست! چۈشۈمدە ئۇنى كۆرۈپتىمەن، _ خۇشلۇقۇمدا ئۇنىڭغا كۆرگەن چۈشۈمنى بىرمۇ - بىر سۆزلەپ بەردىم.

_ ئۇزۇن بوپتىكەن ئاداش، بۇنداق كۆڭلۈم خۇش بولمىغىلى. مۇھەببەت دېگەن راست يامان نەرسىكەن جۇمۇ! _ دېدىم كىيىملىرىمنى كىيگەچ.

_ ئۇنى بىر دېمە! كۆڭلۈڭ كىمگە چۈشۈپ قالسا ئۇنىڭدىن ئايرىلىمەن، دەپمۇ ئايرىلالمايسەن. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ 4 - 5 سى بىلەن يۈرۈپ باقتىم. بىرسىمۇ دېگەن يېرىمدىن چىقالماي يەنە ئۇنى ئەسلەپلا يۈردۈم. كېيىن يەنە چىدىماي ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋالدىمغۇ مانا!

_ ئۇنىڭ بىلەن راست توي قىلامسەن؟

_ ۋاي ئەمدى توي دېگەننىڭمۇ يالغىنى بولامدۇ؟ بەرىبىر بىر قىزبالىنى ئالىدىغان بولغاندىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق. ساۋاب بوپ قالار.

يۈز - كۆزلىرىمنى يۇغاچ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

_ ئاپاڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بىلەمدۇ؟

_ بىلىدۇ.

_ قوشۇلدى؟

_ دەسلەپ قوشۇلمىغان. ئاپامنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالغان چاغدا بارلىق چىقىمنى دادامنىڭ نەزىرىسىگە ئىشلىتىشۇەتكەچكە ئۆيدە تۇزۇك پۇل قالمىغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يىغىپ قويغان پۇللىرىنى ئاپامنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىگە ئىشلەتتى. يەنە ئۆيدە ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا كۈندە ئاپامغا قارىدى. ئاپام دەسلەپ تەتۈر قاراپ ئۇ ئەتكەن تاماقنى يېگىلى ئۇنىمىغان. . .

_ كېيىنچە كېلىنىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ ئاستا - ئاستا ئېرىپ قالدى، دېگىنە! يۇرە ماڭغاچ پاراڭلىشايلى، _ دېدىم ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپلا ئۇنى سىرتقا ئىتتىرىپ.

_ ۋاي - ۋۇي! مابىتىڭنى شۇ تاپتىلا كۆرگۈڭ بار ھە؟

_ ھې ھې.......... _ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئويلىساملا ئاغزىم يۇمۇلماي قالاتتى.

_ تېلېفون ئۇرۇپ ئاۋازىنى بىر ئاڭلىۋالامسەن؟ _ ئۇ شۇنداق دېگەچ يانچۇقىدىن بىر قەغەزچىنى چىقاردى.

_ مەن دەپ بېرەيما ئۇنىڭ نومۇرىنى؟ _ دەپ ئۇنىڭغا دىلخۇمار بىر مەزگىل ئىشلىتىپ كېتىشىنىڭ ئالدىدا توختىتىشۇەتكەن تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەردىم.

_ سەن قانداق بىلىسەن؟ _ ھەيران بولۇپ سورىدى ئۇ.

_ ئۇ باغۇ، دىلخۇمار بۇرۇن ئىشلىتىپ كېتىشىنىڭ ئالدىدا توختىتىشۇەتكەن تېلېفون نومۇرى. توختىتىشۇەتمىگەن بولسا بۈيەرگە كېلىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيتتۇق، سەن بىلمەيدىغان ئىشلار بار تېخى!

ئۇ ھەيران بولۇپ ئاغزىمغا قاراپلا قالدى. يولدا ماڭغاچ ئۇنىڭغا ئاخشام دىلخۇمارنىڭ دوستى بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى دەپ بەردىم.

_ ئەمىسە مېنىڭ قولۇمدىكى ئادرېسمۇ خاتاكەندە؟ تاس قاپتىمىز باشقا يۇرتلاردا تېنەپ يۈرگىلى، _ دېدى ئۇ ئىشەنگۈسى كەلمىگەن قىياپەتتە.

_ ئىشقىلىپ ھەقىقىي ئادرېسنى قولغا چۈشۈردۇق.

بىز مېڭىپ بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ قەدىمىنى توختاتتى.

_ ئاداش! ئۆيۈڭدىكىلەر مېنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. مەن مۇشۇ يەردىلا . . .

_ قويغىنە بۇنداق گېپىڭنى! _ ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا سىلكىۋەتتىم، _ بۇرۇن نېملا ئىش قىلما ھازىر بەش ۋاخ ناماز ئۆتەپ مەندىنمۇ ياخشى بالا بوپ كەتكەن تۇرساڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن سەن بولمىساڭ بولمايدۇ، _ شۇنداق دېگەچ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ ئەپ ماڭدىم.

ئالىم سەل ئىككىلەنگەندىن كېيىن مەن بىلەن ماڭدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئويلاپ بىر تەرەپتىن خۇشال بولساممۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانامنىڭ قوشۇلماسلىقىدىن ئەنسىرەپ كۆڭلۈم غەش ئىدى. كاللامدا چىگىش خىياللار. "ئاپامغۇ گېپىمنى يېرىپ باقمىغان، دادام نېمە دەر؟ ئۇنىڭ توي قىلىپ بولغانلىقىنى ئۇقسا، يەنە ئاجرىشىپ كېتىپ ھېلىقى يەردە بىر مەزگىل تۇرغانلىقىنى ئۇقسا، يەنە ئۇنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى ئۇقسا . . . ئەستا!~~~~~~" شۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئۇنىڭ بىچارە تۇرقى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى.

_ قانداق قىلاي دەيسەن؟ _ سورىدى ئالىم قەدىمىمنىڭ ئاستىلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ.

_ ئۆزۈممۇ بىلەلمەيۋاتىمەن، _ ئەمدى قەتئىي ماڭغۇم كەلمىدى، _ بىردەم مەسلىھەت كۆرسىتە ئاداش!

ئالىم يېنىدىن بىر تال تاماكا چىقىرىپ ماڭا سۇنغاچ:

_ بىرەر تال چېكىۋالساڭ زېھنىڭنى ئاچىدۇ.

تاماكىنى ئالغاچ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

_ بەش ۋاخ ناماز ئۆتەيسەن، يەنە تاماكىمۇ چېكىسەن. نېمىگە ھېساب سەن؟

_ ھەي...... ئاداش. ئىچىشنى تاشلىدىم. تاماكىنى ھېچبىر تاشلىغىلى بولمايۋاتىدۇ دېگىنە!

_ بىلىك بوش!

_ بۇنى دېيىشمەيلى، ھازىرقى مۇھىم مەسىلە ئاتا - ئاناڭنى قانداق قايىل قىلىش، ئۇلارغا قانداق چۈشەندۈرۈش. ئويلىغىنىڭنى بىر دەپ باقە!

راست گەپنى دېسەم مەنمۇ بۇ توغرىلىق بۇرۇن ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئالىمنىڭ گېپىدىن گاڭگىراپلا قالدىم.

_ بۇرۇن ئۆيىمىزدە تۇغقانلارنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ گېپى چىقىسىمۇ قەستەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋېتەتتىم، _ دېدىم ئالىمغا، _ ئەمدى قوپۇپ بىرسىنى ئالماقچى، ئۇ بۇرۇن توي قىلىپ بەختى چىقماي ئاجرىشىپ كەتكەن، كېيىن يەنە ماندا يەردە ئىشلىدى دېسەم مېنىڭچە قوشۇلماسمىكىن. يا بولمىسا بۇرۇنقى ئىشلىرىنى دېمەيمۇيا؟ _ سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا قارىدىم. شۇ تۇرقۇمدا كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر تەكلىپىنى، يول كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

_ بۇ مۇمكىنمۇ، ئولتۇرە!

ئۇ يەردىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قىزىقىپ مەنمۇ ئولتۇردۇم.

_ پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىغىلى بولمايدۇ. ھامان بىركۈنى بىلىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئاتا - ئاناڭنى ئالدىغان بولىسەن، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايسەن؟

ئالىمنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇق. ئەگەر ئاتا - ئانامنى ئالداپ كۆندۈردۈم، دېسەممۇ يەنىلا دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈدەكمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانامغا ئەزەلدىن يالغان گەپ قىلىپ باقمىغان تۇرسام چوقۇم قاملاشتۇرالمايمەن. ئاپاممۇ بەك يامان بىر قاراپلا كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالىدۇ. دادامغۇ يۈز - ئابرويىنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدىغان ئادەم.

_ ھەجەپ قاتتىغۇ بۇ باش! _ دېدىم مەن يەرگە قارىغىنىمچە.

_ قاتىدۇ ئاداش، قاتىدۇ! نى - نى ئوغۇلبالىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ئىش بۇ!

_ سېنىڭ ھەجەپ قاتماپتىا؟

_ سەن بىلەمسەن؟ مېنىڭمۇ ئەينى ۋاقىتتا قېتىپ تاش بولۇپ قالغان. لېكىن ھازىر ئوڭشىلىپ كەتتى. ئۇلار ئىككىسىمۇ خۇددى ئانا - بالىلاردەكلا ئۆتىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ دىلخۇمارنىڭ ئاپامنى "ئاپا!" دەپ تارتىنىپ چاقىرىشى، ئاپامنىڭ دىلخۇمارنى "قىزىم!" دەپ كۈلۈمسىرەپ چاقىرىشى كۆز ئالدىمغا كېلىپ مىيقىمدا كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.

_ نېمە؟ ئىشەنمەمسەن؟

_ ۋاي ياقەي! مېنىڭ ئاپام بىلەن دىلخۇمارمۇ شۇنداق ئۆتكەن بولسا ھە؟

_ ئاللاھ خالىسا چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. ھە، راست! مۇنداق بىر ئامال بار، _ دېدى ئۇ يېنىمغا سۈرۈلگەچ.

"ئامال" نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز قۇلاقلىرىم دىڭ بوپ كەتتى. ئالىم گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزلىدى.

_ ھېلىقى ماخمۇت ناۋاينى تونۇيسەنغۇ؟

_ ھە ئە! ساۋاقدىشىم ئۇ!

_ شۇلاردەك قىلامسىلەريا؟

_ قويغىنە ئاداش! نېمە ئامالكىن دەپتىمەن. توي قىلمىسامىمۇ مەيلى، لېكىن ئۇنداق ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن

خۇدايىم ساقلىسۇن! بەش ۋاخ ناماز ئۆتەيدىغان ئادەم تۇرۇپ دېگەن گېپىنى بۇنىڭ!
ئۇنىڭ دېگىنى بىزنىڭ تولۇقسىزدىكى ساۋاقدىشىمىز ماخمۇت ئىدى. ئۇمۇ بىر قىزبالا بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ئىككى ئاي بولا - بولمايلا ئۆيىدىكىلەرگە توي قىلىمەن، دەپ تۇرۇۋالغان. لېكىن ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر قىزنى بەك نامرات، دەپ قوشۇلمىغاچقا ئاخىرى قىزنىڭ بويىدا قالدۇرۇپ، بەش ئايلىق بولغاندا توينى قىلىپ قويمىسا بالىنى ئالدۇرۇۋەتمەي بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ نىكاھ ئوقۇتۇپ بىللە ئۆتىدىغانلىقىنى، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان. ئاخىرى نامرات، دېسە ھالى چوڭ، دەپ بىر - بىرسىگە چىش - تىرنىقىدىن ئۆچ ئىككى ئائىلە ئۆزلىرىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇتۇپ ئاددىيلا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويغان ئىدى. ماخمۇتنىڭ ناۋايلىق ھۈنىرى بولسىمۇ ئىش خۇشياقماي تا ھازىرغىچە دادىسىنىڭ پۇلىنى خەجلەپ يۈرىدۇ. ئەل - ئاغىنىلەر ئارىسىدا ئېشەكچىلىكمۇ يۈزى يوق. خۇدايىم ساقلىسۇن ئۇنداق ياشاشتىن. مېنىڭچە ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن توي قىلىپ ئاز بولسىمۇ ئۆزى تېپىپ كۆڭۈللۈك ياشىغانغا يەتمەيدۇ.
_ شۇنداق قىلساڭلار ئۈمىد بار بولاتتى. _ دېدى ئالىم. ئاندىن سەل ئويلىنىۋېلىپ، _ لېكىن بۇ ئامالمۇ بولمىغۇدەك. ئۇلار دىلخۇمارنى سىنىڭ بېشىڭنى قايدۇرۇپ كۆرسەتكەن ئامالى، دەپ چۈشىنىۋالىدۇ - دە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بوپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا سەن ئولتۇرساڭ - قوپساڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولىسەن.
_ نېمە كېسەل؟ _ ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن. كېلىنگە ئۆچ بوپ قالسا مەن قانداق كېسەل بوپ قالارمەن ئەمدى، دەپ.
_ ئاتا - ئانا بىلەن خوتۇنى ئوتتۇرىسىدا قېلىش كېسىلى، ھى ھى ھى.......... سەن قايسىسىنى تاللايسەن؟
_ ئەلۋەتتە ئاتا - ئانامنى تاللايمەن - دە؟ _ ئىككىلەنمەيلا جاۋاب بەردىم، _ ئاتا - ئانا دېگەن بىرىنچى ئورۇندا، خوتۇن دېگەن ئىككىنچى ئورۇندا.
_ ئەگەر خوتۇنۇڭ يا مەندە تۇر، يا ئاتا - ئاناڭدا تۇر، دېسىچۇ؟
_ ئۇ ئۇنداق دېمەيدۇ، _ دېدىم ئۇنىڭغا سەل چېچىلىپ.
_ مەسىلەن شۇنداق دەپ قالسىچۇ؟

_ كاچىتىنغا ئىككى تەستەك سېلىپ كەشنى كەلگەن جايىغا توغرىلاپ قويارمىنا.
_ ھې ھې...... ھازىر دەيسەن. كىم شۇنداق قىلالاپتۇ؟ _ ئۇ قەستەن ئاغزىمنى كوچىلىماقچىدەك قىلاتتى. مېنىڭ ئىرادەمنى سىناپ بولماقچى بولسا كېرەك. سەل خاپا بولغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ھجىيىپ.
_ ھېچكىم قىلالمىغاننى مەن غەيرەت قىلىدۇ، _ دېدىم قەتئىي ئاھاڭدا، _ سەنمۇ تازىمۇبىر تومۇرچىكەنسەنغۇ؟ ئۇ گەپلەرنى قويۇپ نەق گەپكە كېلەيلى!
كاللامغا شۇئان دىلخۇمارنىڭ تۇغماس بوپ قالغانلىقى كېلىپ ئىختىيارسىزلا ئۇھ تارتىۋېتىپتىمەن. يەردە ئولتۇرۇپلا قالدىم.
_ نېمە بولدۇڭ؟ ياتاقتا بىرەر نەرسەڭنى ئۇنتۇپ قاپسەنما؟ _ دېدى ئالىم.
_ ياق، ياق! _ دېدىم ئۇنىڭغا قارىماستىنلا.
_ ئەمسە. . .
ئاسمانغا قاراپ خىيال قىلىۋاتىمەن. ئاپام كىچىك باللارغا بەكلا ئامراق ئىدى. ئاپامنىڭ سىڭلىسى ھامىلدار بوپ قالغان چاغدا تۇغۇلىدىغانغا 4 - 5 ئاي بار بولسىمۇ بۆشۈك، زاكا، ئۇخلاش كىيىمى. . . قاتارلىقلارنى تەييارلاپ سىڭلىسىدىن ئۆتە خۇش بوپ كەتكەن. ئەگەر دىلخۇمارنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى بىلسە "خەقنىڭ بالىسىنى قانداقمۇ نەۋرەمدەك كۆرەلەيمەن؟" دەپ ئويلاپ قالارمۇ؟ ۋاي ۋاي ۋاي! . . . بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىپ بارىدىغۇ بۇ ئىشلار!
_ دېمەمسەن نېمە گەپ بولسا. . .
ئالىمنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغان ھالىتىدىن خاتىرجەمسىزلىكى چىقىپلا تۇراتتى. بىردەم تۇرۇۋېتىپ بوشلا دېدىم:
_ ئۇ تۇغماس!
شۇنداق دەپ بولۇپ قەلبىمنى قايتىدىن ئۆكۈنۈش چىرمىۋالدى. كاللامدا قايتىدىن نۇرغۇن سوئاللار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئالىممۇ ھەيرانلىقتا "نېمە؟" دېگىنىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.
_ ئەمسە بارلىق ئۈمىد تۈگەپتۇ، _ دېدى ئۇ بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، _ بولدى ئۈمىدىڭنى ئۈز! خۇدايىم باشقىنى بېرىپ قالار!

_ ماڭا ئۇنىڭدىن باشقىسى لازىم ئەمەس!

_ ئەمىسە قانداق قىلىسەن؟ قىز ئەمەس بولسىڭىز قىزلىق پەردىسى سالدۇرۇۋالارسەن. ئاتا - ئانىڭ قوشۇلسىڭىز ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى دېمەسسەن. بالنى يا ياسۋالغىلى بولمىسا؟! ئۇلار نېمە ئۈچۈن تۇغماس بوپ قالغىنىنى سورىسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟

_ هوي! ئادەمنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ _ سەل تېرىكىپ قالدىم، _ قىزلىق پەردىسى سالدۇرۇپ، ئاتا - ئانامنى ئالداپ، ئۆزۈمنىمۇ ئالداپ قانچىلىك بەختلىك بوپ كېتەرمەن مەن؟ مېنى تېخىچە چۈشىنىپ بولالمىدىڭمۇ ئاداش؟ ياقەي، _ ئالىممۇ ئويلانمايلا دەپ قويغان گېپىدىن ئوڭايسىزلاندى بولغاي باشقا ياققا قارىۋېلىپ، _ مەن مۇنداقلا. . مەن دېمەكچى ئۇلار دىلخۇمارنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى بىلسە چوقۇم سەۋەبىدىن گۇمانلىنىدۇ.

چوڭلار بىزدىن ئەقىللىق، بىزدىن جىق ئىش كۆرگەن. بىر ئاڭلاپلا تېگىگە يېتىپ بولىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تېخىمۇ يېرىم بولدى. هــــــــــەي~~! مۇشۇ مۇهەببەتنى مەن بىلەن باشقا بىر قىزنىڭ ئوتتۇرىغا سالغان بولسا بەلكىم بۇنچە ئارىسالدىچىلىقتا قالمىغان بولاتتىم. خەير، كۆڭلۈمگە ياققىنى، رىشتەم باغلانغىنى مۇشۇ بولغانىكەن بۇنچە توسالغۇلار بولمىسىمۇ ھەقىقىي مۇهەببەت هېسابلىنامدۇ ئۇ؟ ياراتقۇچىمۇ "هېچقانداق بەندەمگە ئۇۋال قىلمايمەن، ئۆتەلمىگۈدەك توساق ياراتمايمەن"دەپتىكەن (خاتا سۆزلىگەن بولسام ئاللاھ گۇناھىمنى كەچۈرگەي). قايسى بىر كىتابتا دېيىلىشىچە "ئادەم قانچە چىداملىق ھەم غەيرەتلىك بولسا ئۇنىڭغا كېلىدىغان بېسىم شۇنچە ئېغىر بولار"مىش. مېنىڭ ئىسمىممۇ غەيرەت بولغاندىكىن ماڭا كېلىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتمۇ خېلى ئېغىر بولمىسا بولامدۇ؟ لېكىن چوقۇم بىر ئامالى بولىدۇ. ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى بولىدۇ، گەپ شۇ چارىنى هېس قىلغان ياكى قىلمىغانلىقتا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! تەۋەككۈل، دەپلا ئۆيدىكىلەرگە دەپ باقايمۇ يا؟

_ ئاداش! پال سالدۇرۇپ باقامسەن يا؟ _ دېدى ئالىم يولنىڭ قارشىسىدا تۇرغان پالچىغا قاراپ تۇرۇپ. بۇرۇندىنلا پالغا ئىشەنمەيتتىم. پالچىلارنى كۆز بوياmچى، دەپ قارايتتىم. باشقا دوستلىرىم پال سالدۇرىمەن دېسىمۇ "خۇدادىن باشقىلىرىمىز كەلگۈسىنى بىلەلمەيمىز!" دەپ قەتئىي پال سالغۇزمايتتىم. ئەمدىلىكتە ماڭىدىغان يول تاپالماي تۇرغاندا مەنمۇ پال سالدۇرۇپ باقايمۇ يا، دېگەن خىيالغا كەپ قالدىم

_ مەن پالغا ئىشەنمەيتتىم . . .

_ پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە، دەپتىكەن كونىلار. يۈرە! ئەقىل كۆرسىتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس؟! غەيرەتنىڭ كەينىدىن ئىختىيارسىزلا پالچىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. بۇرۇن هېلىگەر، قۇۋ . . . كۆرۈنىدىغان بۇ پالچى ئەمدى كۆزۈمگە مېنىڭ نىجاتكارىمدەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. بېرىپ سالام قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئالىم:

_ بۇ ئاغىنەمگە پال سەپ باققان بولسلا، _ دېدى.

پالچى دەسلەپ مېنىڭ ئىسمىمنى ئاندىن ئاپامنىڭ ئىسمىنى، تۇغۇلغان كۈنۈمنى سورىۋالغاندىن كېيىن بىر مۇنچە تەسۋى تاشلىرىنى ئىككىدىن، ئۈچتىن، تۆتتىن ئايرىپ ماڭا بىردەم قاراپ تۇرۇۋېتىپ سۆز باشلىدى:

_ ھە، بالام! _ دېدى ئۇ، _ بېشىڭىزغا بىر ئىش كەپتۇ. لېكىن ھەل بوپ كەتكۈدەك. يىراق بىر يەرگە سەپەرگە چىققۇدەكسىز. سەپىرىڭىزنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئۈچۈن جۈمە كۈنى يولغا چىقىڭ! _ ئۇ يەنە كۆزىنى تەسۋى تاشلىرىغا يۆتكىۋەتتى. ئالىمغا مەنىستىمگەندەك قاراپ قويدۇم. بۇنداق گەپلەرنى مەنمۇ دېيەلەيمەن، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئۇ پالچى گېپىنى قىرىپ قويۇپ يەنە سۆزلىدى:

_ ھە، سىزدە ئازراق ئىبادەت كەمچىلىكەن. مۇسۇلمان بولغاندىكىن ئىبادەتنى تولۇق ياخشى قىلىپ، بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىپ، ئاللاھنى دوست تۇتسىڭىز تىلەكلىرىڭىز ئەمەلگە ئاشقۇدەك!

ۋاھ! . . . مانا ئەقىل دېگەن! گەرچە دەسلەپتە گەپلىرى خۇشياقمىغان بولسىمۇ لېكىن ئاخىرقى گەپلىرى ھەقىقەتەن توغرا چىققان ئىدى. مەن تېخى بىر ۋاخ نامازنىمۇ ئادا قىلماي كېلىۋاتىمەن. ۋاقتىقۇ يار بېرەتتى. ئۆزۈمنىڭ بوشاڭلىقى، ئىمانىمنىڭ سۇسلىقى، ئېتىقادىمنىڭ بوشلۇقى. . . ئەمدى بولسىمۇ باشلىۋالاي! ھازىر قۇرئاندىكى سۈرىلەرنى ئىلىم - پەن ئارقىلىق ئىسپاتلىيالمىسا ئالىم هېسابلانمايدىغان، باشقا دىندىكىلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇۋاتقان، ھەرخىل مۆجىزىلەر بىلەن قىيامەت كۈنىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىۋاتقان . . . تۇرسا مەن تېخى نامازنىمۇ ئادا قىلماقتا يوق ئاللاھتىن بەختىمنى تىلىسەم ئەلۋەتتە ئاقمايدۇ - دە؟! ئەقىل تېپىۋالغىنىمغا خۇش بوپ كەتتىم. ئۇ پالچىغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىپ ماڭدۇق.

_ ھە، پالغا ئىشەنمەيتتىڭغۇ؟ _ ئالىم مازاق قىلغاندەك سورىدى.

_ هازىرمۇ ئىشەنمەيمەن.

_ قىززىقتە سەن. ئەمسە نېمگە ئۇنچىۋالا خۇشال بوپ كەتتىڭ؟

_ پالچىنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمىسىمۇ ئۆزۈمنىڭ ناماز ئوقۇمايۋاتقانلىقىم راست! شۇڭا ئىشلىرىم ئىلگىرى باسمىغان گەپ!

_ ھەببەللى! ماۋۇ گېپىڭ جايىدا! بىلەمسەن؟ سېنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭ سېنى 1000 ئادەمنىڭ ئارىسىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

_ مىڭ يىلدا بىر تېپىلىدىغان دېگىنە! _ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.

_ باشقىلار بىكار سېنى ماختانچاق دېمەيدىكەن. ھې ھې ھې.........

_ ھى ھى ھى....... _ مەنمۇ كۈلۈپ قويۇپ، _ مەن دىلخۇمار بىلەن ھازىرچە كۆرۈشمەيمەن. ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ پات ئارىدا بارىدىغانلىقىمنى دەپ قويىمەن. ئۇ چوقۇم مېنىڭ تېلېفونۇمنى ساقلاۋاتىدۇ، _ دېدىم.

_ ھە، ماقۇل! ئەمسە مەنمۇ قايتاي. خوتۇن ئۆيدە ساقلاپ كۆزى تۆت بوپ كەتكەندۇ ھەقچان ھا ھا ھا.......

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئىچىم "غۇژژىدە" بوپ كەتتى. خەپ! كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىزمۇ ئالارمىز خوتۇن دېگەننى. تېلېفونۇمنى قولۇمغا ئېلىپ ھېلىقى قەغەزدىكى نومۇرلارنى باستىم شۇنچىلىك ئالدىرىماي يۈرىكىمنى قاتتىق كونترول قىلىپ تۇرىۋۇۋالغانتىم. تېلېفوننى قۇلۇقىمنىڭ يېنىغا ئاپارغۇچە يۈرىكىمنى يەنە كونترول قىلالماي قالدىم. "دۈپ! دۈپ! دۈپ! . . ."

_ ۋەي!

تېلېفوننى ئاپىسى ئالغان بولسا كېرەك. يېشى چوڭراق ئايال ئىدى. چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېتىپ گەپ قىلدىم:

_ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! قانداق ئەھۋاللىرى؟ _ سەل - پەل قورۇنۇپ قالدىم.

_ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. خۇداغا شۈكرى. سىز كىم بولىسىز؟

_ مەن غەيرەت. دىلخۇمارنىڭ دوستى. ئۇ ئۆيدە بارمىدۇ؟

_ غەيرەتجانمۇ سىز بالام! _ ئۇ ئىنتايىن ھاياجانلانغاندەك تۇراتتى، _ قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

_ خۇداغا شۈكرى. ھامما سىلىچۇ؟ ئۆي ئىچى تېنچلىقتۇ؟ تاغامچۇ؟ سالامەتلىكى ياخشىمۇ؟

_ھە . . . ياخشى بالام، _ نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازلىرى ئۈزۈلۈپ چىقىۋاتاتتى، _ ئاتا - ئانىڭىزچۇ؟ سالامەتمۇ؟

_ خۇداغا شۈكرى ھەممىسى سالامەت! ھە، راست! دىلخۇمار بارمىدۇ؟ _ تېنچلىق سورىشىپ بولا - بولمايلا ئاغزىمدىن ئۇنىڭ ئىسمى چىقىپ كەتتى.

_ دىلخۇمار ئىشقا كەتكەن. چۈشتە تاماققا كېلىدۇ. تېلېفون نومۇرىڭىزنى دەپ بەرسىڭىز مەن ئۇنىڭغا دەپ قوياي سىزگە تېلېفون قىلسۇن!

_ ياق، بولدى. ئۇنىڭغا دېمىسىلە! مەن چۈشتە تېلېفون قىلاي!

_ ماقۇل. ئۇنىڭغا دېمەي!

_ بولىدۇ ئەمسە، تەنلىرىنى كۆپ ئاسرىسىلا، خۇدايىمغا ئامانەت!

_ خۇدايىمغا ئامانەت!

ئۇففففففففق! ھەجەپ قىينالدىم. تېلېفوننى بالدۇر قويۇۋەتكەنلىكىم بولماي قالدىمۇ نېمە؟ مېنى تونۇيدىكىنا؟ چوقۇم دىلخۇمار گېپىمنى قىپ بېرىپتۇ. كۆپىنچە قىزلار بىرىنى ياقتۇرۇپ قالسا بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى ئاپىسىغا دېيىشقۇ؟! ھە، مەيلىلا! بەرىبىر بىلىدىغان بولغاندىكىن . . .

"ئاتا - ئانامغا قانداق دەرمەن؟ ئۇلار نېمە دەر؟ . . ." دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆيگە كەپ قاپتىمەن. كىرسەم ئاپام قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىپتۇ. مېنى كۆرۈپ قوللىرىنى سۈرتكەچ سورىدى:

_ ئاخشام كەلمىدىڭغۇ؟ يەنە سىمېنا قوشۇپ ئىشلىدىڭما؟

_ ھە......ھە ئە! _ زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. بۇ ئىشنى دېيىش ئۈچۈن چوقۇم ئاۋۋال كۆڭلىنى ئۇتۇش كېرەك، دەپ ئويلايتتىم.

_ دادام ئىشقا كەتتىما؟

_ ھە ئە! تاماق ئۇستىلىدە ساڭا تەييارلاپ قويغان ناشتىلىق بار، ناشتا قىلىۋال!

_ ھە ماقۇل!

شۇنداق دەپ تاماق ئۇستىلى ئالدىمغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ناشتا قىلغاچ ئاپامنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى تېخىمۇ بەكرەك بىلگۈم كەلدى. دادامغا قارىغاندا ئاپام بىلەن ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشاتتىم. شۇنداقتىمۇ بۇ

ئشنى دېيىش خېلى تەس كېلىۋاتاتتى.

_ ئاپا! ئەگەر مەن توي قىلمەن دېسەم قانداق قارايسەن؟

ئاپام ئىشنى قىلغاچ جاۋاب بەردى:

_ ئوغۇلبالا بولغاندىكىن ئۆيلىنىسەن، ئەلۋەتتە.

ئاپامغا مەقسىتىمنى بىلدۈرمەي بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ ئەتەي سورىدىم:

_ ئەگەر مەن نامراتراق قىزنى ئالماقچى بولسامچۇ؟

_ بولمايدۇ، _ ئاپام بىر خىيالدا يوق قاچىلارنى يۇيغاچ جاۋاب بەردى.

_ نامرات بولسا نېمە بوپتۇ؟ _ ھەيران بولۇپ سورىدىم. توي قىلىپ بولغان، تۇغماس، دېسەم خېلى گەپ بار ئوخشايدۇ.

_ قۇداڭ بارمۇ، دېسە بار، دېگۈدەك ئادەمنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىمەن ساڭا.

_ ساڭا قۇدا كېرەكمۇ كېلىنمۇ؟ _ بارغانسېرى ئەنسىرەپ قېلىۋاتاتتىم.

_ ساڭا خوتۇن كېرەك، ماڭا قۇدا كېرەك!

_ قانداق دېگەن؟ . . . قىززىق گەپ بولدىدە - بۇ؟ _ شۇنداق دەپ ئاپامغا ھەيرانلىق نەزىرىدە قارىدىم. قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قېلىۋاتاتتىم. ئاپام ئادەتتە خېلى كۆڭلۈم سۆيۈنىدىغان گەپ قىلاتتى بولمىسا.

_ كىنولاردا بايلار نامراتلار بىلەن قۇدىلىشىدىغان ئىشلار بارغۇ؟ _ ئامالنىڭ بېرىچە ئۆزۈمگە ئاساس ئىزدەيتتىم. ماڭا پاكىت بولمىسا بولمايتتى.

ئاپام ئىشنى تۈگىتىپ تاماق ئۈستىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

_ ھە! بىرسىنى تېپىۋالغان ئوخشىمامسەن؟ _ دەپ سورىدى.

_ ۋاي ياقەي! مەن سېنى مۇشۇنداق ئىشلارغا قانداق قارايدۇ بىلىپ باقاي، دېگەن، _ دېدىم مەن. قارىغاندا ھەقىقىي ئەھۋالنى دېمەك خېلى قىيىنغا چۈشىدىغان ئوخشايدۇ. بارغانسېرى تىت - تىت بولۇشقا باشلىدىم.

گەپنىڭ بېشىدىلا مەيدانىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋەتتىغۇ بۇ ئاپام.

_ راست گەپ قىل! مەن كۆڭلۈڭدىكىنى بىلمەمدىم؟ _ ئاپام يېنىچە قاراپ يەنە سورىدى، _ بىرسىنى تېپىۋاپسەن

ھە؟

ئاپامغا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىمغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ جاۋاب بەردىم:

_ ھى ھى...... ياقەي. نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن! ئەگەر شۇنداق بولسىمۇ نېمە بوپتۇ؟ چوڭ بوپ قالدىم. سەنمۇ بەك جاپا تارتىپ كېتىۋاتىسەن، ئارام ئالىدىغان، كېلىنىڭ كۈچىنى كۆرىدىغان ۋاقتىڭ كەپ قالدى. ھى ھى..........

_ دېمىدىممۇ مانا! تېپىۋاپسەن. گەپكە ئۇستىلىقنى. ئاپاڭنىڭچۇ يەنە ئون يىل ئۆي ئىشنى قىلغۇچىلىكى بار. تاپساڭمۇ قۇدام بار، دېگۈدەك خەقنىڭ قىزىنى تاپ جۇمۇ!

_ ھىم. چوقۇم! _ سەل ئويلىنىۋېلىپ يەنە سورىدىم، _ ئەگەر يولدىن چىقىپ كەتكەن بىر قىزنى ياخشى يولغا باشلاپ ئۇنى ئېلىپ ساۋابلىق ئىش قىلىمەن، دېسەمچۇ؟

_ بولمايدۇ. جەمەتىمىزدىن ئۇنداق ئادەملەر چىقىپ باقمىغان. ئۇنداق شەرمەندىلەرنىڭ كۆپلىكىدە قايىسىنى يولدىن قايتۇرۇپ بولالايتتىڭ؟

_ لېكىن شۇنداق قىلسام ساۋاب بولىدۇ ئاپا! .

_ ئۇنداق ساۋابنى موللا - ئىماملار قىلمىغان يەردە ساڭا نېمە كەپتۇ؟ ئەقلىڭدىن ئاداشتىڭمۇ يە بالام؟ بىرەرسى سېنى ئوقۇتۇۋالمىغاندۇ؟

_ ۋاي، ياقەي! قايسى زامانلار ئۇ ئوقۇتۇۋالىدىغان؟ 21 - ئەسىرنىڭ ياشلىرىغا ئەپسۇن ئىشلىمەيدۇ. ھى ھى........ _ گەرچە زورىغا كۈلۈپ تۇرساممۇ يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپ تۇراتتى.

_ سلەر ياشلارنى بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئازراقلا ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتسەڭلار، ۋاي تۇۋا، دېگەن بىلەن، پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ.

_ ئىم! بىلىمەن، _ بېشىمنى لىڭشىتتىم، _ ئوغلۇڭ ھەرگىز ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

_ ئەمدى ئوغلۇمغا ئوخشىدىڭ. نەدە يوق خىياللارنى قىلماي ناشتاڭنى قىلىپ بولۇپ، يۇيۇنۇپ كىرىپ ئۇخلىۋال!

_ ئاپام شۇنداق دەپ بولۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
_ ماقۇل.

يەنە لاسسىدە بوپ قالدىم. ئاپام چېغىدا قوشۇلمىسا يۇز - ئابرويغا ئاپامدىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان دادام تېخىمۇ قوشۇلمايدۇ - دە! ئىككىلىسى قوشۇلماي تۇرۇۋالسا قانداق قىلارمەن؟ ھەجەپ قاتتى ما باش. . . يۈيۈنغاچ كۆڭلۈمدە "مەن چوقۇم ئاپامغا ھەقىقي ئەھۋالنى دەي، ئاپامنىڭ كۆڭلى ياخشى، باغرى يۇمشاق ھەم مېھرىبان. چوقۇم مۇھەببىتىمدىن تەسىرلىنىپ بولسىمۇ قوشۇلىدۇ، مېنى قوللايدۇ" دەپ ئويلايتتىم. گەپنىڭ بېشىنى چىقارغاندىكىن ئاخىرىنىمۇ چىقىراي ئەمدى. لېكىن بىۋاستە ئېغىز ئېچىش ماڭا ھەقىقەتەن تەس كەلدى. يۈيۈنۈپ چىقسام ئاپام مېھمانخانا ئۆينى يىغىشتۇرۇۋېتىپتىكەن. ئىشككە يۆلىنىپ چېچىمنى سۈرتكەچ سورىدىم:
_ ئاپا! ئەگەر...... بىر ياش يىگىت بىر قېتىم توي قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن. . . قىزبالىنى ئالىمەن، دېسە.....سېنىڭچە...... _ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم.
_ تووۋا دە! غەيرەتجان بالام! _ ئاپام ھەيران بولۇپ ئۈستى - بېشىمغا بىرقۇر قاراپ چىقتى، _ بىر يىگىتنىڭ قىز ئالقىمى زۆرۈر! نەدە ئۇنداق ئىش باركەن؟ ياپياش بىر يىگىت چوكان ئالسا. . .ساڭا نېمە بولدى بۈگۈن؟ بىركىملەر بېشىڭنى قايدۇرىۋاتامدۇ نېمە؟ _ دېدى ئۇ ئىشنى توختىتىپ.
_ يا.....ياق! ئۇنداق ئىش يوق! مەن......مۇنداقلا....... _ شۇلارنى دېگەچ قاتتىق بىئارام بولدۇم. ئاپامنى بۇنداق دەر، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.
_ ئۇنداق بىمەنە گەپلەرنى قىلما! بەك توي قىلىمەن دېسەڭ، تۇغقانلارنىڭ ئىرناقتا توختىغۇدەك قىزلىرى ھېلىمۇ جىق. بىرى "كېلىننىڭ بارمۇ" دېسە "بار" دېگۈدەك قىزنى ئەپ بېرىمەن ساڭا! _ دېدى ئاپام ئىشنى داۋاملاشتۇرغاچ.
گەپمۇ قىلماي ئۆزۈمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتىم. كاللامدىكى خىياللار بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ، چىگىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر ئۇلار ئۇنىمىسا قانداق قىلارمەن؟ ئەجىبا مۇھەببەت مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، مۇھەببەت مەۋجۇت

ئەمەس، دېگەن گەپلەر راستىمدۇ؟ راست بولسا تاھىر - زۆھرە، فەرھاد - شرىن . . .لار نېمىشقا مۇشۇ چاغقىچە تىللاردا داستان بولۇپ يۈرىدۇ؟ . . . ئەگەر . . .قانداق قىلسام بولار؟ ئويلا - ئويلا دىلخۇمارغا تېلېفون قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم. تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ يېتىۋېرىپتىمەن. كاللامدىكى خىياللارنىڭ ھېچ ئايىغى چىقىدىغاندەك ئەمەس.
چۈشتە دادام بىلەن سىڭلىم كەلدى.ئاپام دادامنى مېھمانخانا ئۆيگە چاقىرىپ بىر ھازادىن كېيىن يېنىپ چىقتى. ئەزەلدىن بۇنداق قىلمايتتى بۇلار، چوقۇم بايىقى گەپلەرنى دېگەن گەپ. ئۇلار يېنىپ چىقىپ بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن سىڭلىم ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ:
_ ئاكا! ئويغاندىڭىزمۇ؟ _ دېدى.
_ ھە؟. . . _ يالغاندىن بىر ئەسنىۋېتىپ جاۋاب بەردىم، _ ھە ئە! ئويغاندىم.
_ تاماقىڭىزنى يەۋېلىڭ!
_ ھە مانا!
ئۈستى - بېشىمنى تۈزەشتۈرۈپ يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇۋېتىپ تاماق ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇردۇم. ئادەتتە خىزمىتىم ھەم دادامنىڭ خىزمىتى توغرىلىق، قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلار توغرىلىق پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. لېكىن بۈگۈن سىڭلىمنىڭ ئۈنى - بۈنى سورىغىنىدىن باشقا گەپ - سۆزلەر بولمىدى. كۆڭلۈم بىر ئىشنى سېزىپ تۇراتتى. تاماق يېيىلىپ دۇئا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن دادام سىڭلىمنى ھۇجرىسىغا كىرىپ تاپشۇرۇپ ئىشلەشكە بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن گۇمانىم تېخىمۇ كۈچەيدى. دادام ئاپامغا بىر قارىۋېتىپ ئۈستەلدىن كۆزىنى ئۈزمەي:
_ ھە ئوغلۇم! كاللاڭدا نېمە ئىشلار پىرقىراۋاتىدۇ؟
_ ھېچقانداق؟؟؟ _ دېدىم سوئال نەزىرىدە ئاپامغا قاراپ قويۇپ. ئاپام ماڭا قارىمىدى. دەپتۇدە، دېدىم ئىچىمدە. بوپتۇلا! بەربىر ھامىنى بىلىدىغان بولغاندىكىن دەۋېتەي!

_ بايا ئاپاڭ ماڭا دېدى، كۆڭلۈڭدە نېمە ئىش بولسا دېگىن. بويىغا يېتىپ قالغان بىر يىگىت ئاپىسىدىن ئۇنى ئالسام بولامدۇ، بۇنى ئالسام قانداق بولار، دەپ سوراپ يۈرسە. . . _ ماڭا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، _ بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغاندىكىن نېمە ئىش بولسا ئوچۇق بولسۇن.

ئەمدى دېمىسەم بولمىدى، ئۇزى دېگىن، دېگەن چاغدا دەۋالمىسام كېيىنگە سوزۇلۇپ كەتسە ئۇنى تېخىمۇ سېغىنىپ كېتىمەن. دەۋېتەي بولدى.

_ شۇنداق. سىلەرگە دەيدىغان بىر ئىش بار.

ئاپام، دادام بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ دىققەت بىلەن ئاغزىمغا قاراپ ئولتۇراتتى. گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. دادام بىلىۋالغاندەكلا سورىدى.

_ قانداق تونۇشتۇڭلار؟

_ شۇ......توردا.

دادام چىچىغىدا هاراق ئىچمەيدۇ. ئەگەر "هاراق ئىچىپ مەستچىلىكتە كىرىپ قاپتىمەن"دېسەم بۇندىن كېيىن دادامغا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىيالمىغۇدەكمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپامىمۇ كىچىكىمدىن "ناۋادا بىر يۇتۇم هاراق ئىچسەڭ، ساڭا بەرگەن بىر تېمىم سۇتۇمدىنىمۇ رازى بولمايمەن!" دەپ چوڭ قىلغان تۇرسا؟!

_ كۆرۈشۈپ باقتىڭلارمۇ؟

_ هەئە! كۆرۈشتۇق. ئۇ بەك بىچارىكەن.

ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سودا ئىشىنى پۇتتۇرۇش ئۇچۇن ئاغىنىسىنىڭ ئوغلىغا بەرگەنلىكىنى، يولدىشىنىڭ ئۇنى خارلىغانلىقىنى، ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىنى، كېيىن قاتتىق ئۇرۇپ تۇغماس قىلىپ قويغانلىقىنى يەنە گۇناهنى ئۇنىڭغا ئارتىپ "تۇغماس" دەپ خېتىنى بېرىۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ باشقا بىرى بىلەن توي قىلىپ هەقىقي ئەهۋالنى دېگەندە ئۇ يولدىشىنىڭمۇ ئۇنى يولغا سەپ قويغانلىقىنى، ئاخىرى بولماي رەهىمسىز، پۇلغا دۇم چۇشكەن، بالىسىنىڭ هېسسىياتى بىلەن كارى بولمىغان ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇلىنى خەجلەشنى خالىماي هېلىقى يەردە ئىشلىگەنلىكىنى. . . ئامال بار ئۇنىڭغا هېسسىداشلىق قىلىپ دەپ بەردىم. كۆڭلۈمدە ئۇلارنىڭ ئىچى ئاغرىپ قوشۇلۇپ قالسىمۇ ئەجەپ ئەمەس، دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ هېلىقى يەردە ئىشلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ دادام كۆزلىرىنى يوغان قىلىپ:

_ ئاشۇنى ئالىمەن، دېمەيدىغانسەن؟ _ دەپ سورىدى.

پوزىتسىيىسىدىن قوشۇلمايدىغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ دېيىش قارارىغا كەلدىم. يا باغدىن يا تاغدىن.

_ ئاشۇ. . .شۇ! _ ئىچىمنى ئاچچىق ئەلەم قاپلىۋالدى. دادام بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ سەل سۇكۇتتىن كېيىن:

_ سېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان هېسسىداشلىقىڭ ئاساسىدا شەكىللەنگەن مۇهەببەت قانچىلىك داۋاملىشار؟ بۇنى ئويلاشتىڭمۇ؟ _ دېدى. قارىماققا دادام مېنى نەسىهەت بىلەن بۇ نىيىتىمدىن ياندۇرماقچىدەك قىلاتتى. دادامغا مەيدانىمنىڭ چىڭلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدۇم.

_ ئالتە ئايغا يېقىن يۈرۈپتىمىز. شۇنداق بەختلىك ئۆتتۇق. خۇدايىم بۇيرىسا ئالتە يىل هەتتا ئاتمىش يىل شۇنداق بەختلىك ئۆتىدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىم بار! سەنىمۇ بىلىسەن دادا، مەن هېلى ئۇقىزغا هېلى بۇقىزغا قانات سۆرەپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەسقۇ؟ _ دەپ گەپ - سۆزدە دادامنى قايىل قىلماقچى بولدۇم.

_ لېكىن ئۇنداق ئادەملەر بىلەن قانداقمۇ قۇدا بولغىلى بولسۇن؟ _ ئاپام سۆز قىستۇردى.

ماۋۇ ئاپامنى؟ مەن تەرەپتە تۇرۇپ "خۇدايىم بەختىڭلارنى بەرسۇن" دەرمىكىن دېسەم، بىراقلا كەسكىنلىشىپ كەتتىغۇ ئەمدى.

_ ساڭا كېرىكى كېلىنمۇ ياكى ئاتا - ئانىسىمۇ؟ _ يەنىلا سۆزۈم ئارقىلىق دادامنى قايىل قىلىشنى ئويلايتتىم. ئۆيدە دادامنىڭ دېگەن گېپى گەپ. دادام قوشۇلسىلا ئاپام بىردەم قاخشاپ بېقىپ جىمىپ قالار، دەپتىمەن. نەدىكىنى ئاخىرىدا ئىشلار ئويلىغىنىمدەك چىقمىدى.

_ ئويلاپ سۆزلە بالام! _ دېدى دادام كەسكىن ئاهاڭدا، _ ساڭا خوتۇن كېرەك بولسا، بىزگىمۇ قۇدا كېرەك.

_ "قۇداڭ بارمۇ" دېسە "بار" دېگۇدەك ئادەملەرنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمىسەك قانداق بولىدۇ؟ _ دېدى ئاپام. شۇ

تاپتا بۇرۇن خېلى سالمقى بار گەپ قىلدۇ، دەپ قارايدىغان دادامنى، ھەممە ئىشتا مېھر - مۇھەببەت، ئادىمىيلىكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان ئاپامنى يېڭى تونۇشقان ئادەملەردەك ھېس قىلماقتا ئىدىم.

_ راست دەۋاتامسىلەر؟ _ ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن.

دادام:

_ ئەلۋەتتە. بۇنداق ئىشقىمۇ چاقچاق قىلغىلى بولامتىمۇ؟

_ "توپا ئالساڭمۇ دۆڭدىن ئال" دېگەن گەپ بار، بالام! قۇدا بولساقمۇ پايدىسى تېگىدىغان، ياخشى كۈننىڭ يامىنىغا ئۇچراپ قىينچىلىقتا قالساق ئانچە - مۇنچە يۆلەيدىغان ئادەملەر بىلەن قۇدا بولمىساق جاپا تارتىپلا ئۆتىدىغان گەپ! _ دېدى ئاپام.

_ ۋاي خۇدا! سىلەر ئۆزۈڭلارنى يۆلەيدىغان قۇدا ئىزدىسەڭلار خەق ئىزدىمەمدىكەن؟ ھەممە ئادەم شۇنداق ئويلىسا بىزدىنمۇ ئۆتە نامرات ئادەملەرگە قۇدا چىقماي قىزلىرى تۇل، ئوغۇللىرى بويتاق ئۆتۈپ كەتكۈدەكتە؟! _ دېدىم مەسخىرە ئارىلاش. بۇرۇن ئاتا - ئانامغا بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىپ باقمىغانتىم. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى بىر تەرەپتىن ئازابلانسام يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا سەل خاپا بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. لېكىن شۇنداق گەپلەرنى دېگەچ ئىچىمنى بوشىتىۋالماقچى بولدۇم.

_ ئوغلۇم؟ _ دادام قاتتىقلا گەپ قىلدى.

_ ھە نېمە؟ _ مەنمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋالالمىدىم.

_ ھەي! داداڭغىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلامسەن؟ _ ئاپام بىلىكىمدىن تارتىپ ئۆزىگە قاراتماقچى بولدى.

_ نېمە بولىۋاتىسەن ھوي! ئېلىپ بەرمىسەك بىزنىمۇ بوش قويمايدىغان ئوخشىمامسەن؟ _ دېدى دادام تەنە ئارىلاش.

_ ئېلىپ بەرمىسەڭلار ئۇنى ئېلىپ يىراقلارغا قاچىمەن شۇ! _ قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنتىم. ئەمدى كەينىمگە يانسام مۇھەببىتىمدىن ۋاز كەچسەم بولىدۇ.

_ بەدبەخ! _ دادام چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. مۇشۇ چاغقىچە دادام مېنى بۇنداق تىللاپ باقمىغان ئىدى. ئۆزۈممۇ سەل چۆچۈپ قالدىم. لېكىن ئاغزىمدىن چىققان گەپنى قەتئىي ياندۇرۇۋالمايتتىم. دىلخۇمارنى كۆرۈش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچەيگىلى تۇردى. ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ "جېنىم! يىراق - يىراقلارغا كېتەيلى! بىزنى چۈشەنمەيدىغانلار ئارىسىدا ياشمايلى!" دېگۈم كېلەتتى.

_ ۋاي بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ؟ _ ئاپام ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ دادامغا قاراپ.

_ خەق بېشىنى پىرقىراتسا بىلەلمەي، نەدىكى رەسۋالارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ كەتكەن گەپ، _ دېدى دادام ماڭا چەكچىيىپ قاراپ. دادامنىڭ ئۇنى "رەسۋا" دېگىنىنى ئاڭلاپ راستلا ئاچچىقىم كەلدى، بۇلارنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

_ رەسۋا دېمە جۇمۇ! _ دېدىم دادامغا ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم چەكچىيىپ قاراپ.

_ دەيمەنغۇ؟! _ دادامنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتاتتى.

_ نەدە كۆرگەنتىڭ رەسۋالىقىنى؟ _ بۇ گەپنى دەپ بولۇپ بۇرۇن ئۇرۇشۇپ يۈرگەن چاغلار كاللامدىن غىل - پال كەچتى، _ دادا دېگەنمۇ سەندەك بولامدۇ؟

_ بالام، داداڭ بىلەن تاكاللاشما! _ ئاپام ئەنسىز تۇۋلىدى. ئاڭغىچە سىڭلىم يىغلىغان پېتى چىقىپ كەلدى.

_ ئاكـــــــا! دادام بىلەن تاكاللاشماڭ!

_ كىرە! ماڭ شۇم!

ئاپام:

_ بالام، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ؟

_ بولدى قىلە، سەنمۇ! _ ئاپامغا بېشىمنى بۇراپ ئۇلگۇرمەيلا دادام:

_ ئاغزىڭنى يۇم!

"چاڭ!"
دادامنىڭ ئۆرغان تەستكىدىن مەڭزىمنى سىيلاپ تۇرۇپ شۇنداق خورلۇق ھېس قىلدىم - دە، چىدىماي سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم.
_ بالام!. . . غەيرەتجان!. . . _ ئاپام كەينىمدىن تۇۋلاپلا قالدى.
ئۇدۇل بېكەتكە باردىمدە ئۈرۈمچىنىڭ بېلىتىدىن بىرنى ئېلىپ ماشىنىغا چىقتىم.ماشىنا يولغا چىقاي دەپ قالغان چېغى مەن چىقىپ ئۆزۈن ئۆتمايلا قوزغالدى. يولدا بايىقى ئىشلارنى ئويلاپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىغاچ يەنە خىيالغا چۆكتۈم. ئەزەلدىن ئاتا - ئانام بىلەن قاتتىقراق ئاۋازدا ۋارقىرىشىپ باقمىغان ئىدىم. بۈگۈن تۇنجى قېتىم دادامغا، ئاپامغا ۋارقىراپ ئۇلارنى سىلكىپ يەنە تاياق يېدىم قاتتىق ھار كەلدى. ئويلىغانسېرى بايىقى ئۆيدە بوپ ئۆتكەن ئىشلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. "سىلەر بولمساڭلار ياشيالمامدىم؟ . . ."دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. دىلخۇمارغا تېلېفون ئۇراي دەپ يېنىمنى ئاختۇرسام تېلېفونۇم يوق، تېلېفوننى ئېلىۋالماپتىمەن - دە؟! ئويلاۋاتىمەن، ئويلاۋاتىمەن. . . بېرىپ دىلخۇمار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى ئېلىپ باشقا يەرگە كېتىش ھېچ بولمىغان ئۈرۈمچىنىڭ ئۇلار بىزنى تاپالمايدىغان يېرىگە كېتىش قارارىغا كەلدىم. . .
گادىرماچ خىياللار ئىچىدە ئۈرۈمچىگىمۇ كەلدىم. بېكەتتىن چىقىپلا ئاممۇۋى تېلېفوندا ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدىم. تېلېفوننى ئۇ ئالدى:
_ ۋەي!
نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭغا ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا "ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم، باشقا يەرگە كېتەيلى" دېسەم قاملاشمايدۇ - دە؟! شۇلارنى ئويلاۋاتسام ئۇ يەنە گەپ قىلدى:
_ ۋەي؟؟؟ .......... ۋەي!
_ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! _ دېدىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ. ئۇ بىردەم تۇرۇۋېتىپ بوش ئاۋازدا:
_ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. . . _ دېدى.

_ قانداق ئەھۋالىڭ؟
تۇۋا! ما ئىشنى قارا! باياتىنلا ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ئەڭ ئامراق ئادەملىرىم بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆيدىن يېنىپ چىققان ئادەم ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى.
_ ياخشى. . . _ دەپلا جىم تۇرۇۋالدى. مەن مېنى تونۇيالمىغان ئوخشايدۇ، دەپ:
_ مەن غەيرەت! تۇرپاندىكى غەيرەت! سەن دىلخۇمارغۇ؟! _ دېدىم.
_ ھەئە! بىلدىم. مەن دىلخۇمار!
مەن خۇش بوپ سەكرەپ كېتەرمىكى دېسەم ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە بوش، شۇنچە جانسىز ئىدى. مەن سەل ئەنسىرەپ:
_ نېمە بولدۇڭ؟ ئاغرىپ قالمىغانسەن؟
_ ياقەي. . . شۇ. . . زۇكام!
_ ھــــــە. . . مەن ھازىر ئۈرۈمچىدە. سەندۇڭبى بېكەتتە سېنى ساقلايمەن كېلە! ساڭا گېپىم بار!
_ ماقۇل! ھازىرلا بارىمەن.
كەچ كۈز بولسىمۇ ئۈرۈمچى خېلىلا سوغۇق ئىدى. قاراپ باقسام كوچىدىكى ئادەملەر ئىچىدە مەنلا ئەڭ نېپىز كىيىنىۋاپتىمەن. تۇرپاندا خەقلەر يېڭى قىسقا مايكىلارنى كىيىپ يۈرسە بۇيەردە چاپان كىيىدىكەن. بۇرۇنمىغۇ ئاڭلىغان لېكىن بايا......
ئالاھەزەل بىر يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇ كەلدى. يەنىلا ئۇ مېنى چۈشىنىدۇ جۇمۇ. قولدا بىر چاپان. يېڭى ئالغاندەك تۇراتتى. يىراقتىن كۈلۈمسىرىگىنىچە كېلىۋاتاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى. "ئۇزۇن كۆرۈشمىگەچكە شۇنداق تۇيۇلۇۋاتقان بولسا كېرەك" دەپ بۇ گۇمانىمنى تېزلا يوقىتىۋەتتىم. گەرچە ئۇنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىمدىن ئۆزۈم ئويلىغاندەك خۇشال بولمىغان بولسامۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ تۇردۇم. ئۇ يېنىمغا كېلىپ چاپاننى ماڭا بەرگەچ:

_ سزنى چوقۇم نېپىز كىيىنىپلا كېلىدۇ، دېگەنتىم. ھى ھى . . . _ دېدى. بايىقى گۇمانىم كاللامدا يەنە غىل - پال ئەگىدى.

_ لېكىن توڭلىمىدىم، يۈرىكىمدە لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت بار! _ دېدىم يۈرىكىمنى ئىما قىلىپ.

_ ھى ھى ھى...... يۈرۈك!

بىلىكىمدىن قولتۇقلىۋالغان بولىسىمۇ كاللامدا يەنە نۇرغۇن قالايمىقان خىياللار ئەگىيتتى. "ئەجەپ بۇرۇنقىدەك پاراڭلاشمايمىزغۇ؟ يەنە توي قىلىۋالدىمۇ يە؟ چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارمىغانلىقى ئۈچۈن تىل ئىشىتتىمۇ يە؟" شۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

_ سەن. . . بىر خىللا بوپ قاپسەنغۇ؟

_ ئۇنداق ئەمەسقۇ؟ _ دېدى ئۇ. قارىماققا سەممىي ئەمەستەك قىلاتتى.

_ كۆڭلۈڭدە بىر گېپىڭ باردەكلا! _ بۇرۇن پاراڭلاشسام كۆڭلۈمگە نېمە كەلسە شۇنى دەيدىغان ئادەم ئەمدى گەپ - سۆزۈمگە ئىختىيارسىز دىققەت قىلىپ سۆزلەۋاتاتتىم.

_ ئۇنداق ئەمەس. تاكسى توسۇيلى!

ئۇ ھېچ كۆزۈمگە قارايدىغاندەك ئەمەس. يۈزىنى مەندىن ئەپ قېچىپلا تۇراتتى. تۇرۇپ "باشقا بىرىنى تېپىۋالدىمۇ يە؟" دەپ گۇمان قىلاتتىم. يەنە تۇتۇپ "كوچىدا ئادەم جىق ئۇنىڭ ئۇستىگە كۈندۈز بولغاچقا خىجىل بولىۋاتقاندۇ" دەپ ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرەتتىم . ماشىنىدا ئولتۇرۇپمۇ دېگەندەك كۆڭۈللۈك پاراڭلاشمىدۇق. ئۇ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا "ئۇلارمۇ بۆيەرگە كەلگىنىمنى بىلىدۇ، سېنى توردا تونۇشقان، دەپ قويدۇم" دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتىم. مەقسىتىم ئايرىم جايدا دېيىش ئىدى. ئۇمۇ گېپىمگە ئىشەنمىدى. بەك يامانده بۇ. تۇرقۇمدا قاراپلا ھەممە ئىشنى بىلىپ بولغاندەك قىلاتتى.

تاكسى بىر قەھۋەخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ ماشىنىنى توختىتىپ ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي ماشىنىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ قەھۋەخانىغا باشلىدى. قەھۋەخانا نەپىس بېزەلگەن بولۇپ كەيپىياتىم جايىدا بولغان بولسا خېلى

سەپسىلىپ قاراپ باققۇدەكمەن. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاشۇ گېپىنى كاللامدىكى گۇمانىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇدۇللا كېلىپ بىر خالىيراق جايدا ئولتۇردۇق. بۇ قېتىممۇ ئۇ يەنە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى بۇيرۇتۇپ پۇلىنى ئۆزى تۆلىۋەتتى. "چوقۇم دەيدىغان گېپى بار" دەپ ئويلىدىم. بولمىسا بۇنچىلىك قىلىشىپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەستۇققۇ بىز؟!

_ سەن راستىنلا بىر خىللا بوپ قاپسەن! _ دېدىمم مەن، _ نېمە گەپ بولسا دەۋەرگىن!

ئۇنىڭدىن ئۈنچىقمىدى. شۇ تاپتا ھېسسىياتىم باشقىچىلا. ئەتىگەندىلا كۆرۈۋشۈش توغرىلىق نېمىلەرنى ئويلاپ كەتمىگەن مەن. ئەمدىلىكتە بۇ. . .

ئۇنىڭ ئۇستى - بېشىغا قايتىدىن سەپ سالدىم. بۇرۇنقى قويۇۋەتكەن چېچى بوغۇلغان، گىرىمنى سۇس قىلاتتى ئەمدىلىكتە قېنىق قىلىۋالغان بولۇپ خۇددى كالپۇكلىرىغا قىزىل قەغەز چاپلىۋالغاندەك، كۆزلىرىگە بوياق قەلەم بىلەن سىزىۋالغاندەكلا. كۆزلىرىدىمۇ، يۈزلىرىدىمۇ نۇر يوق. خېلى ياشلارغا كىرىپ قالغان ئاياللاردەكلا. چېچىنى سېرىق ئارىلاشتۇرۇپ بويىۋالغان بولۇپ شۇ تۇرقى ئىچىمنى سىقىپلاۋەتتى. «بۇرۇن مۇشۇنداق ياسىنىۋالغانلارغا ئالىيىپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. ئەجىبا بۇمۇ. . . ياق، ياق، ياق! ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق ئىشنى قايتا قىلمايدۇ! »
كاللامدىكى سوئاللارغا ئۇنىڭدىن جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن سورىدىم:

_ ئاڭلىسام ئىشلەۋېتىپسەن. نەدە، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

سوراپ بولۇپ سەل ئەيمىنىپ قالدىم. بۇرۇن شۇنداق ئەركىن، نېمە دېگۈم كەلسە شۇنى دەيتتىم بولمىسا، نېمە بولدۇقكىن؟ گەپلىرىم قولاشمىغاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى. بىر قارىسام تەمكىندەك بىر قارىسام ئىچىدە گەپ باردەك، ئالدىرىماي جاۋاب بەردى.

_ ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلسەم، _ دېدى ئۇ، _ ئۆيدىكى ئىشلار پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

_ قانداق ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ؟ _ ھەيران بولۇپ ھەم تىت - تىت بولۇپ سورىدىم مەن.

ئۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا بولغان ئىشلارنى بىرمۇ - بىر سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئۆيدە دادىسى يوق. ئاپىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە دادىسى ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاپىسىدىن كۆرۈپ كۇندە ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ، كېيىنچە سىرتتىن بىر ئاشنا تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ ئاشنىسى زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشقا ئۇنىڭ دادىسىمۇ چېتىلىپ قېلىپ ئاشنىسى بىلەن تەڭ جازالىنىپتۇ. ئەمما رەسمىي ئاجراشمىغان بولغاچقا ئۆيىدىكى مال - بىساتلارنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىنىپ ئۆزى تۈرمىگە تاشلىنىپ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. ئاپىسىمۇ ئەرز قىلىپ ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆيىنى بېقىش ئۈچۈن كوچا تازىلىقچىسى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. «ھەنىم بولسا ھالال ئىش قىلىۋېتىپتۇ، ئېغىر ئىش قىلىپ باقمىغاچقا چارچاپ يۈز - كۆزىنىڭ نۇرى يوق بولۇپ قاپتۇ - دە؟!»دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

_ بۇگۈنچۇ؟ ئىشلىمىدىڭمۇ؟ _ دەپ سورىدىم مەن. شۇ تاپتا ئۇ نېمىلا دېسە مەيلىتى، ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىمۇ ماڭا شۇنداق قىممەتلىك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئارىلىقىمىز يىراقلاپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق، دېگەن گەپ راستىمدۇ يە؟» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى.

_ سىز كەلگەن تۇرسىڭىز. بىر كۇنلۇك رۇخسەت سورىدىم. ھى ھى ھى..... _ دېدى ئۇ. ئۇنىڭ كۇلكىسى ماڭا ئۆزىنى زورلاپ كۇلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. بۇرۇنقىدەك تەبىئىي ئەمەس ئىدى. يا كۆڭلۈم جايىدا بولمىغاچقا شۇنداق بىلىندىمۇ؟! ئىشقىلىپ بۇرۇنقى ھېسسىياتلىرىمىزدىن ئەسەرمۇ يوق. يا كۆڭلى جايىدا ئەمەستۇ؟!

_ مۇنداق دېگىن. ئەمىسە بۇگۈن ماڭا ھەمراھ بولغۇدەكسەندە؟ _ دەپ سورىدىم. دېمىسىمۇ ئۇنى دەپ كەلگەن تۇرسام ماڭا ھەمراھ بولمامتى ئەمىسە. . . ھـــــەي!!!

_ ئەلۋەتتە! سىز مېنى دەپ كەلگەن تۇرسىڭىز، ھى ھى. . . _ دېدى ئۇ يەنە ساختىدەك كۇلۇمسىرەپ. نېمىشقىدۇر ئۇ كۇلۇمسىرەپ گەپ قىلسىمۇ كۆڭلۈم بىر خىل پاراكەندە.

_ ھە، راست! تېلېفونىمۇ قىلمايلا كەپسىزغۇ؟ خەۋەر قىلىۋەتكەن بولسىڭىز ئالدىڭىزغا تەييارلىق قىلىپ

چىقاتتىكەنمەن ھې ھې......

ئۇنىڭ كۇلۇمسىرەشلىرى بارغانسېرى كۆڭلۈمنى بۇزغىلى تۇردى. كۆڭلۈمگە مۇشۇلا تەسەللىي بېرەلەيدۇ، دەپ ئويلاپ چۈشتە ئۆيدە بولغان ئىشلارنىڭ بىرىنى قويماي ھەتتا دادامنىڭ مېنى ئۇرغانلىرىغىچە ھەممىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ئاڭلاپ سەل قايناپ قالدى.

_ بۇ قىلغىنىڭىز بولماپتۇ! _ دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، _ ئاتا - ئانا دېگەن ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان. بار چېغىدا قەدرىنى بىلمىگەن بىلەن كېتىپ قالغاندا ھەربىر رەنجىگىنىڭىز ئۈچۈنمۇ پۇشايمەن قىلىسىز!

_ پۇشايمان قىلمايمەن، _ دېدىم مەن كەسكىن ئەمما ئۆزۈمگە ئىشەنمىگەن ھالدا، _ سەن بىلەن بىللە بولسىلا بولدى.

_ بىراق سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇلارنى رەنجىتىش بەدىلىگە بىز قانچىلىك بەختلىك بولارمىز؟ مەن ئۆيىڭىزگە كىرسەممۇ بىر ئۆمۈر ئاتا - ئانىڭىزنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن.

_ شۇڭا كوت - كوتقا خەت قالدۇرساممۇ جاۋاب خەت قايتۇرماپسەندە؟ _ دېدىم مەن ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ. ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بېرى نېمشقا بۇنداق ئولتۇرۇۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى ھېس قىلغاندەك. «ئۇنىڭ ئىشەنچىسى يوقكەندە، مەن ھەممىنى پەقەت مۇشۇنى دەپ قىلغان تۇرسام. . .» دەپ ئويلايتتىم.

_ خەت قالدۇراي، دېگەن. لېكىن مەن ئاتا - ئانىڭىزنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلىمەن.

_ مېنىڭ سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ _ ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەنىمۇ بولدۇم.

ئۇ گەپ قىلمىدى. بىر ھازا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ جىمىپلا كەتتى. يىغلاۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كېتىۋاتاتتى.

_ يىغلاۋاتامسەن؟

_ يا......ق!

_ بېشىڭنى كۆتۈرە!

ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرىگە زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

_ مانا كۆتەردىم تازا.... _ دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، _ سىزنى كۆرۈپ خۇش بوپ يىغلاۋاتىمەن. قانداق قىلىمەن خۇش بولساممۇ يىغلىغۇم كېلىدىكەن. . .

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خېلى سۆيۈندۈم. كاساپەت! كۆڭلۈمنى خۇش قىلىمەن دېسەڭ خۇش قىلىپ غەش قىلىمەن، دېسەڭ غەش قىلالايسەنغۇ سەن!

_ هازىرچە يىغلىما! توي قىلىپ سېنى ئاغىنىلىرىم بىلەن داپ، راۋاب. . . چېلىپ ئالغىلى كەلگەندە يىغلا! شۇ چاغدا يىغلىمايمەن دېسەڭمۇ قىز قولداشقا دەپ قويىمەن، سېنى چىمداپ بولسىمۇ يىغلىتىدۇ.

_ ئەسكى! هى هى! . . . _ ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ئەمدى بۇرۇنقىغا ئوخشىدى. ئۇۋ! ھەنىم بولسا كۈلدۈردۈم. بۇرۇن يىغلىتىمەن دېسەممۇ بەش مىنۇتلۇق، كۈلدۈرىمەن دېسەممۇ بەش مىنۇتلۇقلا ئىش ئىدى.

_ هە! مەن ئەسكى! سەنمۇ ئەسكىنى ياخشى كۆرىسەن!

_ مەن قاچان ياخشى كۆرىمەن دېدىم؟

مانى؟! ئاتايىتەن شۇنچە يىراق جايدىن كەلسەم دېگەن گېپىنى!

_ بىر كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قالدىم، دەپ مېنى كەلتۈرۈۋېلىپ ئەمدى دەيدىغان گېپىڭ مۇشۇما؟ _ سەل خاپا بولدۇم ۋە نارازى بولغان ئاهاڭدا، _ ئاران بىر كۆرۈشكەندە تاتلىق گەپ قىلمامدۇ دەيمەن، _ دېدىم.

_ هى هى هى..... خاپا بولسىڭىز بۇرۇنقىدەكلا ئوماقلىشىپ كېتىدىكەنسىز! _ ئۇ شۇنداق دەپ قولۇمنى چىڭ تۇتتى. قولۇمغا قاراپ قويۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدىم. يۈرىكىم پەقەت ئۇنىڭ ئۇچۇن سوقىدىغاندەك هېس قىلدىم.

_ دىلخۇمار! _ دېدىم ئۇنىڭغا بارچە مېھرىم بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ، _ نېمىلا ئىش بولمىسۇن مەندىن ئايرىلماسلىققا ۋەدە بەر! بۇندىن كېيىن ئايرىلمايلى! مەن. . . پەقەت چىديالمايدىكەنمەن. ماڭا ۋەدە بەر!

ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى. باشقا ياقلارغا قارىۋالدى. تەشۋىش ئىچىدە ئۇنىڭ قولىدىن سىلكىپ تۇرۇپ يەنە سورىدىم.

_ ۋەدە بېرەلمەمسەن؟ _ شۇ تاپتىكى تۇرقۇم شۇنچە بىچارە. يالۋۇرۇش دېسەممۇ ئارتۇقلۇق قىلمايتتى.

بىراق ئۇ يەنە گەپ قىلمىدى. سەل ئارىسالدى بوپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ چوقۇم ۋەدە بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەچ كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئۈزمىدىم. ئۇ نەمخۇش كۆزلىرىنى زورىغا يوغان ئېچىپ چىمچىقلىتىپ ئاندىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ:

_ ئاۋۋال ئاتا - ئانىڭىزنى خاتىرجەم قىلىڭ! ئۇلارغا تېلېفون بېرىپ «ئاچچىقىم ياندى، بىر نەچچە كۈنگىچە قايتىپ كېتىمەن» دەپ قويۇڭ! سىزدىن بەك ئەنسىرەپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئاپىڭىز بەك ئەنسىرەيدۇ. بالا ھەرقانچە خاتالىق ئۆتكۈزسىمۇ ئاتا - ئانا بولغۇچى يەنىلا كەڭ قورساق، ئۇلار سىزنى چوقۇم كەچۈرىدۇ.

_ كەچۈرسىلا بولامدۇ؟ _ دېدىم مەن، _ قوشۇلمىسا يەنە ئوخشاشلا ئىش بولمامدۇ؟ سەن بىر ئىشلارنى ھەجەپ ئىنچىكە ئويلايدىغان بوپ كېتىپسىنا؟

_ تۇرمۇش مۇشۇنداق قىلىۋېتىدىكەن. بىردەملىك ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلسىڭىز پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا تاپالماي قالىدىكەنسىز. . .

_ بولدىلا! ماڭا پەلسەپە سۆزلىمەيلا قوي! ئۇلارغا ئەتە - ئۆگۈنگىچە تېلېفون قىلاي، بولامدا؟

_ هازىرلا قىلىڭ! _ ئۇ شۇنداق دېگەچ تېلېفوننى چىقاردى. ئۇنىڭ تېلېفوننى ئېلىپ ئۆيگە تېلېفون قىلدىم. ئالىدىغان ئادەم يوق! ئەنسىرەپ دادامنىڭ تېلېفونىغا تېلېفون قىلىپ تېلېفوننى ئۇنىڭغا بەردىم:

_ دادام ئالسا مېنى سورا! «يوق»دېسە قويۇۋەت! سىڭلىم ئالسا ماڭا بەر! _ دېدىم. ئۇ گېپىمنى چۈشىنىپ بېشىنى لىڭشىتىپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

_ ۋەي! ياخشىمۇسىز؟ . . . مەن ئالىيەنىڭ سىنىپ مەسئۇلى بولىمەن. ئالىيەدىن سورايدىغان ئىش باتتى، تېلېفوننى بەرگەن بولسىڭىز . . . رەھمەت!

كاللىسى ئىشلەپ قويىدۇ جۇمۇ بۇنىڭ. مەن ئويلىمىغان ئەقلنى ئويلاپ بوپتۇ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا. ئۇ تېلېفوننى ئالا - ئالمايلا ئاغزىنى تۇتقىنىچە چىرايلىرى ئۇمچىيىپ كەتتى.
_ نېمە بولدى؟. . . نېمىگە يىغلايسىز؟
كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك تېلېفوننى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ:
_ ۋەي، ئالىيە! _ دەپلا يۈرىكىم «زىڭگىدە» بوپ كەتتى. سىڭلىم بوقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ ئۇنىڭغا تېلېفوننى دادامغا بېرىشنى ئېيتتى.
_ ئالىيە! نېمىگە يىغلايسەن؟
_ ھۇ .... ھۇ..... ھۇ......
_ تېلېفوننى دادامغا بېرە!
كۆڭلۈم دەككە - دۈككە ئىچىدە.
_ ۋەي، دادا! ئالىيە نېمشقا يىغلايدۇ؟
دادامنىڭ ئاۋازى بوشلا چىقتى:
_ سېنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىڭ! ئوغۇلبالىدەك ئىش قىلدىڭ!. . .
_ ئوچۇق دېگىنە! ئاپام بارمۇ يېنىڭدا؟
_ . . .
_ ۋەي؟ ۋەي! . . .تازىمۇ بىر.......
دادام تېلېفوننى قويىۋەتتى. قايتا ياندۇرۇپلا ئۇردۇم. بۇ قېتىم سىڭلىم ئالدى.
_ ئالىيە! يىغلىما سىڭلىم! نېمە ئىش بولدى؟
_ ھۇ. . . ھۇ. . ئاپامنىڭ. . . ھۇ. . يۈرەك . . . كېسلى. . . ھۇ ھۇ ..........
_ نېمە؟ _ يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ئاپامنىڭ يۈرەك كېسلى بار ئىدى. ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم.

_ ئۇنداق ئەمەستۇ؟ . . . بايىلا تېخى ساقتىغۇ؟ _ جىددىيلىشىپ سورىدىم.
_ سىز . . .كېتىپ. . . ھۇ ھۇ ھۇ.........
ئازابتىن تولغىنىپ كەتتىم. بۇنداق بولارىنى كىممۇ ئويلىسۇن؟ ناۋادا بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا ئاپامنىڭ يۈزىنى. . . ئاخىرىنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمىدىم. ئاپام مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئەمدىلىكتە قايتۇرغا جاۋابىم مۇشۇما؟
_ دوختۇرغا ئاپاردىڭلارمۇ؟ _ مېنىمۇ ئىختىيارسىز يىغا تۇتتى. بوغۇزۇم توسۇلۇپ ئاۋازىممۇ چىقماي قالدى.
_ ھۇ.... ھۇ...ھازىر.....دوختۇر .. ..ھۇ......ھۇ......خانىدا.....
_ قايسى؟
_ . . .
ۋەي؟ ....ئالىيە! . . . قايسى دوختۇرخانىدا؟
تېلېفوننى دادام ئالدى.
_ ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا.
_ مەن ھازىرلا بارىمەن.
تېلېفوننى قويۇپلا كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ماڭدىم. ئۇ ئەندىكىپ سورىدى:
_ نېمە ئىش بوپتۇ؟
_ ئاپامنىڭ يۈرەك كېسلى قوزغىلىپ قاپتۇ!
ئۇمۇ "ھە؟ . . ." دەپلا ماڭا ئەگىشىپ ماڭدى. كۆزۈمگە ئاپامنىڭ ئەستايىدىل نەسھەت قىلىشلىرى، ھەرقېتىم مۇئاشىم چىققاندا پۇل بەرسەم«رەھمەت بالام ئىنسابىڭغا»دەپ ئۇزۇن دۇئا قىلىشلىرى، تاماق ئاز ئېتىلىپ قالغاندا «تويمىدىم» دېسەم ماڭا ئۆزىنىڭ تامىقىنى بۆلۈپ بېرىشلىرى، چۈشلىرى تاماقتا ۋاخ قالسام مېنى ساقلاپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرغاندىكى سىماسى . . . كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ؛ سەھەردە مېنى «بالام، ئۇيقۇڭنى ئاچ!

ۋاقت توشۇپ قالدى. . .»دېگەن گەپلىرى قۇلىقىمدا جاراڭلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كۆزلىرىم ئاچچىق بولۇپ كەتتى. بىردەم - بىردەم كۆزلىرىمنى چىمچىقلىتىپ، يوغان ئېچىپ مېڭىۋاتاتتىم. شۇنداقلا ئۆزۈمنى قويۇۋەتسەم كۆز ياشلىرىمنى، ئاۋازىمنى تۇتۇۋالالمايتتىم. ئۇ بېكەتكە بېرىپ بېلەت ئېلىپ ئاپتوبۇسقا چىققۇچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن تىت - تىت بولغىنىمنى كۆرۈپ:

_ ھېچقىسى يوق! چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، _ دېدى.

ئۇنىڭ گېپىدىن تەسەللىيگە ئېرىشكەنمۇ بولدۇم. لېكىن قەلبىمدىكى پۇشايمان ئازابى، ھەسرەت. . . . ھېچ يېنىكلەيدىغاندەك ئەمەس. ئاپتوبۇس ماڭمىغاچ شوپۇرنى ئۇنلۇك تىللىدىم:

_ قېنى ما شوپۇر! ماڭامسەن؟ ماڭمامسەن؟

_ نېمە ۋارقىراۋاتىسەن؟ ۋاقت توشقاندا ماڭمامدىم؟

ئۇ ئاغزىمنى توسىۋالدى ۋە بىلىكىمدىن «يۈرۈڭ!»دەپ تارتىپ ئېلىپ ماڭدى. ئاپتوبۇس بېلىتىنى قايتۇرۇۋېتىپ كىچىك ماشىنىغا تۆت ئادەمنىڭ ھەققىنى بېرىپ شۇ ھامان يولغا چىقتۇق. يولدا كېتىۋاتىمەن. كۆز ئالدىمدا چۈشتە ئۆيدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار. . . دىلخۇمار ئېقىپلا كېتىپتۇ.

_ ھەممىنى قىلغان مەن. مېنى تىللاڭ! _ دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ.

_ نېمىگە يىغلايسەن؟ ئاپام چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

_ ئىلاھىم دېگىنىڭىز كەلسۇن! ئاللاھ ئاپىڭىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

_ بولدى يىغلىما! _ دېدىم ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋالغان ئىدىم. «چۈشتە ئۇرۇشمىسامىمۇ بوپتىكەن، نېمىشقا سىلىق گەپ قىلمىغان بولغىيدىم، بايىلا تاكاللىشىۋېدىم ھازىرلا كۆزۈمگە كۆرسەتتى مانا، نېمانچە كەم ئەقىلدۇرمەن. . .»دەپ ئۆزۈمنى ئەيىپلەيتتىم. ئاللاھتىن«ھەممە گۇناھ مەندە، مېنى جازالا! ئاپامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن!. . .»دەپ تىلەيتتىم. يول شۇنچە ئۇزۇن بىلىنىپ شوپۇرنى بىردەم - بىردەم تېخىمۇ تېز مېڭىشقا ئۈندەيتتىم. . .

غەم، تەشۋىش، پۇشايمان، ئازاب . . . ئىچىدە تۇرپانغىمۇ كەلدۇق. كېلىپلا ئۇدۇل دوختۇرخانىغا باردۇق. جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىنىڭ ئالدىدا دادام ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ تىتىلداپ تۇرۇپتۇ. سىڭلىم مېنى كۆرۈپلا يىغلاپ قۇچىقىمغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇنچە غەيرەت قىلىپ تۇرسامىمۇ سىڭلىمنىڭ يىغلاشلىرىغا چىدىيالماي كۆزۈمدىن بىرنەچچە تامچە ئېقىپ كەتتى. دادام دىلخۇمارنى كۆرۈپلا ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭغا قاراپ ئالىيىۋېتىپ باشقا ياققا قاراپ تۇرۇۋالدى. ئاڭغىچە قۇتقۇزۇش ئۆيىدىن بىر دوختۇر چىقىپ كەلدى. دادام ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

_ دوختۇر! ئايالىم قانداقراق؟ _ دەپ جىددىيلىشىپ سورىدى.

_ ھازىرچە خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئاسان ھاياجانلاندۇرىدىغان گەپ - سۆزلەرنى دېمەڭلار! كۆڭلى تېنچ تۇرسا تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، _ دېدى دوختۇر.

ئۇف! خۇداغا شۈكرى! ھەنىم بولسا خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

دادامنىڭ كەينىدىن سىڭلىم ئىككىمىز كىردۇق. ئاپام بىھۇش ياتاتتى. ئاپامنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ پەقەت چىدىيالمىدىم. قەلبىمنى بىر ئورام سىم چىرمىۋالغاندەك ئۆپكەم ئۆرۈلۈپلا تۇراتتى. بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ بېقىپ ئەمدى ھالاۋىتىنى كۆرىدىغان چاغدا تاس قالدىم بىر ئۆمۈر ھەسرەتتە قالغىلى. دىلخۇمار كىرمىدى. ئاپامنىڭ قېشىدىن ئاستا يېنىپ چىقىپ ئۇنى كارىدوردىكى ئادەم يوق جايغا بېرىشقا ئىشارەت قىلدىم. ئۇ يىغىدىن تېخىچە توختىمىغان ئىدى.

_ ھېلىمۇ ياخشى سەن تېلېفون قىلىڭ دەپسەنكەن. بولمىسا. . . _ دېدىم مەن.

_ خۇداغا شۈكرى! ھەنىم بولسا سالامەتكەن! ھەممىنى قىلغان مەن. مېنى دېمىسىڭىز بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى!

_ ۋوي! بولدى يىغلىما! دوختۇرمۇ «خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، ساقىيىپ كېتىدۇ. . .» دېدىغۇ؟ يەنە نېمىگە يىغلايسەن؟.

_ شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايۋاتىمەن. . . ھۇ.. ھۇ.... مېنى تىللاڭ! مېنى ئۇرۇڭ!
_ ئـــــاھـــــــاي! پو ئاتما! بىر شاپىلىقىم بىلەن ئۇرۇمچىگە كېتىسەن، سېنى قانداقمۇ ئۇرغىلى بولسۇن؟!
ھى ھى........
_ ھې ھې. . . . _ ئۇ كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ كۈلۈۋېتىپ ئاندىن يەنە چىرايىنى ئۇمچەيتىپ، _ مۇشۇنداق چاغدىمۇ چاقچاق قىلىسىز ھە؟!
_ ئەمسە تەڭ يىغلامدۇق يا؟
_ ياق! بولدى يىغلىمايمەن.
ئۇ ماڭا خۇددى گېپى باردەكلا دەققە تىكىلىپ قارىۋېتىپ يەنە كۆزىنى ئەپ قاچتى.
_ مەن ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئېلىپ قازان - قومۇچ، سەي - كۆكتات. . . سېتىۋالاي! ئاپىڭىز دوختۇرخانىدىن چىققۇچە تاماقنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىپ بېرىمەن. دوختۇرخانىلارنىڭ تامىقى بەك ناچار!
_ ئۇنداقتا. . .
_ ھېچنېمە بولمايدۇ. لېكىن مېنىڭ ئەتكەنلىكىمنى دېمەڭ! بولمىسا ئاپىڭىز ئىچمەيدۇ.
_ بۇ. . .
_ شۇنداق بولسۇن. خوش!
ئۇ كېتىپ كۆڭلۈمدە «ئۇ تاماق ئېتىشنى بىلسە چوقۇم باشقا ئۆي ئىشلىرىنىمۇ قىلالايدۇ. دېمەك ئۇ ئۆزگىرىپتۇ. ئۆزگىرىپ بۇرۇنقىغا قارىغاندا پىشىپتۇ. كېلىنلىككە سالاھىيىتى توشقۇدەك ھەنىم بولسا. . .» دەپ ئويلىدىم. لېكىن كۆڭلۈم يەنىلا پەرىشان. . .
دادامنىڭ ئىشى ئالدىراش بولغاچ كۈندۈزى بىرەر سائەت كېلىپلا يەنە ئىشىغا كېتەتتى. سىڭلىممۇ مەكتەپتىن كېلىپ قارايتتى. «رۇخسەت سورايمەن» دېگەنتى ئاپام«دەرستىن قالىسىز، مەن تېزلا ياخشى بوپ كېتىمەن» دەپ
ئۇنىمىدى. مەن ئىش ئورنۇمدىن رۇخسەت سوراپ كۈندۈزى ئاپامغا قارىدىم. كېچىسى دادام قارىدى. ئاپامنىڭ كېسىلىنىڭ بالدۇر ساقىيىشى بىلەنلا بوپ كېتىپ دىلخۇمار بىلەن تۇزۇكرەك پاراڭلاشماپتىمەن.
دىلخۇمار ئاپام دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى سۇيۇقاش ئېتىپ ئەكەپتۇ. ئۆزى ئىشىك سىرتىدا ساقلاپ تۇردى. مەن «كىر»دېسەممۇ كىرمىدى. مەنمۇ ئانچە زورلىمىدىم. ئاپامنىڭ كېسىلىنىڭ يەنە قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم. ئاپام سۇيۇقاشنى ئىچىپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپلا كەتتى.
_ نېمىدېگەن ئوخشىغان سۇيۇقاش بۇ؟! دوختۇرخانىنىڭ تامىقى بۇرۇن كىرىپ قالغان چاغلىرىمدا پەقەت ئاغزىمغا تېتىمايتتى. قارىغاندا ئاشپەز ئالماشقان ئوخشايدۇ. ھەقىقەتەن ئۇستا ئاشپەزكەن جۇمۇ!
ئاڭلاپ بەك خۇش بوپ كەتكەنتىم. كېلىنىڭ ئەتكەن تۇرسا ئەلۋەتتە ئوخشايدۇ - دە؟! ئۆزىمىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمىز ئەتكەن تاماقنى ھوزۇرلىنىپ يېيىشنى خۇدايىم كۆڭلەرنىڭ بىزگىمۇ نېسىپ قىلار، دەپ ئويلاپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتىم. لېكىن يەنە بىردەمدىلا يۈرىكىم چىقىپ كېتەتتى.
دەسلەپ 3 - 4 كۈنگىچە ئۇ ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ ئاپام بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى ئاڭلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەتكەن تامىقىنىڭ ئاپامنىڭ ئاغزىغا تېتىغان ياكى تېتىمىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردى. چىقىپ ماختاپ بەرسەم خۇش بوپ كېتەتتى.
_ قولۇڭ تاتلىقكەن جۇمۇ! مەنمۇ ئېغىز تەگدىم. تەمى ئاغزىمدىلا قالدى. سېنى ئالسام قورساقتىن غەم قىلمىساممۇ بولغۇدەك! ھى ھى . . . _ دېدىم ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ.
_ كىم سىزگە تېگىمەن دەپتۇ؟ _ دېدى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ.
_ تەگمىسەڭ ئېلىپ قاچىمەن شۇ! ھا ھا .....
_ ئاغزىڭىزنى ئۇشۇتمەڭ! _ ئۇ شۇنداق دەپ خۇش بولاتتىيۇ، ئىچ - ئىچىدىن ئېچىلالمايتتى. بەلكىم ئاپامنىڭ دوختۇرخانىغا كىرىپ قېلىشنى ئۆزىدىن كۆرۈۋاتسا كېرەك، يارىسىغا تۇز سەپمەي، دەپ مەنمۇ ئارتۇقچە سوراپ كەتمىدىم. بىر كۈنى ئاپامغا مېۋە ئاقلاپ بېرىۋاتسام ئاپام تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

_ ھېلىقى قىزنىڭ ئىسمى نېمە؟
_ دىلخۇمار!
_ ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشقانتىڭلار؟
_ توردا شۇ. . .
_ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بىلەمدىكەن؟
ئاپامغا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ھەم ھېلىقى كۈنى ئۈرۈمچىدىكى قەھۋەخانىدا ئولتۇرۇپ ماڭا دەپ بەرگەنلىرىنىمۇ سۆزلەپ بەردىم. ئاپام تورۇۋسقا قاراپ «ئۇھ»تارتىپ ئېغىر خىيالغا چۆشۈپ كەتتى ۋە ماڭا قاراپ:
_ ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتەمسىلەر؟ _ دەپ سورىدى.
ئاپامغا مېۋە ئاقلاپ بەرگەچ بۇرۇنقى خۇشاللىق مىنۇتلىرىمىزنى بىرنى قويماي سۆزلەپ بەردىم. ئاپام كۆز يېشى قىلغاچ گەپلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىدى. ھېلىقى مۇنبەرنىڭ گېپى چىققاندا ئاپام كۈلۈپ كەتتى.
_ مەۋھۇم دېسەم مەرھۇم دەيدۇ، دېدىڭما؟
_ ھەئە! ئۇ بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ ئۇ چاغلاردا. لېكىن ھازىر كومپيۇتېرغا مەندىن ئۇستا بولۇپ كەتتىمكىن.
_ لېكىن بالام! ئۈرۈمچىگە بارغان ھەرقانداق قىز بالا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ساڭا بولغان كۆڭلى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىچۇ؟
_ ئۇنداق بولمايدۇ، _ دېدىم مەن ئۆزۈمگە ئىشەنگەن ھالدا، _ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا ساڭا ھەركۈندە تاماق ئېتىپ بەرمەيتتى.
_ نېمە؟ مەن يەۋاتقان تاماقلارنى ئۇ ئەتكەنما؟ _ دېدى ئاپام ھەيران بولۇپ.
ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ - دە، دەۋېتەي بولدى، دەپ ئويلاپ:
_ ھەئە! ئۇ ئۆي ئىشلىرىغىمۇ خېلى پىششىق. تۇرپاندىكى چېغىدىلا بەش ۋاخ نامازنى باشلىۋالغان، _ دېدىم.
ئامالنىڭ بېرىچە ئۇنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئاپامغا چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇناتتىم. ئاپامنىڭ ئۇنىڭ كەچۈرۈۋېتىشنى

ئۈمىد قىلاتتىم.
شۇنىڭدىن كېيىن ئاپامغا دىلخۇمار بىلەن ئۆتكەن بەختلىك مىنۇتلارنى ھارماي سۆزلەپ بېرىدىغان بولدۇم. ئاپاممۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. تولا سۆزلەۋېتىپ تەسرلەندۈرۈۋەتتىممۇ، بىركۈنى ئاپام دىلخۇمارنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىۋاتسام ئارىدىكى جىمجىتلىقتا:
_ ئۇنى بىركۈنى مېنىڭ يېنىمغا ئەكىرا! مەن كۆرۈۋالاي! _ دېدى.
_ راستما ئاپا؟ _ قايتىلا سورىدىم ئاپامدىن.
_ ئېھ!
ئەمدى كۆڭلۈم خېلى تىنجىغاندەك قىلدى. ئاپامغا ئۇنىڭ كۈندە تاماقنى ئەكېلىپ بېرىپ ئۆزى ئىشكىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ گەپلىرىمىزنى تىڭشايدىغانلىقىنىمۇ دەپ بەردىم. ئاپام ئۈنچىقمىدى.
ئاخشىمى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئاپام بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى دەپ بەردىم. ئۆزۈم شۇنداق خۇشال لېكىن ئۇ يەنىلا ئويلىغىنىمدەك ئېچىلىپ كۈلەلمىدى. «دادامنىڭ قوشۇلماسلىقىدىن ئەنسىرەۋاتقان گەپ. ئاپام قوشۇلا دادام ئاپامنىڭ كېسىلىنى دەپ بولسىمۇ قوشۇلىدۇ. . .» دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭغا بېشىغا ياغلىق ئارتىۋېلىشنى، تاماقنى ئۆز قولى بىلەن ئاپامغا بېرىشنى ئېيتتىم، ئۇ دەسلەپ قوشۇلمىدى. خىجىل بولغان بولسا كېرەك، مەن قايتا - قايتا دېگەندىن كېيىن قوشۇلدى.
ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئۇنى دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇردۇم. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ چىرايلىق ياغلىق چىگىلگەن ھالدا يېرىم خۇشال بولۇپ يېرىم خىجىل بولۇپ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىشى تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ شۇچاغدا شۇنچىلىك چىرايلىق بوپ كەتكەنتى. ئېچىمدە«بۇرۇندىن ياغلىق چەگ، دېسەممۇ بوپتىكەن» دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئۇ يېنىمغا كېلىپ ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتىۋېلىپ بېشىنى سىڭايان قىلىپ ئەركىلەپ سورىدى:
_ ياغلىقىم يارىشىپتىمۇ؟

_ ياق! ياراشاپتۇ.

_ چەگمەي دېسەم ئۆزى چەگ، يارىشدۇ، دەپ . . . _ دېدى ئۇ ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ.

_ ما ئۇششۇقنى. . . چاقچاق قىلىپ قويدۇم. شۇنداق يارىشىپتۇ! يۇرە! ئاپام كۆرسە ۋاي كېلىنىم، دەپ ئېسىلىۋالمىسا بولاتتىغۇ!

_ ھى ھى ھى . . .

شۇ چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى قوپال، كەم سۆز مىجەزىمدىن ئەسەرمۇ قالماپتىكەن. مۇھەببەت مېنى ھەقىقەتەن ئۆزگەرتىپتىكەن.

ئۇنىڭ بىلەن ياتاقنىڭ ئالدىدا توختىدۇق. ئىشىكنىڭ ئەينىكىدىن قارىسام ئاپام دېرىزە تەكچىسىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋېتىپتىكەن. مەن كىرگەچ گېلىمنى قىرىپ قويۇپ:

_ ئاپا! دىلخۇمار كەلدى، _ دېدىم ۋە ئۇنى كىرىشكە ئىشارەت قىلدىم.

_ تېنچلىقمۇ چوڭ ئاپا! _ دېدى ئۇ يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

ئاپام:

_ تېنچلىقمۇ؟

ئاپام دىلخۇمارنىڭ ئۈستى - بېشىغا قاراپ بىردەم تۇرۇۋەتتى. «ياقتۇرۇپ قالدى چوقۇم»دەپ ئويلاپ چىرايىمدىن ھېچ كۈلكە كەتمەيتتى.

_ كېلىڭ! بۇيەردە ئولتۇرۇڭ! _ دېدى ئاپام ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ. ئۇ قورۇنۇپقىنا بېرىپ كېسەل كارۋىتىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. . .

دادام بىلەنمۇ ئەپلىشىپ قالغان ئىدۇق. ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپ كەچلىكى بىراقلا كېلىشىنى، ئاپامنىڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى دېدىم. شۇنىڭ بىلەن كۈندە ياتاقتا ئۈچىمىز كۈلكە - چاقچاق ئىچىدە ئولتۇرىدىغان بولدۇق. بەزىدە مەن يوقمۇ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. ئاپاممۇ ئۇنى بۇرۇنقىدەك كەمسىتمەيدىغان بولدى.

بىركۈنى قايناقسۇ ئالغىلى چىقىپ كېتىپ قايتىپ كىرىشىمدە ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم.

_ قىزىم! _ دېدى ئاپام، _ نامازنى باشلىۋالغىنىڭىز ياخشى بوپتۇ. ھازىر يولدىشى ھەتتا بالىسى بار شەھەر ئاياللىرى ئىچىدە ناماز ئوقۇيدىغانلىرى بەك ئاز!

ئۇ:

_ توغرا دەيسىز چوڭ ئاپا! شەھەرلەردە بەك ئاز!

ئاپام:

_ شۇ، شۇ! . . . چېچىڭىزنىچۇ قاراڭ، ئاز - ئازدىن ئۇچىدىن باشلاپ تارىسىڭىز چىگىش بوپ قالغان جايلار ئاغرىتمايدۇ، _ دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

_ ئەتىگەن ئالدىراپ . . .

_ ھە. . . جىگدە يېلىمنى ئاڭلىغانمۇ؟

_ ئاڭلىماپتىكەنمەن.

_ بىزنىڭ ئۆيدە جىگدە يېلىمى بار، مەن غەيرەتجاننىڭ دادىسىغا دەپ قويسام كەچتە ئالغاچ كەلسۇن!

_ بولدى. . . ئاۋارە قىلمايلى. . .

_ ئۇنداق دېمەڭ!

_ . . .

_ چېچىڭىزغا جىگدە يېلىمى ئىشلەتسىڭىز چېچىڭىز پارقىراق، تۈم ھەم قارا بولىدۇ. چېچىڭىزنى باشقا رەڭلەرگە بويىماڭ!

_ ماقۇل. . .

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ قارىسام ئۇ ئاپامغا دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاپام بولسا ئۇنىڭ چېچىنى

ئەستايىدىل تاراۋاتاتتى. «ئايال كىشى ئايال كىشىنىڭ قاياشى» بولىدۇ - دە؟! مانا مېنىڭ ھەقىقىي ئاپام! مېھرىبان، ئەپۇچان ئاپام!

كېيىنچە دادامىۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە قېتىم كۆرۈشتى. ئاپام بىلەن نېمىلارنى دېيىشتىكەن تاڭ!؟ دادامىۇ ئۇنىڭغا خېلىلا ئوبدان مۇئامىلە قىلدى.

شۇ چاغلار ئۆمرۈمدىكى ئەڭ خۇشال چاغلار بولسا كېرەك. مەن ئەنە شۇ چاغدا ئاتا - ئانىنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان، بىر - بىرىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، ياخشى كۆرۈپ قۇرغان ئائىلىنىڭ نەقەدەر بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانتىم. توي قىلغاندىن كېيىنكى كۈنلەرنى ئويلىسام بېشىم كۆككە يېتەتتى. ئەمما ئۇنىڭ دائىم نەمخۇش تۇرىدىغان كۆزلىرىدىنمۇ ئىچىدىكى ھېلىقى غەشلىكنى قىلچىمۇ ھېس قىلماپتىكەنمەن. . .

ئاپام دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان كۈنى ئالىم بىلەن بولغۇسى ئايالى كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن تويى بولىدىغانلىقىنى دەپ مېنى قولداش بوپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ بولغۇسى ئايالىمۇ دىلخۇمارنى قىز قولداش بوپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. چۈشتىن كېيىن ئاپام، دادام، مەن ھەم ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىش تەييارلىقى قىلىۋاتاتتۇق. دىلخۇمار تۇيۇقسىز قاتتىق - قاتتىق بىرنەچچىنى يۆتىلىۋەتتى. ئاپام ئەنسىرەپ:

_ نەچچە كۈندىن بېرى يۆتىلىپلا تۇرىسىز. ھاۋا سوۋۇپ قالغانتى. زۇكام بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە قىزىم؟

_ يا . . .ياق! مەن . . . مۇنداقلا. . . _ دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

_ يۈرە! مەن سېنى تەكشۈرتۈپ باقاي! _ دەپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدىم. ئۇ ھېچ ماڭغىلى ئۇنىمايدۇ. ئۇنى تارتىنىۋاتىدۇ، دەپتىمەن. مەنمۇ جاھىللىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدىم. مەقسىتىم ئاتا - ئانامغا بولغۇسى كېلىنىگە قانداق كۆيىنىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئىدى. ئەمما ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى. ئەزەلدىن گېپىمنى يېرمايدىغانلىقى ئۈچۈن مەنمۇ بەك زورلاپ كېتىشنى لايىق كۆرمەي ئۇنى تەكشۈرتمەيلا قايتتۇق.

ئاپامنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ ئىككىمىز يەنە كوچا ئايلاندۇق. ئۇ گەپ - سۆزدە ئەركىن ئەمەس ئىدى. بۇرۇنقىدەك ئېچىلىپمۇ كۈلمەيتتى. «ئەتە ئىشقا بارىسىز، بالدۇر ئارام ئېلىڭ!» دەپ بارلدۇرلا خوشلىشىپ ئۆيگە كەتتى. مەنمۇ قايتىپ كەلدىم. كۆڭلۈمدە «ئۆزىنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىدىن بىئارام بولۇۋاتسا كېرەك، كېيىنچە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە سوراپمۇ كەتمىگەنتىم. ئەتىسى بىركۈن تېلېفون قىلمىدى. كۆڭلۈم يەنە بىر شۇملۇقنى سېزىپ يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ تورخانىغا كىردىم. قوللىرىم تىترەپ، يۈرەكلىرىم دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى. كوت - كوتنى ئۆزۈن ئىككىلىنىپ ئاچتىم. ئۇ ماڭا سۆز قالدۇرۇپ قويۇپتىكەن. يۈرىكىم تېخىمۇ دۈپۈلدەپ ئۇنىڭدىن كەلگەن خەتنى ئاچتىم. ئاچتىمىۇ ئۆزۈمنى تۇتتۇۋالالماي تولۇلۇۋەتتىم. ئۇ بۇ قېتىم ئىككىلا سۆز قالدۇرۇپ قويغانىدى.

«مەن ئەيدىز»

_ يـــــــــــــــــــــــــــــــــــــــاق!!!!!!!!

************************************************************************************

خاتىمە

كېيىن ئۇنىڭ ئۆيگە بېرىپ قوشنىسىدىن ئۇقۇشۇمچە ئۇ يۇرتىغا قايتىپ بېرىپلا ئاپىسىنى بېقىش ھەم دادىسى ئۈچۈن تۆلىگەن جەرىمانىلىرىنى قەرز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن يەنە شۇنداق يەردە ئىشلەپتۇ. قوشنىلىرى ئۇلارنى «پاسكىنا، رەسۋا، بۇزۇق ئايال . . .» دەپ تۇرغۇزماپتۇ. ھېلىقى بۇرۇنقى خوجايىنى ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭغا پەسكەشلىك قىپتۇ. بەلكىم ئۇ ھېچقىزمۇ ئاللىقاچان قانچىلىك ئۆمرى قالغانلىقىنى بىلىپ بولدى. . . ئۇ تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ بېرىپلا باشقا يۇرتقا كېتىپتۇ ھەم نەگە بارىدىغانلىقىنى ھېچكىمگە دېمەپتۇ.

مەن ئويلاپ قالدىم:

ئۇ پەقەت مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈنلا شۇنچىلىك ئازابلارغا چىداپ ياشاپتىكەن. ھەتتا ھاقارەتلەنسىمۇ چىداپتىكەن.

ئىھ ئاللاھ! مىللىتىمنى ئۇ نىجىس كېسەلدىن يىراق قىلغايسەن!!!

(تۈگىدى)

## غىتمەك ئوغۇللارنى كۆرگەندە. . .




ھەر يۈرتلۈق قىزلار قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا! بىر نەچچە كىيىملىرىدىن ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان «غىتمەكلەر» ھېلى ئۇيانغا ھېلى بۇيانغا ئۆتۈپ قىزلاردىن ئەگىپ كېتەلمىدى. بىر - بىرسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ سەت كۈلۈشۈپ، قاشلىرىنى ھەرخىل ئېتىشلىرىغا، ئاغزىلىرىنى ئىشقىرتىشىغا چىدىمىغان ئۆزۈمچىلىك قىز دوستلىرىغا دېدى:

_ قىزلار، قاچانغىچە دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ يۈرىمىز؟ بۇنداق نىمىلەرگە ئۆزىنىڭ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە قانداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويايلى!

قىزلارمۇ«شۇنداق قىلىدىغان يېرىگە كەلدى، ھە دەپ بەرىسە ئېشىشۋالىدىكەن بۇ لاۋزىلار...» دېيىشىپ باش لىڭشىتىپ ماقۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆزۈمچىلىك قىز دوستلىرىغا:

_ ھەر ئون قەدەمدە بىردىن تۇرۇڭلار، ئەگەر ئالدىڭلارغا كېلىپ غەيرىي گەپ قىلىپ قالسا نەچچە كۈنگىچە كېلىدىن تاماق ئۆتمىگۈدەك گەپتىن بىر - ئىككى ئېغىز دەڭلار، ئىگىمىز بار ئادەم بىز! _ دېدى.

قىزلار ئۆزۈمچىلىك قىزنىڭ دېگىنى بويىچە ھەر ئون قەدەمدە بىردىن تۇردى.

بايىقى لاۋزىلار ئازراق مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن ئارىدىن چىچىنىڭ ئۆزۈنلىقىدىن كۆز - قۇلاقلىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان، قوڭنى قازاندەك چىقىرىپ ئىككى قولنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان بىرى ئالدىغا سەل ئېگىلىپ ئالچاڭشىغىنىچە مېڭىپ خوتەنلىك قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى:

_ ھۆي خان، يالغۇز تۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟ _ دېدى ئۇ سەت ھىجىيىپ.

خوتەنلىك قىز ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي دېدى:

_ ما يول بويىدا ھېچبىر يالغۇز تۇسا بومايتۇ دېگەن خەتنى كۆرمىدىميا؟

غىتمەك شۇ ھىجايغان پېتى قېتىپلا قالدى، بىردەمدىن كېيىن شېرىكلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ سۆزلەپ بېرىۋىدى شېرىكلىرىدىن يوتىلىرىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان قىزىل ئىشتان كىيىۋالغان، چېچىنى قىزىل - سېرىققا بويىۋالغان بىرەيلەن «خوتەنىنىڭ قىزلىرىغا چاقچاق قىلغىلى بولمىغۇدەك»دەپ قەشقەرلىك قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

_ قىزچاق، مۈگلىنىپ تۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟ ئۆزىڭىز يالغۇزما؟

قەشقەرلىك قىز چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي غىتمەككە تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى:

_ ئامال يوق غوجام، ئاپامنىڭ قورسىقىدىن يالغۇز چۈشكەنمەن قايلاڭ، سىلە ئانىناڭلىنىڭ قوسىقىدىن تۆت - بەشىڭلا بىراقلا چۈشكەنما؟

بۇ غىتمەك بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ ئاستىلا كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلىغان پور سېمىز، تاقىرباش، ئىشتىنى بېلىدە تۇرمايدىغان بىرى «قەشقەرنىڭ قىزلىرىغا چاقچاق قىلغىلى بولمىغۇدەك» دەپ ئويلاپ كۈچالىق قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

_ خېنىم، يىگىتىڭىزنى ساقلاۋاتامسىز يا مېنىمۇ؟

كۈچالىق قىز سۈس كۈلۈمسىرەپ:

_ يىگىتىمدىن تاياق يەي دېگەنمىتىڭىز؟ دۈمبىڭىز بەك قىچىشىپ كەتكەن بولسا سەل ساقلاڭ هازىرلا ئۇنىدۇ. ئەركىن چېلىشىش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇۋالاي دېگەنمىتىڭىز؟ _ دېۋىدى پور سېمىز تاز بېشىنى تاتىلىغىنىچە يالغان كۈلۈمسىرەپ ئارقىغا ياندى. پور سېمىزنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ ئىشتىنىدا 10 - 8 دەك يانچۇقى بار ئېگىز، ئورۇقلىقىدىن جىگىرتەككە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرى قارا كۆزەينەكتىن بىرنى تاقاپ سېغىزنى شەكىل چىقىرىپ چاينىغىنىچە غۇلجىلىق قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

_ جېنىم، ئايلىنىپ كېلەمدۇق؟

غۇلجىلىق قىز ئىككىلەنمەيلا دېدى:

_ ئەتىگەننىڭ ياقى ئايلىنىپ مۈشۈ يەرگە كەلگەن.

_ قورساقمۇ ئاچقاندۇ، مېھمان قىلىمەن. تاماق يەپ كەلەمدۇق؟

غۇلجىلىق قىز مەنىستىمىگەندەك كۈلۈۋېتىپ دېدى:

_ مەن ئورۇق گۆشكە بەك ئامراقچۇ قاراڭ، سىزنىمۇ قوشۇپ يەۋەتمەي يەنە...ۋەيــــت!

ئېگىز «غىتمەك» شوراپ تاشلىۋەتكەن كەمپۈتتەك كاسىسلىرىنى ئۈيان - بۇيانغا ئېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ دەردى شېرىكلىرىنى سەل ئويلاندۇرۇپ قويدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئارىسىدىن بويى پاكار، ۋىجىك كەلگەن بىرى تۇرپانلىق قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ زورىغا ھىجىيىپ سورىدى:

_ هوي خان، بەك چىرايلىقكەنسىز جۇمۇ، تونۇشۇپ قالساق قانداق؟ ئوينىتىپ قويىمەن.

تۇرپانلىق قىز كۈلكە ئارىلاش قوپاللا دەۋەتتى:

_ ماڭىسىڭزا ھېي ئۇكەم، كىچىك بالا دېگەن ئۆزىدىن چوڭلاغا چاقچاق قىمايدىغانىمە.

بۇ غىتمەكمۇ يۈزلىرىنى ئۆپكىدەك قىزارتىپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئەڭ ئاخىرىدا بېشىغا شەلپە كىيىپ، بوينىغا گالاستۇك تاقىۋالغان، ئۈچىسىغا، چاقماق ئىشتان، چاقماق كۆڭلەك، پۇتىغا لاتا خەي كىيگەن بىرى زور ئىشەنچ بىلەن ئۈرۈمچىلىك قىزنىڭ ئالدىغا كېلىشىگىلا ئۈرۈمچىلىك قىز نارازى بولغاندەك ئاھاڭدا دېدى:

_ ئوخخخخوووو... ما كوچىدىمۇ ئاپشاركىلار جىقلاپ كېتىپتۇغـــــۇ؟!

بۇ «غىتمەك» ئۈرۈمچىلىك قىزنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالماي سەل ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:

_ يې ئاپپاق قىز، ئايلىنىپ كەلەمدۇق؟

ئۈرۈمچىلىك قىز ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدىن بېشىنىڭ دوقىسىغىچە قارىۋېتىپ سەت ئالىيىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

كەچۈرۈڭ! ئاپشاركا يېتىلەيدىغان خۇيۇم يوق!

ئۇ غىتمەكمۇ تۈكۈرۈكنى يۇتقىنىچە كەينىگە بۇرۇلۇپ شېرىكلىرىنىڭ مۆرىسىدىن يېتىلەپ باشقا ياققا كەتتى. . .

شۇنداق. مەيلى قەيەرلىك بولمىسۇن ئۇيغۇر قىزىلا بولىدىكەن ئۇنداق ئەسلىنى ئۇنۇتقان، غورۇرىنى شەھۋەت پىتلىرى يەپ كەتكەن، ۋىجدانىنى قوڭغا چاپلايدىغان، ئەركەكلەرگە خاس سالاپىتىنى يوقاتقانلارنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدۇ. قىزلارنىڭ ھۆرمەتلەپ بېشىدا كۆتۈرىدىغىنى ھەققىي غورۇرى بىلەن ياشايدىغان، ۋىجدانىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان، كۆز قارىچۇقلىرىدىنمۇ ئەركەكلىك سالاپىتى چاقناپ تۇرىدىغان ...قىسقىسى ھەققىي ئۇيغۇر يىگىتىدۇر. قىزلار ھەققىي ئۇيغۇر قىزىغا خاس سالاپىتى، نازاكىتى، پاك قەلبى ھەم مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ھەققىي گۈزەلدۇر. تاشقى قىياپەت پەقەت بىر شەكىل، خالاس! بەزى يىگىتلىرىمىز ئەخلاقى چىرىكلەشكەن، شەرمي - ھايادىن چەتنىگەن، قەلبى بۇلغانغان. . .«مودا خېنىم»لارنى يالغاندىن قۇرۇق ماختاپ قويۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇمۇرلۇك ھالال جۈپتى قىلىپ تاللىمايدۇ. دېمەك، دىلى بىر، تىلى بىر يىگىتلەر تېخىمۇ شۇنداق.

كۆپىنچە قىزلار بايىقىدەك «غىتمەك»لەرنى كۆرگەندە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ئاچچىق ئىككى ئېغىز گەپ قىلالماسلىقى مۇمكىن، لېكىن بۇ قىزلارنىڭ ئۇلارنى ياقتۇرغانلىقى ئەمەس، ئەلۋەتتە. قىزلار ئاشۇنداق «غىتمەك»لەرنىڭمۇ غورۇرىنى ئايايدىغان بولغاچقا ئۇلار شۇنداق ھەددىدىن ئېشىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە كىم ئامراقكەن ئۇنداق سەت مازلارغا؟ قىزلار! ئۆزىمىزنىڭ پاك مۇھەببىتىنى ھەققىي ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە بېرەيلى. بىزنىڭ نۇرغۇن ئېسىل يىگىتلىرىمىز بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاشۇنداق «غىتمەك»لەر بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىلىپ كەتمىسۇن، يىگىتلىرىمىزنىڭ غورۇرىنى، ۋىجدانىنى قوغدايلى!

يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى قايىل بولۇشتىن باشلىنىدۇ. يىگىتلىرىمىز ئەخلاقىمىزغا قايىل بولغۇدەك، بولسا ئەتراپىمىزدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگىدەك قىزلاردىن بولايلى!

يىگىتلىرىمىزنى يات مىللەتنىڭ غەيرىي كىيىم كىيىدىغان ئايال چولپانلىرىغا كۆيۈپ قېلىشتىن توسايلى، كۆيسە بىزنىڭ ئەخلاقىمىزغا، ئۆزۈن سۇمبۇل چاچلىرىمىزغا، قاپقارا قاشلىرىمىزغا، مۇلايىملىقىمىزغا كۆيسۇن! شېئىر - قوشاقلارنى توقۇسۇن تازا! يىگىتلەرنىڭ بىز قىزلارنى ئاسرىشى، بىزگە كۆڭۈل بۆلۈشى، بىزنى قوغدىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزدە يىگىتلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكۈدەك ھەققىي ئۇيغۇر قىزى بولايلى!

## دېكابىردىكى قار(ھېكايە)




نەۋرە ئاكام قولۇمغا بىلورۇسىيە دۆلەتلىك مىللىي سەنئەت  ئۆمىكىنىڭ ئويۇن بېلىتىنى تۇتقۇزغاندا شۇنچىلىك خوشال بولدۇمكى، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

--ئالىم ئاكا ، سەن بەك ياخشى جۇمۇ!.--دېدىم ئۇنىڭ قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.(داۋامى بار)

--ۋاي خۇدايىم، كۆن نەدىن چىقتى؟ ئاكا، دەپ كەتكىنىنى، سەن تۇغۇلغىنىڭدىن بۇيان قاچان مېنى ئاكا، دەپ باققان؟ تېخى بەك ياخشىمىشمەن. ۋاي تەمەخور، ساڭا بىر نەرسە بېرىپ تۇرسا ياخشىكەندە!

--ھا ھا، ئاكا، دېگىنىمنى ئاڭلىغۇڭ بولسا مۇشۇنداق سوۋغىلارنى پات-پات بېرىپ تۇر.

--ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سازى چاڭ ئىكەن، شۇڭا ئوقۇتقۇچۇم بېرىپ كۆرۈپ كەل، دەپ بىلەتتىن ئۇچنى بەرگەن ئىدى. سېنى چوقۇم بەك ياقتۇرىدۇ، دەپ بىرنى ئالغاچ كەلگەنتىم، قارا ئويلىغىنىمدىنمۇ بەكرەك خوشال بولۇپ كەتكىنىڭنى.

--ئەمىسە يەنە بىرىنى كىمگە بەردىڭ؟

--كىمگە بولاتتى؟ پاتىمەگە بەردىم.

پاتىمەنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ خۇيۇم تۇتۇپ قالدى، پاتىمە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان بىز بىلەن يۇرتداش قىز ئىدى، نەۋرە ئاكامنىڭ ئۇ قىزنى قوغلىشىپ يۈرگىنىگە خېلى ئۇزۇن بولغان ئىدى، بىلىشىمچە مەركىزىي مۇزىكا ئىنىستىتۇتىغا ماگىستىرلىققا ئوقۇشقا كېلىشىمۇ شۇ قىز ئۈچۈن ئىدى، لېكىن ئۇ قىز يا ئۇنى رەت

قىلىۋەتمەي، يا ماقۇللۇق بەرمەي كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى. سەنئەتچىلەر بىلەن شۇنچىلىك خوشۇم يوقلىقىغا قارىماي بۇ ئاكامنى تولىمۇ ياقتۇراتتىم، ئۇ تولىمۇ ئاقكۆڭۈل يىگىت ئىدى.

--بولدى قىلغىنا ئاكا، سىنىڭ ياخشىلىقىڭدا ئۇ قىزدىن نەچچە ھەسسە ياخشى قىزلار چىقمامدۇ ساڭا؟ نېمانچە قىلىپ كېتىسەنكىن.

--كۆڭۈل، دېگەن شۇنداق نەرسە ئىكەن، قانداق قىلسەن، شۇنچە يىل تارتىشىپتىمەن، ئۇنىڭدىن باشقىغا قارىغۇمىمۇ كەلمەيدۇ. بولدىلا، بۇ گەپنى قىلىشمايلى، ئەمسە شەنبە كۈنى كەچتە تيەنئەنمېندا كۆرۈشەيلى، ئاپپارات ئېلىۋالىمەن، سەن بىلەن بىرنەچچە پارچە رەسىمگە چۈشۈۋالاي.

--مەن بىلەنمۇ يا؟--بىر كۆزۈمنى قىسىپ كۈلۈپ قويدۇم.

--شەيتان قىز، ھەر ئىككىلىڭلار بىلەن، بولامدۇ يا؟

--چاتاق يوق، ئاكام بىلەن چۈشمىگەن رەسىمگە كىم بىلەن چۈشەتتىم.

شۇ كۈنى كەچتە قولۇمدىكى بىلەتنى چىڭ سىقىمداپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدىم، ياتاقتىكى قىزلارنىڭ قىزىقارلىق پاراڭلىرى ۋە يەتتە ئالەمنىڭ ھەممە يېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەيۋەتلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. پەقەت شەنبە كەچتىكى ئويۇننىلا ئويلايتتىم.

ھەش-پەش دېگۈچە شەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى، سائەت ئالتە بولمايلا قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغان ئىدى، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى چىراقلار ئەتراپنى ناھايىتى چىرايلىق تۈسكە كىرگۈزگەن ئىدى، ئۈچىمىز خەلق سارىيى، تيەنئەنمېن، قەھرىمانلار مۇنبىرى دېگەن جايلارنىڭ ئالدىدا رەسىمگە چۈشتۇق، سائەت يەتتىگە ئون بەش مىنۇت قالغاندا تيەنئەنمېن يېنىدىكى جوڭشەن باغچىسى ئىچىگە جايلاشقان جوڭشەن مۇزىكا سارىيىغا كەلدۇق. گەرچە بۇ مۇزىكا سارىيى بەك ئىلغار مۇزىكا سارايلىرىدىن بولمىسىمۇ، خېلىلا ھەشەمەتلىك ئىدى، ناھايىتى تەقەززالىق بىلەن ئويۇننى كۈتتۇۋاتاتتىم. بىرىنچى بولۇپ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشىلاردىن بولغان «خوشلىشىدىغان ۋاقىت كەلدى» دېگەن ناخشا ئورۇنلاندى. ناخشىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ئىچىگە سىڭىپلا كەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئاۋازلىق ناخشىلار ئورۇنلاندى، شۇنچىلىك ھۇزۇرلاندىمكى، يېنىمدىكى ئىككىسىنىڭ پاراڭلىرىغا قېتىلىپمۇ قويمىدىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن مۇزىكىدىن بەھر ئالماقتا ئىدىم. ئەڭ ئاخىرىدا «چوغلۇق قىز» ئوپېراسىدىكى ئەڭ داڭلىق ناخشا پارچە بولغان «مەي ناخشىسى» ئورۇنلاندى، ئەر-ئايال ناخشىچىلار بۇ ناخشىنى شۇنچىلىك ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتتىكى، ناخشا تۈگىگەندە ئۆزۈمنىڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنمى ئۆزەممۇ سەزمەي قاپتىمەن. مەن ئۆمرۈمدە راسلا بۇنداق يېقىملىق ناخشا ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم.

زالدىن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا يېپ چىقتىم. سىرتتا لەپىلدە قار يېغىۋاتاتتى، سۆڭەكلەردىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامال ھۇشقىيتىپ تۇراتتى.

--ئاكا، سىلەر قايتىۋېرىڭلار، مەن ئۆزۈم تاكسى توسۇپ قايتىمەن.—دېدىم ئۇلارغا قاراپ،--ئەنسىرىمەڭلار، ساق-سالامەت بارالايمەن. بىرىنچى قېتىم بۇنداق كەچ قېلىشىم ئەمەسقۇ!

--ياق، بۇ كەچتە سېنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويسام قانداق خاتىرجەم بولىمەن؟ مۇنداق بولسۇن، ئاۋۋال كوچا ئاپتوبۇس بىلەن مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ پاتمەنى ئەكىرىپ قويايلى، ئاندىن سېنى مەكتىپىڭگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتاي، بولامدۇ؟

--ئۇنىڭغىچە بىزنىڭ ياتاقنى تاقىۋېتىدۇ ئاكا...

--ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،--سۆزۈمنىڭ ئاخىرى تۈگىمەستىنلا كەينىمدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم. ئەلۋەتتە بۇنداق سوغۇق كېچىدە، تيەنئەنمېن مەيدانىدا بۇنداق چىرايلىق سالامنى ئاڭلاش ئاسان ئەمەستە!

كەينىمدە ئېگىز بويلۇق، تولىمۇ قاملاشقان بىر يىگىت بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. كەچۇرۇڭلار، قاملاشقان، دېگەن سۆزۈمگە چۆشەندۈرۈش بېرىشىم كېرەك، مەكتىپىمىزنىڭ يېنىدىلا بېيجىڭ تىل مەدەنىيىتى ئۇنىۋېرسىتېتى بار ئىدى، ئۇ مەكتەپتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەنلەر خەنزۇتىلىدا تەييارلىقتا ئوقۇيتتى. شۇ يەردە ماڭا ھەممىدىن ئۆتتۈرا ئاسيادىن كەلگەنلەر چىرايلىق كۆرۈنەتتى، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ يىگىتلىرى قاملاشقان كۆرۈنەتتى، بولۇپمۇ ئۆزبېكستانلىق يىگىتلەر. ئالدىمدا تۇرغان يىگىت دەل شۇ ئۆزبېك يىگىتلەرگە ئوخشايتتى. خىيال دېگەن ئاجايىپ يۈگۈرۈك نەرسە ھە! ئۇ يىگىتكە قارىغان بىر دەقىقە ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاپ ئۇ يىگىتكە كۆڭلۈمدە باھا بېرىپمۇ ئۈلگۈردۇم.

--سىلەر ئۇيغۇرمۇ؟--دېدى ئۇ يىگىت بىز سالامغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە تىرىشىپ.

--شۇنداق، بىز ئۇيغۇر، شىنجاڭدىن.

--ئەلھەمدۇلىللا، سىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىم بەك ياخشى بولدى. مەن ئۆزبېكستاندىن، ئۇيغۇر، ئىسمىم مۇرات، ھازىر بېيجىڭ ئاۋىئاتسىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتىمەن، جوڭگوغا كېلىپ سىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بەك خوش بولىۋاتىمەن.

--ياخشىمۇسىز، مېنىڭ ئىسمىم ئالىم، بۇ قىزنىڭ ئىسمى پاتمە، بۇ مېنىڭ نەۋرە سىڭلىم، ئىسمى دىلارە،--دېدى نەۋرە ئاكام بىزنى تونۇشتۇرۇپ.

--دىلارە، ئىسمىڭىز بەك چىرايلىقكەن،--دېدى ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان كىچىككىنە ئۇچقۇن خۇددى پۈتۈن بەدىنىمنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغاندەك بولدۇم-دە، ۋىللىدە قىزارغىنىمچە يەرگە قارىۋالدىم.

--سىلەرمۇ ئوقۇمسىلەر؟

--مەن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا مۇزىكا كەسپىدە ئوقۇغان، چاڭ چالىمەن، چاڭنى بىلسىزغۇ ھە؟ بۈگۈنكى مۇشۇ ئويۇندا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چالىدىغان ھېلىقى ساز بارغۇ،--نەۋرە ئاكام چاڭ چالغاننى دوراپ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى،--مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغىلى كەلدىم. بۇ قىز مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈرك تىلى تەتقىقاتىدا ئوقۇيدۇ، نەۋرە سىڭلىم مېتاللورگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ.

--ئوھوي، مەكتەپلىرىمىز يېقىنكەنغۇ؟--ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم، نېمە ئۈچۈندۇر بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىۋاتاتتىم.

--ئاكا، مەن ئەمدى قايتمىسام بىزنىڭ بىنانى تاقىۋېتىدۇ. مەن ماڭغاچ تۇراي ئەمسە.

--يالغۇز ماڭامسىز؟ ئىككىمىز بىللە كېتەيلى، سىزنى ياتىقىڭىزغا ئاپىرىپ قوياي. قىز بالا بۇ كەچتە يالغۇز ماڭسا ياخشى بولماس.

قارىغاندا بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوقتەكمۇ قىلاتتى. ئۇلار ئىككىسى بىلەن خوشلىشىپ تاكسىغا چىقتۇق. قار يول بويىدىكى ئارچا دەرەخلىرىگە چۈشۈپ بېيجىڭنى كوچىلىرىنى تولىمۇ چىرايلىق تۈسكە كىرگۈزگەن ئىدى.